# ئۇسسۇل يۇلتۇزلىرى

( ئەدەبىي توپلام )

خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل -
ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزۈپ
نەشر قىلدى

1989

مەسئۇل مۇھەررىر:

ئابدۇللا سۇلايمان

مۇختار سۇپۇرگى

مۇھەررىرلەر:

ئابدۇللا سۇلايمان

مۇختار سۇپۇرگى

ئەركىن داۋۇت

ئابلىمىت سەمەت

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

„ئۈمىد يۇلتۇزلىرى“ — مەكتىپىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ

١٠ يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئەدەبىي توپلام.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ كىتابچىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن ئالقىشلايمەن.

كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ يۆنىلىشى بويىچە ئەمەلىيەتتىن تېخىمۇ ئۆگىنىپ، ئەمەلىي نەتىجىلەرنى نامايان قىلالىشى، مەكتىپىمىزدە 2-دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.


„ئۈمىد يۇلتۇزلىرى“ مەكتىپىمىزنىڭ ١٠ يىللىق مۇسابىقىسىدىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

مەن، تىل - ئەدەبىيات پائالىيىتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە رەھبەرلەرنىڭ بۇ كىتاب ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن قاتناشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن.


„ئۈمىد يۇلتۇزلىرى“نىڭ تېخىمۇ يارقىن چاقنىشىغا تىلەكداشمەن.

ئابدۇللا تۇرسۇن

1989-يىل ١. ئۆكتەبىر



△ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئىمىن راشىدىن، مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللا سۇلايمان «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» كىتابىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرمەكتە.



△ تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى تەھرىرلەر ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكتە.

# مۇندەرىجە


| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆمىد يۇلتۇزلىرىدا ئۆمىد زور | (ماقالە) | ئابدۇللا سۇلايمان | 1 |
| پېتمەس نەپەسلەر | (شېئىرلار) | مۇختار سۇپۇرگى | 4 |
| ئارمانلىرىم تولدى ئالەمگە | ( " " ) | قەدىردىن قادىر | 8 |
| دەركىم ياشار ھەركۈيدا | ( " " ) | داۋۇت مەتنىياز | 10 |
| ھايات تۇيغۇلىرى | ( " " ) | نەشپەت ئۆمەر | 11 |
| ئىككى ھېكايە | (ھېكايە) | مۇھەممەتجان مەتسەيدى | 14 |
| كۈتۈلمىگەن تەقدىر | ( " " ) | مەترۇزى ئىمىن | 22 |
| بۈلدۈقلايدۇ خىياللىرىم بۇلاقتەك | (شېئىرلار) | ئەركىن داۋۇت | 31 |
| يۈرۈككا شتىن دولانغىچە | ( " " ) | تۇردى نىياز | 35 |
| مىسرالىرىم مۇھەببەتكە ھامىلدار | ( " " ) | سادىقجان قۇربان | 37 |
| خىيالچان كېچىلەر | (ھېكايە) | ئابباس مونىياز | 39 |
| نەسىرلەر | (نەسىر) | ئېزىز نىياز | 48 |
| خوتەندە يېزىلغان شېئىرلار | (شېئىرلار) | ئابدۇرېھىم زۇنۇن | 52 |
| سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى | ( " " ) | ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر | 57 |
| ياشلىقتا جۇش ئۇرار ئىجتىھات قېنى | ( " " ) | كۆرەشچان ئۆمەر | 59 |
| سۆيگۈ ئارمانلىرى | ( " " ) | تۇرسۇنجان قاسىم | 61 |
| ئىككى ھېكايە | (ھېكايە) | مەتكېرىم ئىسمايىل | 63 |
| بەربات بولغان «ياخشى» چارە | ( " " ) | ئىلھام ئابدۇرېھىم | 70 |
| جۇلجۇل چاپاندا ئىسسىغان بەدەن | (ھېكايە) | ئالىمجان ئابدۇراخمان | 78 |
| غورا بولدى خىياللىرىم چېچەكلىرى | (شېئىرلار) | ئابدۇلھەمىت سەمەت | 82 |
| قايناق سۆيگۈلەر | ( " " ) | مۇھەممەتجان مۇلۇك | 86 |
| تەڭكەشتۇر يۈرەكلەر باھاركۈيىگە | ( " " ) | ئادىل ئابدۇرېھىم | 87 |
| شېئىرلار | ( " " ) | يالقۇن ياقۇپ | 88 |
| شېئىرلار | ( " " ) | ھۆسەيىن ئەسئەت | 89 |
| بۇلاق ساداسى | (ھېكايە) | ئەركىن مەتتۇرسۇن | 91 |
| ئىككى ھېكايە | ( " " ) | ئابدۇللا جامال | 96 |
| يېڭىلىنىش | ( " " ) | جېلىل مۇھەممەت | 99 |
| تاغ باغرىدىكى گۈلزارلىق | (ئەدەبىي خاتىرە) | ئالتۇنگۈل مۇھەممەتكېرىم | 100 |

## ئۈمىد يۇلتۇزلىرى


دولقۇنلا يۈرۈگتاش دەرياسى ...... (نەسىر) ...... تاھىرجان رەجەپ 102
قەلبىم مېنىڭ گۈزەل بىر باھار ...... (شېئىرلار) ...... رىزۋانگۈل ھۆسەيىن 103
ئىككى شېئىر ...... ( " " ) مۇھەممەتئىمىن مۇھەممەتتۇرسۇن 106
شېئىرلار ...... ( " " ) ...... ئېزىز ئابدۇللا 107
تەۋەرۈك كەتمەن ...... ( " " ) ...... ئابدۇغېنى قۇربانىياز 107
ئىككى شېئىر ...... ( " " ) ...... رازىگۈل مۇھەممەتئىمىن 108
شېئىرلار ...... ( " " ) ...... تۇرغۇن مۇھەممەتتىيىت 109
شېئىرلار ...... ( " " ) ...... ئابدۇرۇسۇل تۇنىياز 110
ھاكىمنىڭ ئەسلىمىسى ...... (ھېكايە) ...... غالىپجان ئوسمان 111
سالام گۈل زېمىن ...... (نەسىر) ...... ئامىنىگۈل مۇھەممەت 116
شام ...... ( " " ) ...... گۈزەلنۇر ماخمۇت 116
كېچىكىپ چۈشەنگەن قەلب ...... (ھېكايە) ...... ئەستەر ھوشۇر 117
ئىككى نەسىر ...... (نەسىر) ...... ماخمۇت قادىر 121
ياشلىقىمىكى ياشانغان ھېسلار ...... (شېئىرلار) ...... مۇھەممەت سالىم 122
يامغۇر ...... ( " " ) ...... ئەركىن ئىسرائىل 125
...غا ...... ( " " ) ...... مۇھەممەتتۇرسۇن نىياز 125
سۆيگۈم گۇناھمۇ ...... ( " " ) ...... ھەسەنجان تەۋەككۈل 125
تۈن كېچىدە ياڭرىغان ناخشا ...... ( " " ) ...... تۇرخان بارات 125
قۇياش ۋە مايسا ...... (شېئىرلار ۋە نەسىرلەر) ...... دولقۇن ياسىن 127
يېڭىچە سودا ...... (ھېكايە) ...... گۈلبوستان مەمتىمىن 131
ئەمدى يىغلىمايمەن ...... ( " " ) ...... رىزۋانگۈل ھوشۇر 133
دادا، مەن ئوقۇيمەن ...... (نەسىر) ...... ئابدۇن زۇبدۇن 134
ئەتىرگۈل ...... ( " " ) ...... روشەنگۈل ئەھمەت 135
ئانا مېھرى ...... ( " " ) ...... مەريەم بەكرى 136
ئۈچ شېئىر ...... (شېئىر) ...... مەتتۇردى مىرزەخمەت 137
شېئىرلار ۋە نەسىرلەر ...... پەرھات ئىسلام 140
كەچۈر ئوغلۇم ...... (ھېكايە) ...... قەييۇم توختى 142
سۆيگۈ چېقانلىرى ...... (شېئىرلار) ...... جۈرئەت نۇرۇللا 145
كېلۈر ...... ( " " ) ...... بۇنىياز مۇھەممەتقۇربان 148
ۋەتەنگە مۇھەببەت ...... ( " " ) ...... توختى قادىر 148
ئۇستازىمغا ...... ( " " ) ...... مەتتۇردى مەمتىمىن 149
پارچىلار ...... ( " " ) ...... تۇرغۇن داۋۇت 149
مەرھابا يېڭى يىل ...... ( " " ) ...... ئازادگۈل رۇستەم 149


ئۈمىد يۇلتۇزلىرى

ئاھ، بۇقالداق كۆزيېشىدۇ ........ ( ھېكايە ) ........ ئالتۇنگۈل رەجەپ 150

ئىككى شېئىر ........ ( شېئىر ) ........ ئابلىكىم ئابدۇراخمان 156

ئىككى شېئىر ........ ( " " ) ........ تۇرات سۇلتانبېك 156

ئىككى شېئىر ........ ( " " ) ........ خاسىيەت مەمتىمىن 157

ۋەتەن قىزى بولىمەن ........ ( " " ) ........ غۇنچەم روزى 157

رۇبائىلار ........ ( " " ) ........ كامالىدىن قۇتبىدىن 157

ئىككى ھېكايە ........ تۇرسۇنتوختى سۇلايمان 158

مۇھەببىتىم ئۆچمەس بىريالقۇن ...... (شېئىرلار) ........ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 162

شېئىرلار ۋە نەسىرلەر ........ توختىنىياز تۇرسۇن 164

مەن ياشايمەن، سۆيگۈمەنزىلىم ........ (شېئىرلار) ........ ئوسمانجان دۆلەت 169

ھەممە مىللەت ئىتتىپاق ........ ( " " ) ........ مامۇتجان قاسىم 171

ئۆزەك خۇشال، بىراق ئەل ........ ( " " ) ........ شايىپ ئابدۇسالام 172

شېئىرلار ........ ئەسقەر ئازاد 172

گۈل ۋە گۈزەللىك ........ ( نەسىر ) ........ باتۇر داۋۇت 173

ھۆرلۇك قۇربانى ........ ( باللادا ) ........ ھېسامىدىن ئۆمەر 174

ئىككى شېئىر ........ ( شېئىر ) ........ دىلمۇرات زۇنۇن 181

كەچۈر ئىنىم ........ ( نەسىر ) ........ ئابىدە تۇرسۇن 181

تۈننىسپىدە يازغان مىسرالار ........ (شېئىرلار) ........ تۇرسۇن ھامۇت 183

ئىككى شېئىر ........ ئابدۇخەبەر ياسىن 185

سالام ئانا ........ ( نەسىر ) ........ ئاسىيە داۋۇت 185

قايتقان ئازاب ........ ( شېئىر ) ........ قاھار ئەھمەت 186

بىرشېئىر، بىرھېكايە ........ ۋارىسجان تۇردى 187

گېزىت پارچىسى ........ ( ھېكايە ) ........ ھۆسنىجان مامۇت 187

ئىككى شېئىر ........ ئادىل مۇھەممەتئىمىن 188

ئىككى شېئىر ........ ئەمەتجان ساۋۇت 189

چاڭقاق تۇيغۇلار ........ ( شېئىر ) ........ ئېزىز ئايۇپ 189

بىركۇپلىتلىق شېئىرلار ........ ئىبراھىمجان ھېزىم 190

ئاھ، نەس باسقان ھاراق ........ ( ھېكايە ) ........ مۇختەر مۇھەممەت 191

كۆردى ........ ( " " ) ........ ئەمەت قاسىم 194

ئىمان ۋە ئىنساپ ........ ( " " ) ........ ياسىنجان ماخسۇر 195

باھارغا ئىنتىزار، ئوتلۇق يۈرەكلەر ... (شېئىرلار) ........ تۇنىسەگۈل ھامۇت 199

ئانام ........ ( " " ) ........ ئايگۈل ۋاھىت 200

قارارىم ........ ( " " ) ........ ئاتىكەم ئەھمەت 200

ھەقىقەت ئەينىكى ............ ( شېئىر ) ...... مۇھەممەد ئىبراھىم توختى 200
يۇرت ئىلھامى ............ ( 〃 〃 ) ............ مەخمۇت يالقۇپ 201
گۈل ئىشقى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئامانگۈل ياقۇپ 201
كۆڭلۈمگە ............ ( 〃 〃 ) ............ گۆھەرنىسا قادىر 202
چۈشۈپ كەتتى ............ ( 〃 〃 ) ............ رەشىدە ئابدۇللا 202
ئىناق خوشنىلار ............ ( ھېكايە ) ............ ئاقچى ئىمىن 203
سىر ............ ( نەسىر ) ............ ئاسىيگۈل ئابدۇللا 204
خوتەن مەنزىرىسى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئەسقەرجان ئابدۇللا 206
باھار پەيزى ............ ( شېئىر ) ............ ئەنۋەر ئەيسا 207
يېڭىلىنىش ............ ( 〃 〃 ) ...... ئابدۇرازاق ئابدۇخالىق 207
ئۇستازىمغا ............ ( 〃 〃 ) ............ ئىسمايىل مۇھەممەت 208
مەكتىپىم ............ ( 〃 〃 ) ............ زاكىر مەتنىياز 208
مەن ئوخشايمەن چېچەككە ............ ( 〃 〃 ) ............ ئەخمەت ئابدۇللا 208
خوتەن دەرياسى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئەنۋەر مەمتىمىن 209
تۇيغۇمىزغا مۇبارەك ............ ( شېئىر ) ............ مامۇتجان ئەخمەت 209
باھار سۆيى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇغېنى توقى 209
شېئىرلار ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇكېرىم ئەمەت 210
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىمسەن ... ( 〃 〃 ) ............ ئىمىن ئەمرۇللا 211
سوغۇققىلىدىكى باھار ............ ( 〃 〃 ) ............ دولقۇنجان تۇرسۇننىياز 213
ئىككى يۇرت ئىشقى ............ ( 〃 〃 ) ............ تۆمۈر ئەزىز 214
ئىككى شېئىر ............ ( 〃 〃 ) ............ ئىزىز بارات 215
ئاھ بىچارە دادا ............ ( 〃 〃 ) ............ جېلىل مىرئەمەت 215
گۈل ماكان ............ ( نەسىر ) ............ روزىتوختى تۇردى 216


ئۈمىد يۇلتۇزلىرى

# «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» دا ئۈمىد نۇر

ئابدۇللا سۇلايمان

1979‑يىلى ئۆكتەبىردە قەدىمىي يىپەك يۇرتى خوتەن بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلۈپ، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىدە دۇنياغا كەلگەن بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى — «خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى» نىڭ قۇرۇلۇش تويىنى ئوينىغانىدى.

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 35 يىل توشقان بۇ خاسىيەتلىك بايرام كۈنلىرىدە، مەكتىپىمىزمۇ ئون ياشقا كىردى.

گىلەم-ئەتلەس ماكانى — قاشتېشى يۇرتىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا قوش توي سالىيوتلىرىدىن كېيىنلا بىر تۈركۈم يۇلتۇزلار چاقنىدى. بۇ يۇلتۇزلار، جامائەتچىلىك تەرىپىدىن «يىپەك يۇرتىدىكى يېشىل مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان مەكتىپىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق ياش بوغۇنلىرى ئىدى.

ئۇلار ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مەكتىپىمىزگە كەلگەن، كەتكەن ۋە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان مەرىپەت تەشنالىرى ئىدى.

مەكتىپىمىز ئۆزىنىڭ ئون يىللىق تويىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇلارغا «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» سورۇنى تەييارلاپ بېرىپ، ياش بوغۇنلارنىڭ مەنىۋىي مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە يەرمەنكە قىلدى.

ئون يىللىق ئىسلاھات ئېلىمىزدە ئىدىيىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى. ئوخشاشلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە ئىجادىي كۈچ بەخش ئەتتى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى بولۇپمۇ بېيجىڭدە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئېچىلغان 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارارلىرى ئىسلاھاتنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى سىياسىي جەھەتتىن تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مەكتىپىمىز جۈملىدىن تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ساغلام ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قاتار نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئون يىلدىن بۇيان فاكۇلتېتىمىزغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى، دەرسخانا بىلەن سىرتتىكى بىلىم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاساسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن ئاساسىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ،

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدە تايانچ كۈچلەر ئىكەنلىكىنى جاپالىق ئەجرى بىلەن ئىسپاتلىدى.

«ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» ناملىق بۇ ئەدەبىي توپلامغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئەنە شۇلارنىڭ ئازغىنە بىر تۈركۈمىدۇر.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى ئۆمەر ھەييام:

ياشلىقتا بىز شاگىرت، باشقىلار ئۇستات،
كېيىن ئۇستات بولۇپ دىلنى قىلدۇق شات.

دەپ ئېيتقىنىدەك، تېخى تۈنۈگۈنلا بىزنىڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئىدى. بۈگۈن دەرس مۇنبىرىدە باشقىلارغا ئىلىم ئۆگەتمەكتە.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى ناسىر خىسراۋنىڭ:

كىمكى شاگىرتلىققا چىن دىلىدىن شات،
بىر كۈنى ئۆزىمۇ بولغۇسى ئۇستات.

دەپ يازغىنىدەك، بۈگۈن بىزنىڭ تالەپچان شاگىرتلىرىمىزدۇر. بۇلار «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىغا، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىق تويىغا، مەكتىپىمىزنىڭ مۇبارەك ئون يېشىغا بىر دەستىدىن گۈل تىزدى.

فاكۇلتېتىمىز ئون يىلدىن بۇيان مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەزەرىيە ئوقۇتۇشى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ئارقىلىق مەشق ھالقىلىرىنى كۆپەيتىش، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق چارە-تەدبىرلەر خېلىلا زور ئۈنۈم بەردى. ھەر بىر قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىز «جەمئىيەت تەكشۈرۈش» ئەمەلىيىتىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ سىناق ئېتىزى قىلىندى. ھازىرغىچە 12 سان «جەمئىيەتنى ئۆگىنىش» گېزىتى چىقىرىلدى. يەتتە قېتىم «ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، باھالاش، مۇكاپاتلاش» پائالىيىتى، ئالتە قېتىم كەسپىي پەنلەر بويىچە «زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئېلىپ بېرىلدى. «يۇرۇقلاش دولقۇنلىرى» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ نام بىلەن پەسىللىك گېزىتىنىڭ چىقىرىلىشى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ساغلام بولغان ئىككىنچى دەرسخانا سورۇنى بىلەن تەمىنلىدى. «قوي بورداش» قا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىتنى تەلەپ قىلىدىغان، نەتىجە كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمگەكلەر ئاخىرى «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» باغچىسىدا مول مېۋە بەردى. ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى بىزنى ئەلۋەتتە خۇشال قىلىدۇ. بىز ئەخلاقىي جەھەتتە ساغلام، نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان تالەپچان شاگىرتلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز.

قۇمۇل بوستانلىقىدىن باش ئەگىم ئېتەكلىرىگىچە، تاشقۇرغان ئېگىزلىكىدىن نىيە-چەر-چەن يايلاقلىرىغىچە تارقالغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە بىلىم ئېلىۋاتقان شاگىرتلىرىمىز-نىڭ جاپالىق ئىجادىيەت مەشقلىرى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىنغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، ئەدەبىياتى-مىزنىڭ بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ئىز باسارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا ھېسسىياتى، چۈچۈك تىلى ئارقىلىق ھاياتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئىلىم- مەرىپەتنى، ئىلىم ئىزگە ئىلگۈچى ئۇ-ستازلارنى، ۋەتەننى، خەلقىنى، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى زوق- شوق بىلەن كۈيلىدى. نادانلىققا، ساختىلىققا، بيۇروكراتلىققا، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا كۈچلۈك ئوت ئاچتى. ئۇلار بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئاتاقلىق شائىر سەئىدىي شېرازىنىڭ :

ئېرىشىپ ئوقۇساڭ — بىلىمدانىسەن،    نە ئالىم ۋە نە دانادۇر بىشەك،
ئەگەر ئەمەل قىلمىدىڭ، نادانسەن.    ئۇ مېڭىسىز نەدىن تاپىدۇ خەۋەر،
ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك —    ئۈستىدە ئوتۇنمۇ يا كىتاب-دەپتەر؟

دېگەن تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىدىكى دالالەتلەرگە ئەمەل قىلىپ، بىلىم ئېلىش بىلەن بى-لىمنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرۇشنى، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئوقۇغانلىرىنى ئىشلە-تىشنى بىلدى ياكى بىلىش يولىدا ئىزدەندى.

«ئۈمىد يۇلتۇزلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن مۇتلەق كۆپ ئەسەرلەر تېخى ئىجادىيەت مەشقى ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەكلىرى بولغاچقا يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئەسەرلەر ئاپ-تورلىرىنىڭ بىر قىسمى خېلى بۇرۇنلا مەشق قىلىشنى باشلاپ، بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى بىر، ئىككى پارچە مەشق ئەسەرلىرى بىلەنلا قەلە-منى تاشلاپ قويغان سەۋەبلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلارنىڭ سۈپىتىدە خاملىق بار. بۇ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى بولغاچقا، خۇد-دى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا ئوخشاش كەڭ جامائەتچىلىكمۇ بۇلاردىكى نۇقسانلارنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ.

«ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» مەكتىپىمىز، جۈملىدىن فاكۇلتېتىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئوقۇتۇش مۇساپىسىدىكى ئۆچمەس بىر ئىز بولۇپ قالىدۇ. ئىشىنىمىزكى «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى»دا ئۈمىد زور.

كىتاب مۇقەددىمىسى ئورنىدا يازغان بۇ بايانلىرىمنى ئابدۇراخمان جامىينىڭ،

تەلەپ گىرداۋى كەڭ، دەم بەكمۇ يىراق،    شۇنچە ئالدىرا، چارچاشنى ئۇنۇتما.
ئىلىم دەرياسىمۇ چوڭقۇر بى قىرغاق.    غەيرەت قىل، بىلىۋېلىشقا تىرىش،
تاپقىنىڭغا ئەسلا قانائەت قىلما،    بىلىپ ئال-دە، كېيىن راست ئىشقا كىرىش.

دېگەن نەسىھىتى بىلەن تاماملايمەن.

1989-يىل سېنتەبىر، خوتەن — شورباغ.



يولداش مۇختار سۇپۇرگى 1962-يىلى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال (ھازىرقى چاغىراق) يېزىسىدا تۇغۇلغان.

1980-يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984-يىلدىن بۇيان ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئاپتور 1981-يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ۋەتەنگە مۇھەببەت» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىغا يېقىن ھەرخىل ھېكايە، شېئىر، مەسەل، داستانلىرى ئېلان قىلىندى. 1986-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «توي تەنتەنىسى»، خوتەن ۋىلايىتى تۈزگەن «يۈرۈڭقاش شادلىقى» ناملىق توپلاملارغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئاپتور، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «سۆيگۈ ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

# پۈتمەس نەپەسلەر

## مۇختار سۇپۇرگى

### ئاتا

ئۇش پاختىدەك ئاتىرىپتۇ ساقىلىڭ،
قىسماق كەبى مۈكچىيىپتۇ بەللىرىڭ.
ئايرىلغاندەك ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭدىن،
تىترەپ تۇرار ياپراق كەبى تىزلىرىڭ.

ھالسىرايسەن مادارىڭ كەم مېڭىشقا،
ئويلايسەن ئۇ، قۇربىڭ يەتمەس بىر ئىشقا.
ئۈزۈك-ئۈزۈك خىياللارنى قىلىسەن،
نەزەر سېلىپ ئۆتكەن باھار، ياز، قىشقا.

ئىزدىگەندەك قىممەتلىك بىر نەرسىنى،
بىر ئۆزەڭگە، بىر ئەتراپقا قارايسەن.
ئىزدىگىنىڭ تېپىلمىغاچ ئۆزەڭدىن،
ئاھ، سېرىلىپ ئىچىڭ شۇنچە ئادايسەن.

ئىخ، چۈشەندىم ئۇلۇغ ئاتا قەلبىڭنى،
ئىزدىگىنىڭ ئالتۇن چېچەك-ياشلىقىڭ.
ئىزدىگىنىڭ تاغدەك بەردەم قامىتىڭ،
ئىزدىگىنىڭ چەبدەسلىكىڭ، شاشلىقىڭ.

ئىزدىگىنىڭ قۇياش كەبى كۆز نۇرۇڭ،
ئىزدىگىنىڭ تۈندەك قارا چاچلىرىڭ.
ئىزدىگىنىڭ، شوخلۇقۇڭغا جور بولغان-
زىلۋا بويلۇق گۈزەل قەلەم قاشلىقىڭ.

شىۋىرلايدۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭ،
قېنى ئۇلار، زادى نەدە قېپقالدى؟!
رەنجىدىمۇ ياكى مەندىن ئادىشىپ،
قايسى كۈندۈز ياكى تۈندە يوقالدى؟!

ئۇ قالدىمۇ تەرنا قوزغان ئېتىزدا؟
ئۇ قالدىمۇ ئاي پارلىغان ئاخشامدا؟
ئۇ قالدىمۇ مەن قوغلىغان ئارمانىدا؟
يا قالدىمۇ ياشلىقتىكى ناخشامدا؟!

مانا بەستىم تىلىكچو قىقىغا يانىدىشار،
غەيۇرلىقىم داجىتار شىر، يولۋاسىنى.
مىلىق قۇياشلىق نۇربالقىيدۇ كۆزۈمدىن،
ھەر زەررىسى خىجىل قىلار قۇياشنى.

قويما سوئال، ئۇكۇدىمىگىن جان ئاتا،
ئىزدىگىنىڭ يوقالمىدى بىرسىمۇ.
ئۇ قالمىدى ھېچقەيەردە، ئېچىپ بار،
قىسرا پىياقە، ئالدىڭدىكى بۇكىمۇ؟!

يىقاتمىدىڭ غۇنچە بويلۇق گۆزەلنى،
ئەنەساڭا چاي تۇتماقتا كېلىنىڭ.
قامەت، غۇرۇر، گۆزەللىكنى بەردىگەن،
مېنىڭ بىلەن كۆلەر كۆزىتكەن تېلىكىڭ.

ئىزدىگىنىڭ مانا مەندە، مەن ئۆزەم،
سەندىكىسى بولدى ماڭا مۇجەسسەم.
ماڭا كۆچتى سەندىكى ئۇ گۈل ياشلىق،
يوقاتتىمۇ دەپ ئۇلارنى قىلما غەم.

ۋارىسىڭ مەن ئەي قەدىردان جان ئاتا،
قۇدرىتىم بار سەن ياراتقان يېڭىلمەس.
مەن يارالدىم باسقان ھەر بىر ئىزىڭدىن،
مەندە ياشناپ ئارمانلىرىڭ چىرىمەس.

## گۈلگە قاراپ

تاۋلىنار ئالدىمدا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر،
يېقىملىق جۇلاسى قاماشتۇرۇپ كۆز.
ھەر گۈلدە ئۆزگىچە پۇراق ۋە ھۆسۈن،
زوقلىنىپ، مەن ئاڭا ئېچىپ قالدىم سۆز:

كەلدى ئۈن گۈللەردىن: — ھەي گۈلگە شەيدا،
گۈزەللىك ئاتىدى بىزگە مېھنەت — تەر.
نەدە بىز ئېچىلىپ چاچاتتۇق پۇراق،
بولمىسا باغۋەن ۋە ئەزىز ئانا يەر؟!

— ئېيتقىن ئەي گۈزەللىك ئىلاھى — گۈللەر،
نە سەۋەب تۈرقۇڭلار بۇنچىلىك گۈزەل؟
يا تەڭرى يوقتىپ ئادىللىقىنى،
بەرگەنمۇ سىلەرگە ئۆزلۈقنى تۈگەل؟!

سېزىپ مەن بىلدىم بىر ئۇلۇغ ھېكمەت،
باغۋەننىڭ ئەجرىدىن كەتتىم سۆيۈنۈپ.
گۈلدىنمۇ گۈزەلدۇر ئىنسان بالىسى،
تەرتۆكسە ئۇستازلار دىلدىن كۆيۈنۈپ.

## خوش

(خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلىرىمغا بېغىشلايمەن.)

خوش، ئەزىزلار، سىرداشلار، دوستلار،
خوش، دىلىمنىڭ مېھمانلىرى، خوش.
«خوش» دېمەككە كۆزلىرىمدە ياش،
ئەي ۋەتەننىڭ چولپانلىرى، خوش.

نادانلىق ۋە گۆدەك تۈپەيلى،
بىلمىسەممۇ قەدىرىڭلارنى مەن.
ئاھ، سېزىلدى ئايرىلغان چاغدا،
ئەكەن دوستلۇق ئىشقىمىز تىرەن.

مەن ئەسلەيمەن سىزلەرنى دائىم،
ئۇنتۇلۇشنى قالدۇرۇپ داغدا.
ھاياجاندىن، ئاقار كۆزدىن ياش،
يىللار ئۆتۈپ كۆرۈشكەن چاغدا.

خۇش سىلەرگە تىلەيمەن ئۇتۇق،
كۆرۈپ تۇراي تۆھپەڭلەرنى مەن.

ئاق قالمىسۇن ھايات بەتلىرى،
ئىزىڭلاردىن كۈلسۇن گۈل-چىمەن.

ئاھ، تېنىڭلار سالامەت، ۋەتەن دەپ،
قۇچسۇن ۋىسال بىز كۈتكەن تىلەك.
ئاقلايلى تەڭ ئۇستاز ئەھدىنى،
ئەجرىمىزدىن كۈلسۇن كېلەچەك.

## ئاي

ئۇماققىنە ئېچىپ خۇش چىراي،
كۆك يۈزىگە قوندى تولۇن ئاي.
كېلىپ خۇشال بىر جۈپ يىگىت-قىز،
كۆل قېشىدىن ئالدى يېقىن جاي.

دېدى گۈزەل ئاستا شىۋىرلاپ،
«قاراڭ سىزگە باقتى تولۇن ئاي».

دېدى يىگىت: «ئاي تۇرسا يانداش،
ئاسماندىكى ئاينى نە قىلاي؟».

شۇ جاۋابنى كۈتكەندەك گۈزەل،
يىگىتىگە تۇتتى لەۋدە چاي.
ئەنە كۆلدە چىرماشقان سايە،
قالدى يالغۇز دەرتتە تولۇن ئاي ...

## گۈزەلنىڭ كۈيى

قۇياش سۆيگەن مەغرۇر قىيادا،
ئولتۇرسەن سۈرۈپ ئوي-خىيال.
چاقنار ھۆسنىڭ ئالتۇن زىيادا،
قۇندۇز چېچىڭ گويا مەجنۇنتال.

مىسكىنلىكىڭ شۇنچە يېقىملىق،
پەرىزاتتەك كۆرۈندۈڭ گۈزەل.

تەڭرى ساڭا قىلىپ يېقىنلىق،
بەرگەنمىدى ئۆزلۈكنى تۈگەل ؟!

كۆرسە ئاشۇ نۇرلۇق چېھرىڭنى،
كۈندەشلىكتە كۆيەر سۈزۈك تاڭ.
كىرسىز سادىق سۆيگۈ مېھرىڭنى،
قۇچۇپ كېلەر دەرتلىك بىر ئاھاڭ..

## ھەسرەت ۋە شادلىق

تۇرۇپ كەتتىڭ ئەجەپ ئامرىقىم،
ئەينىكىڭگە يېنىشلاپ قاراپ.
جۈپ مەڭزىڭگە چۈشكەن ئاشۇ داغ،
بولغان چېغى ساڭا دەرت-ئازاب.

كەزدى شادلىق چېھرىڭدە بىردىن،
يەتمەي قالغان تۈگمەڭگە قاراپ.

نېمە ئۈچۈن چۈشتى بۇ داغلار،
سوئالىڭغا تېپىلدى جاۋاب.

كۆز ئالدىڭدا بولدى نامايەن؛
شۇنچە ئوماق سەبى بىر بوۋاق.
گۇڭگۇرلايدۇ كۈلۈپ ۋىلىقلاپ،
چېھرى قۇياش، كۆزلىرى بۇلاق.

# كۆكۆل ئەلبۇمى

(داستان)

1

ئېسىڭدىمۇ ئەي چىرايلىق ئايجامال ،
بىز چوڭ بولغان توپا يوللۇق سەھرالار .
تۈمۈزلاردا پادا بېقىپ قاغجىراپ ،
سۈيىگە بىز شۇڭغىغان كۆل، دەريالار؟!

ئاخشاملىرى بىللە ئويناپ مۆكۈشمەك ،
كۈندۈزلىرى ئوت ئالاتتۇق ئېتىزدىن .
مەن قۇچاقلاپ ئەنجۈ باسسام ھارۋىغا ،
ئېتىكىڭگە باش تېرەتتىڭ ئېگىزدىن .

چوڭ بولغاندا چىقالمىدىڭ كەچلەردە ،
كۆرگۈم كەلسە پەنجىرەڭدىن ئاتتىم تاش .
سىزىپ قېلىپ ئاناڭ نەچچە كايىغان ،
سەن چىقالماي مۆڭگۈلىناتتىڭ تۆكۈپ ياش.

بويۇم بىلەن بىللە چوڭيۇپ ئىدىرىكىم،
يۈرىكىڭگە ئىجىل بوپتۇ يۈرىكىم .
ئاھ چۈشەندىم: بۇكەن تۇنجى مۇھەببەت،
كۈندىن-كۈنگە ئاشتى سۆيگۈ تىلىكىم .

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تالاي رەت ،
كۈتتۈم ئۇزاق سۇ ئالغىلى كېلەر دەپ.
ناخشا ئېيتتىم تىلغا ئېلىپ نامىڭنى ،
ئاڭلاپ قالسا يۈرىكىمنى بىلەر دەپ .

ئەپسۇس توزۇپ كەتتى ئۈمىد چېچىكىم،
ياراتمىغاچ ئاناڭ ھايتاق خۇيۇمنى .
«ئۇنۇت» دېدىڭ،
كەتتىم يىراق يۇرتلارغا ،
يادىكار قىسىپ ساڭا دەرتلىك كۈيۈمنى.

2

كەتتىم يىراق، كېتىشىمدىن ئايجامال،
تولغانىمدۇ كۆزۈڭ ھىجران يېشىغا .
ئىزلەپ يالڭا ياق چۈشكەن ئىزلارنى،
بارغانسەنمۇ سۆگەتلىك كۆل بېشىغا ؟!

3

ئېسىمدە سەن ئەي چىرايلىق ئايجامال،
كەلدىم سېنى كۆرەي دېدىم بۆلەكتىن.
ۋىسالى يوق گۈزەل تۇنجى مۇھەببەت ،
شۇنچە يىللار ئۆچمىگەنچە يۈرەكتىن .

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تارتىنىپ ،
سۇ ئالغىلى چىقىشىڭدىن ئۈمۈنۈپ .
ئاھ، كۆل بويى ماڭا شادلىق بەرمىدى ،
بىلدىم، قاپتۇ ئۇمۇ مېنى ئۇنۇتۇپ.

نەچچە ئۆتتۈم ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن ،
ئالا بويناق قاۋاپ قالسا چىقار دەپ .
سەن چىقمىدىڭ، چىقتى ئۇماق بىر قىزچاق،
ئېتى باركەن ئۇنىڭ تېخى «ئىپار» دەپ.

قىزنى كۆردۈم، كۆردۈم كىچىك چېغىڭنى،
ئاھ شۇ پەردە بالىلىقىم تېپىلدى .
لېكىن ئېتىڭ ئەمەس ئىكەن ئايجامال،
«ئىپار» دېگەن ئىسمى نەدىن قېتىلدى؟

ئەسلى يېشىم ياشلىقىمنى ئۇزاتقان ،
لېكىن بۇ دەم بالىلىقتا ھېسلىرىم .
كۆرۈپ سېنى كىچىكلىكىڭ سىياقتا،
ياشارغاندەك بولدى ئۆچكەن ئىزلىرىم ،

4

«ئىپار» ئىسىم ئۇنتۇلۇشىنىڭ مەيۈسى ،
بىلدىم مېنى ئۇنۇتۇپسەن ئايجامال .
ئۇنتۇپسەنۇ بالىلىقتا يېنىپسەن ،
مەن تاپالماي بالىلىقنى بولدۇم چال .

دېمىسەمۇ «ئۇنۇت مېنى» ئۇنتۇپسەن ،
ئۇنتالمىدىم سېنى «ئۇنۇت» دېسەڭمۇ.
ئاھ، ئىزدەيمەن بەلكى چۈشكەن ئىزلارنى،
ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچكىنىنى بىلسەمۇ...

1984 — 1989 ـ يىللار، خوتەن.

# ئارمانلىرىم تىلىدى ئالەمگە

قەدىردىن قادىر

## تۇنجى باغۇنىم

كار قىلمايتتى بەزباش كۆڭلۈمگە،
باشقىلارنىڭ تەھدىت سۆزلىرى.
ئەسىر ئەتتى قەلبىمنى ھازىر،
غۇنچە بىرىنىڭ چولپان كۆزلىرى.

غۇرۇرۇمنى قەپەزگە سولاپ،
ئېسىپ قويدى كىرپىكلىرىگە.
مەن سايرايمەن ئاغرىنىپ ھامان،
شۇ كۆزلەرنىڭ خەسسالىكىگە.

ئۆرتىنىدۇ قەلبىم ئازابتا،
چولپان كۆزلەر تۆكسە ئەگەر ياش.
كۈلسە بىردىن كۈلۈمەن دەۋر،
باشلىرىمغا ياغدۇرساڭمۇ تاش.

ھەيرانلىقتا تىكىلسە ماڭا،
تەمتىرەيدۇ بەزباش ھېسلىرىم.
(بەرسە قانچە تەربىيە، جازا،
مۇشۇنچىلىك ئۆزگەرمەس ئىدىم.)

تەمتىرىگەن سەۋەبى كۆڭلۈمنىڭ،
چولپان كۆزلەر بىرلىدى باغۇنى.
ھەيرانلىقتا قىلىبەن خىتاپ:
«ئاھ!... مەندىكى سەۋەبىي قام قېنى؟»

يامان ئىللەت قاچتى ئېگىمدىن،
تەلىم بەرگەچ چولپان كۆز ھەرۋاق.
ئەمما قەلبىم ئۆكسۈيدۇ كۈن - تۈن،
بەرمىگەچ ئۇ سۆيگۈدىن ساۋاق.

## ئاجايىپ ئارزۇ

ئېگىز بويىنىڭ ئەپسۇلىكى كۆپ،
پاكار بولسام دەيمىش زىراپە.
بويۇم پاكار، شۇڭا روھىم يوق،
دەپ ئاغرىنىپ يۈرەرمىش كىرپە.

ئۆزۈم توماي يۈرۈشۈم ئاستا،
دېسە كالا خۇرسىنىپ دائىم.

كىيىك دەيمىش: كالا بولسامگەر،
دۈشمىنىمگە بولاتتىم زالىم.

دېسە يىۋاس زېرىكىپ: ئوتخور ـ
ھايۋان بولسام مىڭ شۈكرى دەيتتىم.
ئېشەك دەيمىش: ئۆتكۈر چىش بولسا،
ئالدى بىلەن ئىگەمنى يەيتتىم.

مۇشۇك دېسە: توشقان بولسام گەر،
دالا كېزىپ خۇشال يۈرەتتىم.
دەيمىش توشقان: خاتىرجەم يۈرسەم،
خوشلۇقىمدىن كۈلۈپ كېتەتتىم.

جاھان دېگەن مۇشۇنداق قىزىق،
رازى ئەمەس ئۇلار رولىغا.

ھەممىگە شاھ بولسام دەيدىكەن،
بۇ دۇنيانى بەرسە قولىغا.

نارازىلىق ھايۋاندىن ئاستا،
كۆچتى ئەمدى بەزى ئادەمگە.
مەۋجۇداتنىڭ سىغاركىن قانداق،
ئارمانلىرى ياپسا ئالەمگە.

## بوران ۋە قۇم

چىقتى بوران، كۆتۈرۈلدى چاڭ،
ئۈشتۈمتۇتلا ئۆزگىرىپ ھاۋا.
قۇم تىپىرلار بوران ئالدىدا،
شىر قوغلىغان كىيىكتەك گويا.

توسۇۋالدى قۇمنى توساتتىن،
چەكسىز كەتكەن بىر يېشىل قورغان.

بوران «باتۇر» كەتتى ئامالسىز،
قۇيرۇقىنى قىسىپ شۇ ھامان.

قۇم سورىدى ئورماندىن شۇ چاغ:
نېچۈن كېتەر بوران تۆكۈپ ياش.
ئورمان ئېيتتى: يىلتىزىم چوڭقۇر،
ھەم چىقارغاچ بىر ياقىدىن باش.

## جىگدە خىسلىتى

كۆكلەپ تۇرار جىگدە باراقسان،
كەڭ زېمىننى مەھكەم باغاشلاپ.
مېۋىلىرى تاۋلىنىپ ئەنە،
تۇرار گويا تىللادەك چاقناپ.

قىلالمايدۇ بوران - چاپقۇنلار،
ئۇنىڭ مەزمۇت قەددىنى ۋەيران.

يەر تاللىماي بەرسە ئەلگە نەپ،
كىم ئۇنىڭغا بولمىسۇن ھەيران؟!

ئانا تۇپراق ئاشۇ جىگدىنى،
پەرۋىش قىلدى باغرىدا ساقلاپ.
يەرنى سۆيۈپ تەييار جىگدىمۇ،
كەلدى ئۇنىڭ ئۈمىدىن ئاقلاپ.

## ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن

ھۆرمەت بىلەن تىزلىنىپ قوزا،
ئانىسىنى ئىمەر ئىززەتلەپ.
ئۆسەر شۇڭا ئىللىق پەرۋىشتە،
ئۆز بەختىدىن سۆيۈنۈپ سەكرەپ.

بۇلۇڭلاردا يۈرەر كۈچۈكلەر،
قۇيرۇق قىسىپ لەنەتكە پېتىپ.

ئەجدادىدىن قالغان قىسمەت ئۇ،
بىر- بىرىدىن يۈرگەچ قىزغىنىپ.

ئىززەت قىلغان تاپىدۇ ئىززەت،
ھۆرمەتتىن ئۇ قالمايدۇ قۇرۇق.
ئاتا - ئانا، ئۇستازىڭ رازى-
بولسا ، يۈزۈڭ بولىدۇ يورۇق.

## ئانا ئەجرى

يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچسام يىغلاپ،
مەڭزىمگە لەۋ ياقتى قۇياش نۇرلىرى.
قارىسام تۇرۇپتۇ مېھرىنى تۆكۈپ،
ئانامنىڭ سۆيگۈگە تولغان كۆزلىرى.

ئەللىيدە بىر تاتلىق ئۆتتى كېچىلەر،
دىلئازار كۆرمىدىم دۇنيادىن پەقەت.
ئانامدىن ئەمگىنىم ئاق سۈت ئەمەس،
قۇيۇلدى قەلبىمگە مېھرى- مۇھەببەت.

كۈلسەمەن، ئانامنىڭ يۈزىدە كۆردۈم،
ئايتاپقا ئەندىزە بولغان شادلىقنى.
كۆز يېشىم ئازابتىن تارتتى پەردە قىپ،
چېھرىگە ئالەمچە پەرىشانلىقنى.

ئاقاردى چاچلىرى تاپالماي تىنىم،
باردى ئۇ ياشلىقىن ماڭا سىڭدۈرۈپ.
باردى ھەم قەلبىمدە پەرۋىشى بىلەن،
ئەخلاقتىن، سۆيگۈدىن بىخلار ئۈندۈرۈپ...

خانتەڭرى تېغىنى قەلىمىم قىلىپ،
ئانامنى ئۇلۇغلاپ داستانلار يازسام!
ئەرزىمدۇ سۆيۈنۈپ بىر كۈلۈشىگە،
قۇياشنى زۇننار قىپ بويىنغا ئاسسام!

# ھەر كىم ياشار ھەر كويدا

داۋۇت مەتنىياز

## مەن قارايمەن مېھرىم بىلەن تىكىلىپ

مەن قارايمەن مېھرىم بىلەن تىكىلىپ،
ئانا يەرگە كېلىپ قىزغىن ھەۋىسىم.
ھاياجاندا تىپىچەكلەيدۇ يۈرىكىم،
يەرنىڭ ئىشقى بېرىپ چوغدەك بىر سىزىم.

زېمىندىن چوڭ مۇھەببەتنى زېمىننىڭ،
يۈرىكىمگە قوشتى ئىلھام بۆلەكتىن.
ئانامۇ يەر، يارىممۇ يەر، شۇڭلاشقا-
قىزغىن سۆيۈپ مەدھىيلەيمەن يۈرەكتىن.

يەر بولغاچقا بىزلەرمۇ بار، شۇ يەرنىڭ-
كۆكسى بىزگە بەردى نازۇ-نېمەت، نان.
يارىتىشقا سان-ساناقسىز كەشپىيات،
بەردى يەنە ئاشۇ زېمىن كەڭ ئىمكان.

مەن قارايمەن مېھرىم بىلەن تىكىلىپ،
ئۆركەش ياساپ ئاققان ئەزىم دەرياغا.
شوخ دەريالار ئېقىپ زېمىن باغرىدا،
ئوزۇق بېرەر جانلىقلارغا، گىياغا.

زوقلاندۇرار ھەر كۆرگەندە ئادەمنى،
كۆكنى سۆيگەن ئېگىز تاغنىڭ ھەيۋىتى.
شۇ تاغلارنى كۆك قەھرىگە كۆتەرگەن،
ئانا يەرنىڭ چىداملىقى-غەيرىتى.

بىپايان يەر شۇنچە بايكى، ئۈستىدە -
دېڭىزلار بار، ئوتلاقلار بار، تاشلار بار...
ئۆزلىرىنى ئاشۇ يەرنىڭ قوينىغا،
يوشۇرغاندۇ يەنە قانچە تىلسىملار؟!

مەن قارايمەن، مېھرىم بىلەن تىكىلىپ،
زىمىندىكى قەۋرىلەرگە-لەھەتكە.
شۇ لەھەتتە ئەجدادىم بار، بوۋام بار،
بۆلەنگەن ئۇ، يەربۆشۈككە-تەبىئەتكە.

ھاياتلىقنىڭ يولىدىكى ھەر ئىنسان،
ياشايدۇ شۇ يەردىن ئېلىپ ئوزۇق-نەپ.
جان ئۈزسەكمۇ بىزنى يەنە مۇشۇ يەر،
مېھرى بىلەن قۇچاقلار «كەل بالام» دەپ.

ئىشقىمنى شۇ زىمىن بەرگەن، زىمىننى-
شۇڭا قىزغىن سۆيدۇم، يەنە سۆيۈمەن...
ياشاپ كەلدىم يەردە، يەنە ئۆلسەممۇ،
قۇچىقىدا تاتلىق لەززەت سۈرۈمەن.

## ئاھ، سەزگۈر يۈرەكلەر

(ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تىلىدىن)

ئۆكسۈيدۇ يۈرىكىم ئۈزىن چاك ئېتىپ،
سىرغىيدۇ مەڭزىمگە ئاچچىق ياشلىرىم.
سىزلەردىن ئايرىلىش كۈنلىرى يېتىپ-
كەلگەچ، ئەي قەدىردان ساۋاقداشلىرىم.

تۇرمۇشتا قېلىشقان مىننەتسىز ياردەم،
ئاھ، ئەمدى كەلمەسكە كەتتى بۇ پۇرسەت.
بولغانتۇق ھەممىمىز گويا بىر ئادەم،
رىشتىمىز چىگىلىپ بىرىشكەن مەدەت.

كەلمەكتە سائەت ۋە مىنۇت ئايرىلىش،
ئاھ، سەزگۈر يۈرەككە بۇ دەملەر قىيىن.
ئامالسىز ئايرىلىپ ئارماندا ياشاش،
ئېغىردۇر ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن.

ئالدىنسا لەززەتلىك ئۇيقىمىزدا چۈش،
بەزىدە قالارمىز كۆرۈشۈپ دىدار.
ئويغىنىپ كۆز ئاچساق يوق ئۆكۈنۈش،
قارايمىز ھەر ياققا بولۇپ ئىنتىزار.

كېتەرمۇ شۇ چاغدا چاك-چاك يېرىلىپ،
سېغىنىش ئوتىدا چاقنىغان يۈرەك.
ئەسلەرمىز قىش كۈنى باغچىغا كېلىپ،
گۈللەرنى ئەسلىگەن غېرىپ بۇلبۇلدەك.

ناخشىلار ئەۋجىگە چىققان بۇ كۈننى،
ئەسلەرمىز تىنۋىشسىز مۇڭلۇق ئولتۇرۇپ.
ئەسلەيمىز بىز لەرزان يېقىملىق ئۈننى،
كۆي خۇمار كۆڭۈلنى زوققا تولدۇرۇپ.

بەس ئەمدى، كۆزلەردىن تۆكۈلمىسۇن ياش،
ياڭرىسۇن ئۈمىدتىن پۈتكەن ناخشىمىز.
قىلساقمۇ ئەتە بىز ھىجراننى ھاپاش،
كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىدارلىشارمىز!

## ھايات تۇيغۇلىرى

نەشپەت ئۆمەر

### بىللە كەتتى

شۇ ئالمىنى كۆرگەن چېغىمدا،
سېنى ئويلاپ قالىمەن ئەجەپ.
چۈنكى ئالما تۈۋىدە بىر چاغ،
كۈلۈشكەنتۇق بىر ئالمىنى يەپ.

ماڭا ئەمدى كەتتىڭ يىراققا،
ئاشۇ ئالما قالدى مەن بىلەن.
ئالماچىلىق يۈرىكىم مېنىڭ،
بىللە كەتتى جانان سەن بىلەن.

## ۋاپاغا جاپا

مەن سېنى سۆيەتتىم «سۆيدۈم» دېمەسلىك،
قوشۇلۇپ كۆيەتتىم «كۆيدۈم» دېمەسلىك.
«ئىشقىڭدا ئاھ ئۇرۇپ، سەرسانە بولۇپ،
دەرت تارتىپ نەچچە يىل يۈردۈم» دېمەسلىك.

شۇ سۆزۈڭ تەپتىدىن بەردىم كۆڭلۈمنى،
ۋە لېكىن سەن ماڭا قىلمىدىڭ ۋاپا.
مەن كۆيۈپ سەن كۆيمەي يۈرۈپتۇق، ئىسىت،
ھەي ئىسىت! ۋاپاغا قىلدىڭغۇ جاپا.

## رەنجىمە ئەمدى

كۆيگىنىمنى بىلسە جانان دەپ،
ئەتراپىڭدىن كەتمىدىم يىراق.
بىشارەتمۇ بەردىم كۆپ قېتىم،
چۈشەنمىدىڭ كۆڭلۈمنى بىراق.

شۇ يوسۇندا ئۆتتى نەچچە يىل،
مېنى ۋەيران قىلدى شۇ پىراق.
كۆيەلمىگەچ سەنمۇ مېنىڭدەك،
كەتتىم ئاخىر سېنىڭدىن يىراق.

ئەپسۇس، بۈگۈن قىيناپتۇ سېنى،
سەندىن يىراق كېتىپ قالغىنىم.
ئەمدى مەندىن رەنجىمە جانان،
باردۇر باشقا تاللاپ ئالغىنىم.

## كۆرگەن ئىدىم

كۆرگەن ئىدىم نەچچە كۈن ئىلگىرى سېنى،
باغچىدا تېرەككە سىغىنغىنىڭنى.
قالسامۇ ئالدىڭغا كېلەلمەي مەن ئۇدۇل،
باش تولغاپ سالامۇ قىلمىغىنىڭنى.

قېنى ئۇ سەن سۆيگەن تالاي يىگىتلەر،
قېنى ئۇ بەختىڭنىڭ داغدام يوللىرى.
ھەي!... ئېلىپ قېچىپتۇ گۈل ياشلىقىڭنى،
ئازدۇرۇپ كۆڭلۈڭنىڭ پەس ئوغرىلىرى.

ئۇچراتتىم بۈگۈنمۇ سېنى شۇ يەردە،
سەن ياغلىق تۇرۇپسەن خىيالغا پېتىپ.
يۈرىكىڭ كۆلىگە قۇيۇلغان پىغان،
سەل بولۇپ كۆزۈڭدىن توختىماي ئېقىپ.

توختاتما كۆزۈڭنىڭ دەرتلىك يېشىنى،
پۇشايمان ھەم غەزەپ يېشى ئۇ بىلسەڭ.
قەلبىڭنىڭ دېغىنى يۇيۇپ تۈگەتسۇن،
يىغلىۋال، ئۇ يولغا ماڭما ئەمدى سەن!.

## «ئانىسىز ئىنسان»

«ئانامنى يىرىقلايمەن» دېگەن نام بىلەن،
كېلىسەن بىر ئۆيگە ھەپتە، ئاي ئاتلاپ.
ۋە لېكىن سالىسەن ئۇنىڭغا ئازاب،
ئۆزەڭنى گويا بىر ئەۋلىيا چاغلاپ.

ئەگەردە كوچىدا كۆرسەڭ ئاناڭنى،
باقىسەن يېنىڭغا ئۇندىن يىرگىنىپ.
ئالىسەن قارايسەن، ئالدىڭغا بارسا،
شۇ ئاناڭ بىچارە ساڭا ئىگىلىپ.

مەنسىپىڭ ھەر قانچە تاغدەك بولسىمۇ،
ئويلىغىن ئاق سۈتىنى ساڭا كىم بەرگەن؟.
ھەم يەنە باغرىغا بېسىپ ھەۋەستە،
كىم سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگەن؟!

كىم سېنى ئەللەيلەپ، يىغلىساڭ بەزلەپ،
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن تالاي كېچىنى.
كىم سېنى چوڭ قىلىپ غەمگىنى يىگەن،
«بولاتتى قويسام دەپ، ئوخشاپ بېشىنى!»

ھەي ھوقۇق ئىگەسى ئويلىغىن بىر ئاز،
ئاناڭنىڭ باغرىدىن چۈشكەنلىكىڭنى.
مەنسەپىڭ بۆشىكى ئارا چوڭ بولماي،
ئانىنىڭ مېھرىدىن ئۆسكەنلىكىڭنى.

تۇتمىغىن ئۆزەڭنى ئۇنچە بەك مەغرۇر،
ياكى تۇت بۇ ئادەت خۇيىڭنى پىنھان.
شۇ ئانا كۆڭلىگە ئازار قىلمىغىن،
«بىلساڭمۇ ناۋادا ئانىسىز ئىنسان»!

## ئانا ئارزۇسى

ئەتراپ جىمجىت ھەممە شىرىن ئۇيقۇدا،
ئەمما شۇ دەم كىرپىك قاقماس بىر ئانا.
ئولتۇرار ئۇ بالىسىنى ئەللەيلەپ،
قەلبى ئۇنىڭ تولغان شىرىن خىيالغا.

خىيالىدا ئوغلى مۇرات ئانىنىڭ،
سەھەر تۇرۇپ مەكتەپىگە ماڭىدۇ.
«بالام مۇرات ياخشى ئوقۇ» دەيدۇ ئۇ،
ۋە كەينىدىن خۇشال قاراپ قالىدۇ.

مۇرات كېلەر مەكتەپىدىن بىر كۈنى،
«ئانا قارا» دېگىنىچە شۇنچە شاد.
«ئەلاچى» دەپ مېنى مەكتەپ مۇدىرى،
ئۆز قولىدا بەردى ماڭا مۇكاپات.

ئۇ ئەركىلەپ كېلەر ئانا ئالدىغا،
ئانا ئۇنى سۆيۈپ باسار باغرىغا.
شۇ تەرىزدە ئۆتەر كۈنلەر، ئاي، يىللار،
ئوخشىماس ئۇ ئەدى كىچىك بالىغا.

ئەنە مۇرات دەرس سۆزلەر مۇنبەردە،
مېھرى بىلەن قاراپ ھەر بىر گۈدەككە.
ئەنە ئوقۇش پۈتتۈرگەن بۇ بالىلار،
چۈشەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ سۈرەتكە.

ئويلاپ ئانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە،
كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى ئىسسىق ياش.
ئۇخلاپ ياتار بوۋاق يېنىدىك تىن ئېلىپ،
ئانىنىڭ دىل ئاسمىنىدا بىرىپ قۇياش.

## كۈتمىگەن شەپقەت

تەڭلىدىڭ قولۇڭنى بىچارە قىزچاق،
ياشلانغان كۆزۈڭدە ئاڭا تەلمۈرۈپ.
«توسماستىن يولۇمنى، ماڭغىنا نېرى!»
دېدى ئۇ، بىردىنلا تەرىنى تۈرۈپ.

ئۈمىدسىز، قولۇڭنى تىقتىڭ يېڭىڭگە،
ئاھ سەبى كۆڭلۈڭگە بەردى ئۇ ئازار.
بىلەمسەن ئەي قىزچاق ئاشۇ نامەرتنى،
كىم سېنى بۇ ھالغا ئەيلىگەن دۇچار؟.

بىلمەيسەن گۈدەك قىز، بىلسەڭ شۇ ئادەم،
خورلىدى ئاناڭنى، قالدىڭ سەن يېتىم.
بىلمەيسەن، سېنى دەپ بىچارە ئاناڭ،
يىغلىدى ئۇنىڭغا نەچچە ئون قېتىم.

كېتىپ قال، كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن قىزچاق،
ھېچ شەپقەت كەلمەيدۇ ساڭا ئۇنىڭدىن.
بۇ يولدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئۆزگىلەر،
سىلىسا بېشىڭنى ياخشى بۇنىڭدىن.



يولداش مۇھەممەتجان مەتسەيدى 1967-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى چىرىيە ناھىيە چىرىيە يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984-يىلى خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1987-يىلدىن بۇيان چىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئۇلۇغساي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاپتور 1986-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەن نېمىشقا ئاغىنىسىز قالدىم» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر بەش پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر «كۆڭۈلنىڭ سادالىرى» ناملىق پوۋېست ۋە ھېكايىلەر توپلىمى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئىككى ھېكايە

مۇھەممەتجان مەتسەيدى

# «بەخت» ئىگىسى

دۇنيانىڭ ئالا-يېشىل كۆرۈنگەنلىكى ئىنسانلارنىڭ ئالا-يېشىل كۆزەينەك تاقىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداق بولغاچقا، بەزىلەر ناھايىتى كىچىككىنە بىر «ھۆنەر» ئۆگىنىپ قويسىلا، ھەر ئىككى ئالەمدە راھەت ياستۇققا ھەۋەس بىلەن باش قويۇپ، بەخت گۈلىدىن لەززەت غۇنچىسىنى ئۈزەلەيدىكەن. ئەپسۇسكى، يەنە بەزىلەر بولسا، «ھۆنەر» ئۆگەنمىگەچكە، ئىككىلى ئالەمدە جاپا قولىنى مۇشەققەت چىشى بىلەن چىشلەپ، خورلۇق كوچىسىدا ئۆمىلەيدىكەن، خالاس.

× ×

قاق سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالتۇندىن ياسالغان ئالىي دەرىجىلىك ھويلامنىڭ كۈمۈش دەرۋازىسىنى كەڭرى ئېچىپ سىرتقا ھەۋەس بىلەن قارىدىم. كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق زىننەت بويۇملىرىنى تاقىغان كۇئېنلۇن تېغى كۆرۈندى. تاغمۇ جەننەتكە مەن بىلەن بىرگە كىرگەچكە، ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا تۇرمۇش داستىخىنىنىڭ ھەشەمەتلىك نازۇ-نېمەتلىرى ئارىسىدا مەسخۇش ياشىماقتىدى.

گەرچە جەننەتكە كىرگىلى توققۇز كۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولغان ئەمەسىدىم. چۈنكى بۈگۈن كۆزۈمگە كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئالقىشلىماقتا. ئۇ-

لار مېنى بەخت بۆشۈكىدە سەۋىرچانلىق بىـ
لەن تەۋرىتىپ، تەقدىرنىڭ سېخى قولى بىـ
لەن ياسالغان ئالتۇن قەدەھتە جانغاجان
قوشقۇچى لەززەت زەمزەملىرىنى ھۆرمەت بىـ
لەن سۇنۇشماقتـىدى.

توساتتىنلا كۆئىنلۈمدىن نىدا كېلىپ
قۇلىقىمنى غىدىقلاشقا باشلىدى: «يـا شاپ
كەت دوستۇم، دۇنيادا سەنـدىن ئارتۇق
بەختكە ئېرىشكەن كىشى تېپىلـماس. سەن
بولمىغان بولساڭ، مەندەك بىر بىچارىنىڭ
جەننەتكە كىرەلىشى تولىمۇ ئېچىنارلىق بىر
ئىشتى. ھـەتتا خۇددى توكۇرنىڭ يۈگـ
رەش مـۇسابىقىسىگە چۈشكىنىگە ئوخشاش
كۈلكىلىك ئىش بولغانمۇ بولاتتى. خۇدايىم
ساڭا داۋاملىق بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلـ
غاي».

مەن بۇ جاراڭلىق سادانى ئاڭلاپ ئاـ
دەتتىن تاشقىرى ھۇزۇرلاندىم، ئۆزەمـنىڭ
دانا، ئەقىللىق، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىمدىن
يەنە لەززەتلەندىم. بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ كۆئىنلۈمنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا
چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالدىم. كۆزۈمگە
دوزاخ كۆرۈندى. دوزاخنىڭ بىنالىرى بىزـ
نىڭ جەننەتنىڭ بىنالىرىدەك ھەشەمەتلىك،
كۆركەم، گۈزەل بولمىسىمۇ، ئەمما ئېگىزلىك
جەھـەتتە ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. بىزـ
نىڭ جەننەتتىكى بىنالارنىڭ ئەڭ ئېگىز،
ئەڭ ھەشەمەتلىك ياسالغىنى سەككىز قەـ
ۋەت، دوزاخنىڭ بولسا يەتتە قەۋەتـــ
كەن. بىراق بىزنىڭ جەننەتتىكى بىنالارـ
نىڭ ھەممىسى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن ياـ
سالغان، دوزاخنىڭ بولسا، قوپال كېسەكـ
لەردىن ياسالغانـىكەن.

مەن دوزاخنىڭ ئىچىگە ئىنچـىكىلىك
بىلەن قاراپ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىشـ
كە كىرىشتىم. يـارەببـىم!، دوزاخ بىلەن
جەننەتنىڭ ئىچى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىـ
نىدىكەن. بىزنىڭ جەننەت پۈتۈنلەي ماڭا
ئوخشاشلارنىڭ لەززەت سۈرىدىغان ماكانى،
بىراق دوزاخچۇ؟ دوزاختا «لەززەت» دېگەن
بۇ ئۇقۇمدىن قىلچە ئەسـەر يوقـكەن.
ئۇنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي ئاھۇ ـ زارلىققا،
ۋارقىراش ـ جارقىراشلارغا، دات ـ پەريات
كۆتۈرۈشلەرگە، دەھشەتلىك چىرقىراشلارغا
توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇزۇنلىقى بەش ـ ئالتە
يۈز مېتىر، توملىقى ئۈچ ـ تۆت مېتىر كېلىـ
دىغان قاپقـارا سەت يىلانلار ئادەملەرـ
نى چىرماپ چاقماقتا. دوزاخنىڭ رەھىمسىز
ساقچىلىرى ئۇلارنى ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن
قاتتىق جازالىماقتـىكەن. كۆزۈمنى باشـ
قا تەرەپكە يۆتكىدىم. ئۇ يەردە ناھايىتى
زور ئادەملەر ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن
دەھشەتلىك ئوتنىڭ ئىچىدە قازاندا چامـ
غۇر قايناتقاندەك قايناۋېتىپتۇ. مەن ئەنە
شۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كـۆرۈپ
ئۆزەمنى سەل بىئارام ھېس قىلـدىم ۋە
ئۆزەمنىڭ ساقچى ئاپىشارىكىسىدەك ئۆتكۈر
سەزگـۈ ئەزالىرىمنى ئىشقا سېلىش ئارقىـ
لىق، ماڭا تونۇش بولغان ئابـباس ئىـ
سىملىك بىر كىشىنى تاپتىم. بەدىنىگە قىـ
زىتىلغان پولات مىقلار سانچىلىۋاتقان ئابـ
باسنىڭ ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق، بىچارە ھاـ
لىتىگە قاراپ ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ
ئىچى ئاغرىشى تەبىئىي ئىدى. مـەن ئابـ
باسقا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، پانىي ئالەمدىكى
ئىككىمىزنىڭمۇ ناسىۋىتى ۋە ئەنە شۇ ئالەمدىكى
قولغا كەلتۈرگەن لەززەتلىرىمنى ئەسكە ئالدىم.

× ×

مەن تۇغۇلۇپ ئۈچ ئايدىـن كېيىن
مېھرىبان ئانامدىن ئايرىلغان ئىكەنمەن.

ئانامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىچارە دادام مېنى يىغلا - قاقشا قاتارغا قوشۇپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەن چېغىمدا دادامدىنمۇ ئايرىلدىم. بەلكىم ئاتام بىلەن دادام يەرتېگىدە قايتىدىن ھايات باشلىغاندۇ. شۇندىن باشلاپ مەن يېتىملىكنىڭ زالىم خۇمدىنىدا پۇچۇلاندىم، تولغاندىم، كۆيۈپ چۇچۇلگە ئايلاندىم، نەگە بارسام خورلاشقا ئۇچرىدىم. يېيىشىم تاياق، ئىچىشىم ياش بولدى. كىشىلەرگە نۇرغۇن يىللار ئالداندىم، بېزەك بولدۇم........

يىللار ئۆتتى، بۇرۇن ئالدانغان بىر ئىسىم، ئەمدى ئالداشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۆگىنىۋالدىملا ئەمەس، ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولدۇم — ئەرزان ئېلىپ قىممەت ساتتىم، ئاز ئېلىپ كۆپ ساتتىم، ياۋاشنى تاپسام يەتكىچە بوزەك قىلدىم، ياماننى كۆرگەندە خۇشامەتنى ئايىمىدىم.

ماڭا بوزەك بولىدىغانلارنىڭ بىرسى ئەنە شۇ ئابباس ئىدى. ئابباس مەندىن يەتتە-سەككىز ئىشتاننى كۆپرەك يىرتقان ۋە ئىككى بالىنىڭمۇ دادىسى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كاللىسىنى مىتە يەپ سالغان بەندە بولغاچقا، ئەگەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، «خۇدايىم پېشانەمگە شۇنداق پۈتكەنىكەن» دەپ قاراپ، يەنىلا مېنىڭ بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئۆتەتتى ۋە ماڭا كۆز يېشى قىلاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا: «خۇدايىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، بەخت ئاتا قىلغاي» دەپ چىرايلىق نەسىھەت قىلاتتىم.

بىر كۈنى ئىككىمىز ئوقەت قىلىش ئۈچۈن تاغ رايونلىرىغا چىقتۇق. ئۇنىڭ دەسمى سالغىلى پۇلى بولمىغاچقا، ئائىلىسىدىكى بىر ئۆكۈزى بىلەن ھەممە قويلىرىنى ساتقۇزدۇم. تاغنىڭ مەكتەپ كۆرمىگەن نادان قويچىلىرىنى كوللاپ ئويناشمۇ كۆڭۈللۈك ئىشتى. ئۇنداق «قاراقورساق»لارنى شىلاپ قويساڭ خۇددى قايناق سۇغا سالغان شېكەردەك ئېرىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، مىڭدەك تېرە، بەش مىڭچىلىك يۇڭ ئالدۇق. بۇنىڭغا جەمئىي ئىككى ھەپتە ۋاقىت كەتتى. دانىسىنى تۆت كويدىن ئالغان تېرىلەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ توققۇز كويدىن ساتتۇق. جىڭىنى بىر يېرىم كويدىن ئالغان يۇڭلارنى بولسا ئۈچ يېرىم كويدىن ساتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە تۈكى يوق ساپلا پايدىدىن ئون مىڭ كويغا ئېرىشتۇق. پايدىنى بۆلۈشۈش ۋاقتىدا بولسا يەنىلا ئەقىلمەنلىك جاسارىتىمنى كۆرسەتتىم:

— ئاداش ئابباس، بۇ دۆرەم قولغا كەلتۈرگەن پايدىدىن ئىككى يۈز كوي سېنىڭ بولسۇن، بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇلمۇ ساڭا زىيا كېتىدۇ ھەم خەجلەپمۇ بولالمايسەن، قانداق دېدىم ئاداش؟.

— بۇ قانداق بولغىنى، ئونىڭ كويدىن ئاران ئىككى يۈز كويما؟ ھەممە جاپانى مەن تارتقان تۇرسام، ھېچ بولمىغاندا يېرىمىنى بېرىشىڭ كېرەك.

— نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيدىغانسەن قەدىرلىك ئاداش، جاپانى سەن تارتقىنىڭ بىلەن كاللىنى مەن ئىشلەتتىم ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئالىي دەرىجىلىك بىلىمىم بىلەن تولغان «زامانىۋى» كاللام بولمىغان بولسا، شۇنچە كۆپ پۇل نەدىن كېلەتتى؟

— ئەمىسە ھېچ بولمىغاندا ئۈچتىن بىرىنى بېرىسەن.

— ھە، ئەمىسە ئىشمۇ ئۇنداق بولسۇن قە-

دېرلىك ئادىشىم. بۇ قېتىم مۇشۇنداق ئېلىپ تۇرغىن، كېيىنكى كۈنلەردە پايدا تاپساق، ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن.

— خۇدايا تۇۋا، ئۇنداقتا ماڭا بەكمۇ ئۇۋال بولىدۇ.

— دېدىمغۇ، مەن سېنى جېنىمدىنمۇ بەك ئەتىۋارلايدىغان تۇرسام، قانداقسىگە ساڭا ئۇۋال قىلىدىكەنمەن؟. بۇ قېتىم مەن ئېلىپ تۇراي، كېلەر قېتىمقى پايدىنىڭ ھەممىسىنى سەن ئال. ئۇنىڭغىچە تەلىيىڭنى خۇدادىن تىلىسەك بولىدۇ. ئوبدان ئادىشىم، خۇدا بەرسە كۆپ بېرىدۇ.

— ئەمىسە گېپىڭدىن يېنىۋالمايسەن-ھە؟!.

شۇنداق قىلىپ بىر قېتىمدىلا توققۇز مىڭ سەككىز يۈز كوي چۆنتىكىمگە ئۆزلىكىدىن كىردى. ئابباسنى خۇددى قولغا ئوخشاش ئىشلەتكەن بولساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھالى شۇ نىچىلىك. ھازىر ھەممىدىن مەن نوچى، نېمە قىلاي دېسەم شۇنى قىلالايمەن. ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى يېيەلەيمەن، نېمە كىيىسەم كىيەلەيمەن. ھەتتا، مۇشۇ پۇلۇم بىلەن ئەقلىمنى ئىشقا سالسام، ئاينىمۇ ئۆز يېنىمغا ئەكىرەلەيمەن. يەنە كېلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايمەن. پۇچۇق زاغرا ئۈچۈن زار-زار قاقشايدىغانلارغا ئانچە-مۇنچە پۇل بېرىپ قويسام، باش قويۇپ تازىم قىلىشىدۇ. ئونكويلۇق پۇلنىڭ قۇيرىقىنى چىقىرىپ قويسام، شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق نازىنىن خېنىملىرىمۇ ئارقامدىن سوكۇلدايدۇ. ئۇلاردىن كۆڭلۈم خالىغان لەززەتلەرنى ئالالايمەن. ئەمدى ماڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق قانداق لەززەت لازىم بولسۇن؟!!

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۇلۇممۇ خېلى كۆپىيىپ ئىناۋەتلىك بايغا ئايلانغاندىن كېيىن، شەھەردىن تۆت ئېغىز ئۆي سېتىۋالدىم. ئۆيدە ئۆزەم يالغۇز بىرلا جان بولغاچقا، ماڭا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە خۇدا ئالاھىدە سوۋغا قىلغان يۇقىرى باھالىق ئالداش ماھارىتىمنىڭ قۇدرىتى بىلەن خېلى كۆپ باشلىقلارنى قولغا چۈشۈرىۋالدىم. ئىلگىرى «ئارقا ئىشىك» قىلغان ئادەملەرگە دەھشەت ئۆچ بولغان بولسام، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئادەتتىن تاشقىرى ئامراق بولدۇم، چۈنكى باشلىق بىلەن ئامراق بولساڭ، سېنىڭ بەزى ئىشلىرىڭ ئاسانلا پۈتىدىكەن، يەنە كېلىپ بالا-قازادىن ساقلاپمۇ قالىدىكەن. شۇڭلاشقا «ئارقا ئىشىك» تىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك ھەركەت پەلانى ئارقىلىق نەپسىنىڭ قولىغا ئايلانغان بىر قىسىم جۈيجاڭ، كېجاڭ، بۇجاڭ، چۇجاڭ..... قاتارلىق جاڭلارنى ئۆزەمگە قاراتتىم. «مۇللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەنگەپ ناھايىتى توغرا ئىكەن، ئاشۇنداق «جاڭ»لار ئېغىزىدا «ئۇنى قىلماسلىق كېرەك، بۇنى قىلماسلىق كېرەك، ئارقا ئىشىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ پولى بولدى دېگىلىچە ئاتقان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بولسا پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. سۆزى بىلەن ھەركىتى ئوخشىمايدىغان بۇنداق بىچارە باشلىقلارغا ئەپسۇسلىنىشنىڭ، ئاچچىقلىنىشنىڭ، ئەجەبلىنىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ كانىيى تۆشۈكتە!!، تۆشۈك يەرگە جەزمەن بىر نەرسە تىقىش كېرەك!. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا «لەززەت» ناھايىتى ئېھتىياجلىق، كانايدىن تاتلىق ھەم يېغىلىق نەرسىلەر چاپا تارتماي ئۆتكىيلا

ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇلارمۇ مۇنداق نەرسىلەرگە سەل قارىمايدىكەن.

بىزگە ئېنىقكى، كەلگەندە «لەززەت» دېگەندىن ئىبارەت بىر مەشھۇر ئۇقۇم مېنىڭ پۈتكۈل بەدەن شەھىرىمنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئەنە شۇ دەقىقىدىن ئۇ تۇيغۇمنىڭ بۇيرۇقىسىز ھېچ ئىشنى قىلالمايمەن. نەگىلا بارسام، لەززەتتىن ئىبارەت خىزجا يېنىم ئۈچۈن تەرتۆكىدەن.

بىرگىنى ئابباس بىلەن يەنىلا تاغ رايونلىرىغا چىقتۇق. بىر قېتىم شەنجاڭ ئاغىينىمگە بوردالغان قويدىن بىرنى سوۋغا قىلىۋېدىم، پېچەتتى بېزىلغان بەلەن ماشىنىدىن بىرنى ھەل قىلىپ بەردى، مىنۇت-سىكۇنت توختىماي ئىشقا سالدىم.

گەرچە ھازىرقى تېرىنىڭ باھاسى شەھەردە خېلى ئۆسۈپ قالغان بولسىمۇ، بىراق بىز تاغلىقلارنىڭ ھازىرقى سودا ۋەزىيىتىدىن ساۋاتى يوق ئىدى. ئۇلارنى يەنىلا خۇدايىم ئاتا قىلغان ئالدامچىلىق ھۈنىرىمنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، پەقەت ئالتە كويدىنلا ئىككىسى مىڭ تېرە ئالدۇق. شەھەرگە ئەكىرىۋېدۇق، ئون ئۈچكويدىن پۇل دەيسا تېپىۋق....

شۇنىڭ بىلەن ھەممە چىقىمدىن سىرت ئون ئۈچمىڭ يەتتە يۈز كوي قولغا كەلدى. ئابباس بىلەن بۇ پۇللارنى بۆلۈشۈش ۋاقتىدا بولسا، يەنىلا باش قاتۇرۇشنى خالىمىدىم.

— مانا ماۋۇ 500 كوينى ئەپ قوي، — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا.

— جۆيلۈۋاتامسەن؟ سەن قولدارغا ئوخشاش قولۇڭنى كەينىڭگە تۇتۇپ يۈرۈشنىلا بىلىدىكەن. ھەممە ئېغىر ئىشلارنى مەن قىلغان تۇرسام، يەنە شۇنىلا ئالامدىمەن؟ قايسى بىر ۋاقىتتىكى ۋەدەڭنى ئۇنتۇمىغانسەن؟.

— ئۇ دېگەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىش. كونا خامىنىنى سورۇشنىڭ ھاجىتى يوق. سېنىڭ ئۇنىڭدىن جىق پۇلنىمۇ كۆتۈرەلىگۈچىلىك ھالىڭ يوق. مېنىڭ پۇلمۇ ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدىم-دە، پۇلنى تاشلاپ بېرىپ مېڭىشقا تەمشەلدىم. ئابباس بولسا ئۆز كاچىتىغا ئۆزى ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، زار-زار قاقشاشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۆزەم ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇمىغاچقا، ئابباسقا يەنە يۈز كوي تاشلاپ بېرىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم.

مەن ھازىر ئادەملەرنى ھەم ياخشى كۆرىدىغان، ھەم ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. ماڭا نىسبەتەن پايدا كەلتۈرەلەيدىغان، مېنىڭ ئالدام خالتامغا چۈشىدىغان، ماڭا لەززەت بېغىشلىيالايدىغان ئادەملەرگە ئامراق بولغۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆچمەن. مانا بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك مىجەزىمگە ئايلاندى.

يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ماڭا پايدا كەلتۈرگەن خېلى كۆپ كىشىلەرگە ئالدامچىلىقتىن دەرس ئۆتتۈم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا بەختىيار ياشايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئادەملەردىن سىرت ھەتتا ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان، ماڭا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان كونىلۇن تېغىمۇ ئالدامچىلىقنى، «ئارقا ئىشىك» قىلىشنى ئۆگەتتىم. ھازىر ئۇمۇ ماڭا يېتىشىپ قالدى. پەقەت ئابباسلا خۇدادىن قورقۇپ، ئۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ پەقەت راستچىللىق، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ياشاشنى ئۆز دېگە ئادەت قىلغانىدى. مۇشۇ يېشىمغىچە ئوتتۇز تۆت خوتۇن ئالدىم. يىگىرمە ئالتە

ياشقا كىرگەن چېغىمدا بىرىنچى قېتىم ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىز بىلەن توي قىلدىم. بۇنى ئۆزەم ئالداپ ئالغانىدىم. ئىككىنچىسى ئون بەش ياشلىق ئىدى، ئۇ بەكمۇ گۈزەل بولغاچقا، خېلى زور پۇلنىڭ بېشىغا چىققان. ئۈچىنچىسىنى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا ئالغان. ئۇ قىزنىمۇ دادىسىغا پۇل خەجلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنىدىم. باشقا خوتۇنلىرىمنىمۇ ئاساسەن ئوخشاشلا شۇنداق......

نىكاھىمدا ئەڭ ئۇزۇن تۇرغىنى ئون بىرىنچى خوتۇنۇم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق كېلىشىپ قالغاچقا، بىر يېرىم يىل بۇلاشتىم، باشقا خوتۇنلىرىم بىلەن ئۆزۈنى سەككىز ئاي، قىسقىسى ئون توققۇز كۈن بۇلاشتىم، بۇ جەرياندا توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان غوجام بىلەن «ئايرىلماس» ئاغىنە بولۇپ كەتتىم. ھەر بىر قېتىم توي قىلغاندا ياكى ئاجراشقاندا ئاغىنەمنىڭ ئېغىزىنى «تاتلىق» نەرسىلىرىم بىلەن تويغۇزۇپ قويىمەن. شۇڭلاشقا ئۇمۇ مېنىڭ كېيىمگە قوشۇلۇۋىرىدۇ. ھەتتا قېشىغا بېرىشىمنى ھەۋەس بىلەن كۈتىدۇ.

تۇقسانىنچى ياز پەسلىنى ئۆزدىتىپ، تۇقسانىنچى بىرىنچى كۈز پەسلىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغۇنۇمدا، تەقدىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئەجەل ئەلچىسى ھوجرامغا كىرىپ كەلدى. مېنىڭ بۇ ئەلچىنى قوبۇل قىلماسلىقىقا ھەددىم ئەمەس. شۇڭلاشقا باقى ئالەمدىكى تۇرمۇشۇمغا ئەسقاتار دەپ يانچۇقىمنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزغاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا كۆز يۇمدۇم.

كېچىسى مېنى باقى ئالەمدىكى ساقچىلار قىيناشقا باشلىدى. مەن بۇ ئازابلارغا چىدىيالماي، يەنە بۇرۇنقى ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەپسى يامانىدىن بىرسىنى تېپىپ، كىچىككىنە ئالتۇن بېرىپ ئەيۋەشكە كەلتۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قىينىماس بولدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن باقى ئالەمنىڭ ساقچىلىرى مېنى سوتلىدى. پانىي ئالەمدىكى گۇناھىم ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مېنى دوزاخقا مەھكۇم قىلىشتى. شۇ كۈنى تەڭ كېچە بولغانىدا، دوزاختىن قېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم. ئۈچ سائەتتەك يول يۈرۈپ دوزاخنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشىمگە ساقچىلار تۇتۇۋالدى. ئۇلار ئىچىدىنمۇ مال-دۇنياغا ئامراقتىن بىر نەچچىسى تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا يانچۇقۇمدىكى ئالتۇننىڭ يېرىمىنى بۆلۈپ بېرىپ، دوزاختىن قېچىپ چىقىۋالدىم......

يۈگۈرۈپ ئونىنچى كۈنىگە كەلگەندە جەننەتكە يېتىپ باردىم. ھاپىلا-شاپىلا جەننەتنىڭ ئىچىگە شۇنداق قەدەم ئېلىشىمغا جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان ساقچىلار تۇرۇپ كىرگۈزمىدى. مەن يەنىلا ئىلگىرىكى «ئارقا ئىشىك» تىن ئىبارەت دانا چارە بىلەن ئۇلارغا يانچۇقۇمدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆرمەسكە سېلىپ تۇردى. مەن جەننەتكە بىمالال كىرىپ كەتتىم. جەننەتتىكى تۇرمۇشنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىك، قانچىلىك بەختىيار ئىكەنلىكىنى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش كۇپايە قىلمايدۇ......

× ×

ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، كۆزۈمگە يەنە شۇ ئابباس كۆرۈندى. ئۇ يەنىلا دەھشەتلىك ئازابلانماقتىدى. دوزاخنىڭ تاش يۈرەك ساقچىلىرى قىزىتىلغان مىخلارنى ئۇنىڭ بەدىنىگە قاقماقتا، يىلان-چايانلار بەدەنلىرىگە يۆگەشمەكتە. ئىسىت بىچارە! ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان بولساڭ، بۇنچىلىك ئازابقا قالماس ئىدىڭ. خەير، ئەمدى بۇ ئازابنى ئۆز پېشانەڭدىن كۆر، دېدىمدە، ھاياجان بىلەن جەننەتتىكى ھوجرامغا قايتتىم.

# سەككىز يۈەننىڭ جاسارىتى

— مەن ئۆمۈر بويى توي قىلمايمەن، مېنى مەجبۇرلىماڭ ئاپا.

— ئۇنداق دېمە جېنىم قىزىم. بىچارە ئاپاڭنى بوشراق قىيىنىغىن.

— جېنىم ئاپا، سىزنى قىيناشنى ھەرگىز خالىمايمەن، ئەمما مەن توي قىلمىغىنىم قىلمىغان. ھەر قانداق كۈچ مېنى بۇ ئىرادەمدىن ياندۇرالمايدۇ.

— ئېيتقىنا، مۇنداق دېمەنا گەپلەرنى قىلىسەن قىزىم؟

— تۇرمۇش ھۆكۈمرانىنىڭ رەھىمسىز بۇيرۇقى مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان.

— ئاپاڭدىن نېمىنى يوشۇرىسەن قىزىم، ھەر قانداق گەپ بولسا ماڭا ئېيتقىن، مەن خوش بولۇپ كېتەي.

— سۆزلەشكە تىلىم كالۋالىق قىلىدۇ ئاپا، مۇشۇ خەتنى ئوقۇسىڭىزلا بىلىسىز.

ئايگۈل چىرايلىق قاتلانغان بىر نەچچە بەت خەتنى ئاپىسى گۈلباھارغا سۇندى.

«قەدىرلىك ئاپا، مەن سىزنى ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق قاتارىدا كۆرۈپ ئەزىزلايمەن ۋە ئاسرايمەن. سىز ئوقۇتقۇچى بولسىڭىزمۇ، بەربىر ئاجىز ئايال ئىكەنسىز. مەن ئۆگەي دادىنىڭ قولىدا قانچىلىك خورلاندىم، سىز مېنى ئۆگەي دادامنىڭ زەربىسىدىن قوغداش يولىدا قانچىلىك ئىزا-ئاھانەتكە قالدىڭىز؟

قىممەتلىك ئاپا، مەنمۇ كىچىكىمدىن تارتىپلا باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئۆز دادامنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ مەھكەم قۇچاقلاشنى، قانغىچە سۆيۈشنى، ئىللىق قۇچۇقىدا ئەركىن يېتىپ بەھۇزۇر ئەركىلەشنى قانچىلىك خالايتتىم-ھە؟!.........ئەپسۇسكى، مەن ئېسىمگە كەلگەندىن تارتىپ باشقا بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئوچۇق چىراي، تۈز كۆڭۈل دادىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ماڭا داۋاملىق قارايدىغىنى زەھەرلىك كۆز، مۇز چىراي بىر ئۆگەي دادا ئىدى. ئۇ سىز يوق ۋاقىتلاردا مېنى دائىملا ئۇراتتى. يۈزلىرىمنى، بەدەنلىرىمنى قاتتىق-قاتتىق چىمدىۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغانسامۇ، ئەمما قورققىنىمدا ھەرگىز يىغلىيالمايتتىم. ئىشقىلىپ مېنىڭ سىز يوق ۋاقىتلاردا قانچىلىك تاياق يېگەنلىكىمنى خۇدامۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئەگەردە قادىر خۇدا بىلگەن بولسىدى، ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بولار ئىدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدىمۇ مېنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىم سىنىپ بويىچە كونا ئىدى. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق سىزنى ئەيىپكە بۇيرىماقچى ئەمەسمەن. سىز ئۆگەي دادامدىن بىسوراق ھېچ نەرسە قىلالمايتتىڭىز. ھەتتا ماتېريال پۇلىنىمۇ تاغاردا بىر ئىزا-ئاھانەت ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىن بېرەلەيتتىڭىز.

تەقدىر بىر قېتىم ماڭىمۇ كۈلۈپ قارىغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم. ئۆتتۈم دېگەن بىلەن سىزگە يەنە خاپىلىق تېرىپ بەردىم. ئۆگەي دادام چىقىمدىن قورقۇپ مېنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتمەسلىك قارارىدا ئىدى. سىز مېنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىش يولىدا بىر نەچچە قېتىم تاياقمۇ يېدىڭىز.

نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز قېتىم تىل-ھاقارەت ئاڭلىدىڭىز. شۇنداق بولسىمۇ سىز بۇ ئاھانەتلەرگە چىداپ مېنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتتىڭىز.

ئالىي مەكتەپ ھاياتى-ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ھايات. ئىنسان ھاياتىنىڭ كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

ئاپا، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ بەزى سۆزلەرنى ئوچۇق ئېيتىۋېرەي، كەچۈرگەيسىز ئاپا!، ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردۈم. ياتاقتىكى قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشتانلىرىنى قىرلاش، كىيىملىرىگە ئەتىر سېپىش، يۈزلىرىگە ئوپا-ئەڭلىك سۈرۈش، چاچلىرىنى مايلاش، بارماقلىرىغا خېنە يېقىش بىلەن ئاۋارە، بۇ ئىشلار ھەر كۈنلۈكى تەكرارلىنىدۇ. ئەمما مەن بولسام كىيىملىرىمنى پاكىز يۇيۇپ كېيىگىنىمنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇنداق ياسىنىشلاردىن مۇستەسنا ئىدىم، ئۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كۆرە، سەھەر تۇرۇپ تىل يادىلاشنى ياخشى كۆرەتتىم.

يەنە كېلىپ ياتاقداشلىرىم كۆپىنچە ئائىلىسىدىن كەلگەن پۇل، كىيىم-كېچەكلەر ۋە پەدەز بۇيۇملىرى توغرىلىق كۆپرەك سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ھەر ئايدا 30 يۈەندىن كۆپ پۇل كېلەتتى. ماڭا بولسا ئايدا بەش يۈەن، بەزىدە ئاتام كېلىپ قالسا ئون يۈەن كېلەتتى. ئەمما مەن بۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنمايتتىم، چۈنكى سىز شۇ پۇللارنى نۇرغۇن تىل-ھاقارەتلەر بەدىلىگە ئەۋەتەتتىڭىز.

ئاپا!، ھېلىمۇ ياخشى مېنى خېلى چىرايلىق تۇغقان ئىكەنسىز. چىراي جەھەتتە باشقىلاردىن يار دەم سورىمىسامۇ، چىرايىمدا يەتكۈچە گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئەلۋەتتە. باشقا قىزلارغا ئوخشاش كۈندە پەدەز قىلىپ، ئوغۇللارغا نازلىنىپ يۈرمىسەممۇ، ھەمىشە ئوغۇللار ئارقامغا كىرىۋالاتتى. شۇ مەزگىللەردە خېلى كۆپ يىگىتلەر تەلەپ قويغانىدى. ھالبۇكى مەن ھەممىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانىدىم. چۈنكى كەلگۈسىدە توي قىلىپ قويسام، ئۆزەمنىڭمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش خورلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەن ......

بولۇپمۇ مۇنۇ ئىش دەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى يىلنىڭ تەتىل ھارپىسى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا قايتىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىن پۇل كېلىشكە باشلىدى. مەكتەپتىن ئانچە-مۇنچە پۇل بەرگەن بولسىمۇ، مەن بۇ پۇلغا ماتېرىيال سېتىۋالغانىدىم. تەتىل كۈنى يېقىنلاشقانىدا سىز سەككىز يۈەن ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، «بىتەلەي سوغا چىقسا، كالا تېزەكلەپتۇ» دېگەندەك بىلەت ئېلىش ئالدىدا سەككىز يۈەن پۇل يۈتۈپ كەتتى......

ئاھ سەككىز يۈەن پۇل، سەن شۇ ۋاقىتتا قانچىلىك قىممەتلىك نەرسە ئىدىڭھە؟!، سەندىن ئارتۇق كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە نەرسە دۇنيادا تېپىلارمۇ؟. يۈزلىرىمنى كاچاتلاپ، ياقىلىرىمنى يىرتىپ ئۈنۈمنى چىقارماي بۇقۇلداپ يىغلىدىم، نالە قىلدىم، تەقدىر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىم....

بەلكىم زېمىنغا ئىنسان پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق يوقسۇللارنىڭ يىغلىغان

(داۋامى 30-بەتتە)

# كۆتۈلمىگەن تەقدىر

(ھېكايە)

### مەتروزى ئىمىن

تۇخۇم سېۋەتتە تۇرۇپ چۈجە چىقارماس

— خەلق تەمسىلى

مەن دوستۇم ئابلا بىلەن بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بىر سىنىپتا ئوقۇغان. تېخى ھازىرمۇ بىر ئىدارىدا ئىشلەۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن كىشىلەر بىزنى «قوشماق مېغىزلار» دەپ ئاتىشىدۇ.

× ×

ئابلا بۈگۈن كۆز يېشى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم قايغۇسى كەلگەندىمۇ كۆزىنى نەم قىلىپ باقمىغان. جەزملەندۈرەلەيمەنكى، ئۇ مەن بىلىپ كۆز يېشى قىلغان ئەمەس. دوستۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە قايتا-قايتا سورىدىم. ئەمما جاۋابسىز قالدىم. ئۇ ھازىر يىغلاشنىلا خالايتتى.

دوستۇم يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن تارام-تارام چىقىۋاتقان يېشى قارامتۇل يۈزىنى نەمدەپ ئېلېكتر چىرىقىنىڭ نۇرىدا چۈشىنىپ بولماس سىرلارنى بىرگە ئېقىپ چۈشىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. يىغا ئاۋازىدىن ئۇنىڭ كۆز ئېقى قىزارغان بولۇپ، يىغا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ يىغلىغانسېرى ئۆكسۈپ، كۆكرەك قەپىزى كۆتۈرۈلۈپ قىسىلىپ خۇددى ئىچكى ئەزالىرى سىرتقا «شالاققىدە» چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى ئەنە شۇ ئېغىر ئازابىنىڭ شاۋقۇنلۇق ئېقىمى!

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن-تاڭ، ئۇ تىلغا كىردى ۋە پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— كېرەم، مەن ھازىر ئۆزەمنىڭ ھالىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، دىلىمدىكى ئەلەملىرىمنى سۆزلەشكە تىلىم بارمايدۇ. سورىغان سوئاللىرىڭنىڭ جاۋابىنى مانا بۇنىڭدىن ئوقۇۋال، — دېگىنىچە ماڭا ئۆزىنىڭ «كۈندىلىك خاتىرە» سىنى ئۇزاتتى. مەن قەلبىمدىكى تەقەززالىق بىلەن خاتىرىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقتىم. بۇنىڭ بىلەن كۆز ياشنىڭ «سىرى» نى تامامەن چۈشەندىم. ئاھ بىچارە دوستۇم!

ھاياتتا شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەنكى، دوستلار ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ، ئۇلاردا ئاشۇ يېقىنلىقىدىن باشقا يەنە بىر-بىرى بىلىشمەيدىغان ئۆزىگە لايىق مەخپىيەتلىك-

لىرى بولىدىكەن، مەن بۇ پەلسەپىنى دوستۇمنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن ئابلادىن ئاغرىنمايمەن، بىز يەنىلا «ئىككى دۇنيالىق دوستلار».

تۆۋەندە دوستۇمنىڭ كۆز يېشىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغان كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى «كەچۈرمەس» ماۋزۇلۇق خاتىرىنى تەقدىم ئېتىمەن. بەلكىم بۇ ئارتۇق كەتكەن بولماس.

جاھاندىكى ئىشلار مەن بىلەن قېرىشقاندەك، ماڭا ھەممىلا ئىش تەتۈر كېلىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەسلى ئانچە تەسىر كۆرسەتمىگەن بەزى ئىشلار ئەمدى كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئازابلاۋاتىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلمىغان يەردىن چىقىپ مەندە ھەسرەت پەيدا قىلىۋاتقان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن كەچۈرمىشلىرىمدىن يېزىشقا تېگىشلىك دېگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى يېزىۋاتىمەن. شۇ ئارقىلىق كۆڭۈل- كۆكسۈمنى بوشىتىۋېلىشتىن باشقا مۇددىئايىم يوق.

مەن ئالىي مەكتەپكە كېلىشتىن بىر يىل بۇرۇن بىر قىز بىلەن تونۇشقان. ئىككىيلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. بىزنىڭ تونۇشىشىمىز بىرگە ئۆگىنىش قىلىشتىن باشلانغان. دەسلەپكى كۈنلىرىمىز «ئۆگىنىپ بولدىڭىزمۇ؟»، «تاپشۇرۇقنى قانداق ئىشلىدىڭىز؟»... دېگەنگە ئوخشاش سۆھبەتلەر ئۈستىدە بولسا، كېيىنچە «قانداق بۇلار؟...»، «شۇنداق بولسىدى...»، «ئەگەر شۇنداق بولمىسا ...» دېگەندەك ھەم شېرىن ھەم مۇرەككەپ بىر خىل مۇناسىۋەت مەيدانغا كەلدى. ئۇچىقىنى ئېيتسام، ئۇ قىز بىلەن مېنىڭ يۈرىكىم ئالمىشىپ بولغانىدى. توۋا، بۇرۇنلاردا ئۇ قىز بىلەن شۇنچە ئەركىن پاراڭلىشاتتىم. ئەمدىلىكتە «كەپنى تاپسام يارى يوق، يارنى تاپسام گەپ» دېگەندەك بىر ئىش بولغىلى تۇردى. ئۇ يوق چاغلاردا نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى ئويلايدىغان، نۇرغۇن شېرىن پىلانلارنى تۈزىدىغان، كەيپىيات جەھەتتىن ئادەتتىكىدىنمۇ كۆتىرەڭگۈ بولۇپ كېتىدىغان، قىز قېشىمغا كەلسە، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ، پۈتۈن ئەزايىم شۈررىدە ئىرىگەندەك سېزىم بىلەن چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. دەل شۇ ۋاقىتلاردا يۈرىكىمنىڭ دەرتسىز سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. مىڭ تەسلىكتە ئۇ قىزغا يەرتېگىدىن «لاپ» قىلىپ قارىۋالغىنىمدا بولسا، ئۇنىڭ نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزىدە ماڭا ئىپادە قىلىشقا پېتىنالمايۋاتقان يۈرەك سۆزلىرىنىڭ بارلىقى بىلىنەتتى. نازۇك، زىلۋا بەدىنىگە يارىشىملىق ئۇزۇن تال-تال قارا چاچلىرى قوشۇلۇپ قىزنى تەۋەتلا گۈزەل كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرى ئۇيات پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاش ئالدىدا تۇرغان يۈرەك ساداسىنى توسۇپ تۇرغان بولۇپ، ئاق سۈزۈك مەڭزى خۇددى ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ھالنى كۆرگەندە قايسى بىر شائىرنىڭ:

كۆرۈپ قالسام قارىغىنىڭنى،
يوشۇرىسەن ئۇ ھالنى دەرھال.
قاچانغىچە مەغرۇرلۇقىمىز ،
جۈپ يۈرەككە قىلىدۇ ئۇۋال؟!

دېگەن مىسرالىرى يادىمغا كېلىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇپ «چاقىرىق خېتى» كۈتۈۋاتقان مەزگىللەر-

دە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنى بولغۇسى «تو-يىمىز»غا بېرىپ يەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈش-ئۆتەلمەسلىكىمۇ بىزنىڭ خىيالىمىزدىن يىراق ئەمەس ئىدى. مانا شۇنداق خۇشال يۈرگەن كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە، روزى ھېيت يېتىپ كەلدى. بازار-كەنت، رەستە... لەردە كىشىلەر ھېيتنىڭ پەيزىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن سۈرمەكتە ئىدى. بىز دوستلار بىلەن سەپ تارتىپ ئويناقلىشىپ، قىن-قىنىمىزغا سىغمىشماي بىز قۇتلۇق كۈننى ئۆتكۈزىۋاتاتتۇق. ھېيتنىڭ 3-كۈنى دوستلار بىلەن ما-ئارىپ ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى قارا دوسكىغا چىقارغان «خۇشخەۋەر» دېگەن ئېلاننى كىشىلەر توپىنى يېرىپ بېرىپ كۆردۇق. بۇ ئالىي مەكتەپكە تۈنجى رەت قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ۋە باشقا ئون نەچچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. خۇشاللىقىمىزدىن سەكرىشىپ كەتتۇق، ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىغان-لارمۇ بولدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باققان ئەمەستىم. بىراق مېنىڭ بۇ خۇشلۇقۇم ئۇزۇنغا بارمىدى. خۇددى «قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك» جىمىپ قالدىم. بۇنداق بولۇشقا سۆيگۈنۈم دىلنارنىڭ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئورۇن ئالالمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

يولنىڭ ياقىسىدا ماڭا تەلمۈرگىنىچە مەيۈس ھالدا تۇرغان دىلنارنى كۆرۈشىم بىلەن تەڭلا يۈرىكىم يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك ئېچىشقىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ باردىم . دىلنار سوئاللىق نەزىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، بېشى بى-لەن باغچا تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ تېز-تېز قەدەم تاشلىدى. بىز باغچا دەرۋازىسى-نىڭ شەرق تەرىپىدىكى باراقسان بىر جايدىن ئورۇن ئالدۇق. ئارىنى بىر مەزگىل سۈ-كۈت باسقاندىن كېيىن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆز باشلىدىم:

— دىلنار، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بەك شەخسىيەتچى ئىكەنمەن، بايام سىزگە قارىماي ئۆزەم ئۈچۈنلا شادلىنىپ كېتىپتىمەن.

— نېمىدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسىز؟ بۇ شادلىق ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئورتاق تۇرسا، بىراق مەنمۇ ...،— ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋالدى. بۇ پەيت مېنىڭ دىلنارنى بەزلەيدىغان، تەسەللى بېرىدىغان پەيتىم ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىغىچە «ئەلاچى ئوقۇغۇچى» ئىدى. تۆت ئاي بالنىستتا يېتىپ قېلىشى سەۋەبىلىك بۇ ئەھۋال كېلىپ چىقتى. مەن مانا شۇ ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇنى بەزلەۋاتى-مەن، دىلنار بولسا «ھە-ھە»، دەپلا ئولتۇرماقتا... سۆھبىتىمىز ئەسلى سۈرۈس، كۆڭۈل-سىز ئىدى. قانداق سېھرى كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولدىكىن، بىراقلا قايغۇدىن شادلىققا يۆتكەلدى. شۇ تاپتا يۈرىكىمىزدىن ئېتىلىپ چىققان سۆزلىرىمىزنى توسۇپ بولماس ئىدى.

— دىلنار، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ھازىرلا ئەمەس، مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن،— دېگەن سۆزلەرنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق قۇدرەت بىلەن شۇنچە چاراقلىق چىقىپ كەت-كىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەمما سۆزدىن توختاپ ئانچە جىددىيلەشمىدىم. دىلنار ماڭا زوق بىلەن قاراپ تۇرماقتا، ئۇ قەيسەرلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراشلى-

رىدا بىر ئوتلۇق ھېسسىيات بىلىنىپلا تۇراتتى. كۆزلىرىمىز بىرنەچچە سېكۇنت ئۇچراش-
قاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرماسلىققا جۈرئەت قىلالمىدىم.
«ئابلا، جېنىم، مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈمەن...» دېگىنىچە كۆكسۈمگە باش قويدى
ئۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىر پارچە ئوتقا ئايلانغاندەك ئىدى. مەن شۇ
ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ئۆمرۈمدە بۇنداق گۈل بەدەننىڭ
ماڭا يېقىنلىشىشى تۇنجى قېتىم بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ھاياجانلانغانلىقىمدىن گويا ئۆ-
زەمنى ئۆزەم ئەمەستەك ھېس قىلدىم. بۇ ھال ناھايىتى قىسقا داۋاملاشقان بولسىمۇ،
لېكىن قەلبىمدە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى. ئازراق شادلىقتىن كېيىن، بىزنى خىجىل-
لىق كۆپ بىئارام قىلىپ، ئىككىمىزنى بىر قانچە مىنۇت قاراشتىن، سۆھبەتتىن مەھرۇم قىلدى.
بېكەت ناھايىتى قىزىغانىدى. يولۇچىلار، خوشلاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىراش
ھەرىكەتلىرىگە بېكەت ئەتراپىدىكى ناۋايلار، كىچىك تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقى-
رىپ توۋلاشلىرى قوشۇلۇپ «قايناق بازار» شەكىللەنگەنىدى. مەن بىر نەچچە ئا-
غىنەم ۋە ئاتا-ئانام بىلەن بىللە ئادەملەر توپىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆزەم چىقماقچى
بولغان ئاپتوبۇس تەرەپكە كېتىۋېتىپ خىيالىمدىن «دىلنار ئۈلگۈرۈپ كېلەرمۇ»
دېگەن پىكىرلەرنى ئۆتكۈزدۈم. تۇيۇقسىز ئۇدۇل تەرىپىمدىن دىلنار
يۈگۈرگىنىچە كېلىپ سومكىنى قولۇمدىن ئالدى. ئۇ مۇشۇ مىنۇتلاردا ماڭا شۇنچە يېقىم-
لىق، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە مېھرىبان بىلىندى.
ئۇ ماڭا بىر سېرىق كونۋېرتنى سۇنۇۋېتىپ:
— سىزگە ئاق يول تىلەيمەن ئابلا، بارغاندىن كېيىن خەت يېزىپ تۇرارسىز.
ياخشى ئوقۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن، مېنى ...، — دېگىنىچە كېيىنكى ئاخىرىنى يۇتىۋەت-
تى، ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى قىزىل گۈل بەرگىدىكى شەب-
نەم تامچىسىدەك جىلۋىلىنەتتى. لېكىن مېنىڭ تىلىمغا گەپ كەلمەيتتى. ئاتا-ئانام-
غا «خوش» دېيەلمىگىنىمنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن بىلەن قېرىشقاندەك ئاپتوبۇس
ئورنىدىن قوزغالدى ۋە بېكەتتىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. دېرىزىدىن بېشىمنى چىقى-
رىپ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم. كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش كۆڭلۈمنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.
بىر ئازدىن كېيىن مەن ئورۇندۇقتا «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدىم، قولۇمدا دىلنار
بەرگەن ھېلىقى كونۋېرت تۇراتتى. ئۇنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. ئىچىدىن 50 يۈەن پۇل
بىلەن بىر پارچە خەت چىقتى. خەت قىسقا، ئەمما ناھايىتى رەتلىك ۋە تەسىر-
لىك يېزىلغانىدى.
«يۈرەك سۆزۈم:
سىزدىن ئايرىلىشتا كۆزۈم قىيمايدۇ جېنىم ئابلا. لېكىن سىز ئوقۇشقا كېتىۋاتى-
سىز، ئامال قانچە؟! مەن سىزنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا قەدەم باسقانلىقىڭىزدىن
بەكمۇ پەخىرلىنىمەن. مەن سىزگە ئۆزەمنى تولۇق تاپشۇرالمىغانلىقىمنى مانا ئەمدى
چۈشىنىۋاتىمەن. سىزمۇ شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، مەن ئۆزەمنى پەقەت سىز ئۈچۈنلا
يارالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. جانلىق ئوبرازىڭىز ماڭا دائىم ھەمراھ، يول باشلى-

غۇچى مەدەتكاردۇر. ئابلا، مەن بۇ يىل قايتا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىمەن. مېنى كۈتۈڭ!

سىزنى سۆيۈپ دىلنار.

1982- يىل 10- ئاي، كېچە»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى تومۇز كۈنلىرى قاقاس چۆلدە لەشاندىن ئازغان مادارسىز كارۋان ئەمدىلا بېغىشىدىن ئۈزۈلگەن بىر تاۋۇزنى ئۇچرىتىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغىنىدەك تېتىكلەشتىم. دىلنار توغرىسىدىكى ئارىسالدە خىياللىرىم ئىزىغا چۈشتى.

× ×

ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى بېشىمدىن كۆچۈرۈۋاتقىنىمغا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. بۇ جەرياندا دىلنارغا تەلمۈرمىگەن، ئەسلىمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق. ئۇ مۇخەتخالتىلىرى بىلەن ئۆز ساداقىتىنى ئىپادىلەپ، مېنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇردى. يازلىق كانىكۇل كۈنلىرى يېتىپ كەلگىلى ئاز قالدى. مەن ئۈچۈن بۇ كۈنلەر يىلدەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر بىر سېھرى كۈچۈم بولغان بولسا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، باشقىچە بىر مۆجىزىنى ياراتقان بولاتتىم.

مانا يازلىق كانىكۇل قىلىش ئۈچۈن «خۇاگېن» ماركىلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرۇپ دوستلىرىم بىلەن يۇرتۇمغا كېتىپ بارىمەن. يول بويى «تېز ماڭساڭ» تىن باشقا ھېچنەرسە خىيالىمغا كىرمەيتتى. بەزى چاغلاردا تەقەززالىق بىلەن ئۆزەم ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن ئالدىنقى ئورۇندۇقلارغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ، دوستلىرىمنىڭ كۈلكىسىنى قوزغاپ قوياتتىم.

بۈگۈن سەھەردىن ھېسابلىغاندا، يول يۈرۈۋاتقىنىمىزغا تۆت كۈن بولغانىدى. ئاپتوبۇس ئەمدىلا قوزغىلاي دېگەندە، 26 - 27 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، قاشلىق، سىم بۇرۇتى قارىمۇتۇق چىرايىغا ئانچە ماس كەلمىگەن، تەلىتىدىن ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت قولىدا كىچىككىنە بىر سومكىنى كۆتەرگىنىچە ئاپتوبۇسقا چىقتى - دە، مېنىڭ يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. بىز مۇندا قالا قارىشىپ قويۇپ ئۆز ئىشىمىز بىلەن مەشغۇل بولدۇق. يول يۈرۈۋاتقىنىمىزنىڭ بەشىنچى كۈنى مەن ھېلىقى يىگىت بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ قالدىم. ئۇ مەن ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە كىشى ئىدى. ئۇ تەكەللۇپسىزلا سۆز باشلىدى:

— مەن سودىگەر ئۇكام، مالغا كەلگەن، يۇرتقا كېتىۋاتىمەن، — دېگىنىچە يانچۇقىدىن «قارلەيلىسى» ماركىلىق تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ ماڭا سۇنغاچ سوردى:

— نەدىن كېلىشىڭىز، ئوقۇغۇچى ئوخشىمامسىز؟

— ئۈرۈمچىدىن، مالىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن، — دېدىمەن قىسقىلا قىلىپ.

سۆھبەت ئارقىلىق بۇ يىگىت بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ چىقتۇق. ئۇنىڭ ئىسمى مەتسەيدى بولۇپ، بۇرۇن بەش يىل ئەتراپىدا باشقا يۇرتلاردا ئوقەتچىلىك قىلغان ئىكەن. ئۆتكەن يىلى يۇرتقا قايتىپ توي قىلىۋاپتۇ. ھازىر ئايالى بىلەن يۇرتىدا ئوقەت-

چىلىدىك قىلىدىكەن . مەن ئۇلىڭغا قىزىقىپ قالدىم .

— ئاپاڭىز ئوقۇغانمۇ ؟ ، ئۇ سىزگە خېلى كۆيىنىدىغاندۇ ؟ ، — دەپ سورىدىم مەن ئۇلىڭدىن قىزغىنلىق بىلەن .

— ئوقۇغان ، هازىر دۇكاننى ئۆزى باشقۇرۇۋاتىدۇ . ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپتىكەن، ئۆتەلمەپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت دانە — دانە قىلىپ هەم ئۆزىنىڭ بۇ خوتۇنغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭدىن ئۆز ئاپالى توغرىسىدىكى سۆپەتلەرنى ئاڭلاپ ، دىلنارنى ئويلاپ قالدىم . خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم ۋە « كېپىكىنى قوي يىگىت ، كەلگۈسىدە دىلنار ئىككىمىز سىلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەختلىك بولىمىز » دېدىم . ئۆزەمچە خۇشخۇيلىنىپ لەۋلىرىمنى خۇددى كىچىك بالا ناۋات يېگەندەك تامشىپ يالاپ كېتىپتىمەن . مەتسەيدى ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى — يۇ، باشقا گەپ قىلمىدى . مەن خىيالدىن ئويغىنىپ ئاغزىم قىچىشقاندەك يەنە ئۇنىڭ ئاپالى ھەققىدە سورىدىم. بۇ سوراقنىڭ مەن ئۈچۈن نە قەدەر ئازاب ئېلىپ كېلىشىنى نەدىن بىلەي؟!

— مەتسەيدىكا، ئاپاڭىز قەيەرلىك ، ئىسمى كىم ؟... — مەن تېترەپ تۇرۇپ سورىدىم . ئۇ ماڭا چالا قويماي تەپسىلى سۆزلەپ بەردى .

— ئاپام ھېيتكالىق دىلنار ، دادىسى مەتقاسىم ھاجىم سودا كوپىراتىپىدا ئىشلەيدۇ . ئانىسى ئايشىخان چوڭ بازاردا دۇكان ئاچىدۇ ....

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ ئۆزەم تەۋرىنىۋاتقان بەخت سەگۈنچىكىدىن تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك خۇدۈمنى يوقىتىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن . مەن تىلدىن قالغاندا، مەتقاسىم دوستلىرىمغا ئۆزىنىڭ دىلنارنى ئەسلى تونۇمايدىغانلىقىنى ، ئانىسى ئارقىلىق تونۇشۇپ ، بەشمىڭ يۈەن تويلۇق تاپشۇرۇپ توي قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . يەنە ئۇ : « مەن دىلنار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈنىنىڭ بارلىقىنى ، ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ، لېكىن ھازىر ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ ، پۇلنى ئويلايدىغىنىنى، شۇڭا ئۆزى بىلەن رازىمەنلىك بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى دېگەنىدى » دەپتۇ .

مەن دوستلىرىمدىن بۇ تارقى سۆزلەرنى ئۇققاندا، چىشلىرىمنى كىرىشىپ ئۇيۇشۇپ كەتكەندەك بىلىندى . گويا سېزىمچانلىقىمنى يوقاتقان ئادەمدەك گاڭگىراپ قالغانىدىم . دوستلىرىمنىڭ تەسەللىسى بىلەن يۈرىكىمدىن قايناۋاتقان ئازاب، ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، دىلنارنى « تۇفى» دېدىم ، تەلىيىمدىن چىقىرىپ تاشلاپ ، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدىمەسلىك قارارىغا كەلدىم .

× ×

گەپنىڭ پوس كاللىسىنى دېسەم، مېنىڭ دىلناردىن ئايرىلغىنىمغا ئىككى يىل، گۈلنار بىلەن يۈرۈۋاتقىنىمغا بىر يىل بولاي دەپ قالدى . بۇ ئۈچ يىل مەن ئۈچۈن ھەممە نەلىك ، ھەم مەنىسىز ئۆتكەن يىللار بولدى . مەنىسىز ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەمدى ئەسلەپ ئولتۇرمايمەن . ھەي ، ئۇ لەنەتى يىللار ! ...

كىشى ھامان ئالغا ئۈمىدۋار قارىشى كېرەك. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغانلىغا بىر يىل قالغانىدا، ساۋاقداشىم گۈلنارغا «تەلەپ» قويدۇم. ئۇ قىز ساۋاق-داشلىرىم ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياخشى تەسىر قالدۇرغان بىردىنبىر قىز ئىدى. ئىككىمىزنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەت تۇيغۇسى مەكتەپكە كەلگەن كۈنلەردە شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆپىنچە ئۆگىنىش ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمىز بىللە ئۆتەتتى. ئۇ بەكمۇ شوخ، تېتىك بولۇپ، ئاشۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلب قىلاتتى. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىيلەن ئالدىمىزغا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى بىللە يېڭەتتۇق.

بىر كۈنى فاكۇلتېتلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدە قارشى تەرەپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بېقىنىمغا قاتتىق تېپىۋېتىپ قالدى. دەل شۇ مەيداندىلا يىقىلىپ، بىر ئايدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم، مۇشۇ كۈنلەردە مەندىن خەۋەر ئالغۇچى يەنىلا گۈلنار بولدى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا بىز بىر نەچچە يىلەن دەم ئېلىش كۈ-نىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باغچىغا چىقىپ يوتامغا لوكچەكلەر تەرىپىدىن پەچاق يېگەن-دىمۇ مېنىڭ ساقىيىشىمغا ئوتلۇق مېھرىنى ھەم بىر يۈز ئەللىك گرام ئىسسىق قېنى-نى تەقدىم قىلغان كىشى ئاشۇ گۈلنار بولدى. ئىككىمىز خۇددى بىر-بىرىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئۆتكىنىمىزگە قىل سىغمايدۇ، ئۇنى دىلنارنى ياخشى كۆرگەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. گۈلنار توغرىسىدىكى مەدھىيىلىرىمنى يېزىپ تۈگەتمەش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. يازغانلىرىم پەقەت دېڭىزدىن تامچىدۇر.

× ×

«باھارنىڭ زىمىستانى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار»، شات-خۇراملىقنىمۇ قايغۇدىن خالى دېگىلى بولمايدۇ. مانا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىز ئاخىرلاشقىلى يىل ئەمەس، ئاي ئەمەس، پەقەت بىر نەچچە كۈنلا قالدى. گۈلنار ئىككىمىزنى ئازاب، بىئارامىلىق ئىسكەنجىسىگە ئېلىشقا باشلىدى. ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن مەڭگۈ بىرگە بولىمىزمۇ ياكى ئايرىلىپ كېتىمىزمۇ ؟!. ياق، بىز ھەرگىز ئايرىلىشنى خالىمايمىز. شۇڭا نۇر-غۇن «ئۈنۈملۈك چارە» لەرنى ئويلىدۇق، ئويلاۋاتىمىز.

ئەسلى گۈلنار مەن بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا بېرىشقا رازى بولغانىدى. بىراق ئۇ يالغۇز قىز ھەم دادىسىدىن ئون يىل ئىلگىرى ئايرىلىپ قالغان. ئاتمىش ياشلىق ئانىسى ئالدىمىزدىن ئۆتتى. گۈلنار ئانىسىدىن مەسلىھەت سوراپ خەت يازغانىدى. مېھرىبان ئانىسىدىن مۇنداق خەت كەلدى: «قىزىم كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، ھەرگىز سېنىڭ بەخ-تىڭگە ئولتۇرۇش مۇددىئايىم يوق. خېتىڭدە يىگىتىڭ بىلەن كېتىمەن دېگەنلەرنى يېزىپ-سەن. دەرۋەقە شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، مەن ساقسىز. مېنى بۇ ھال-دا قويۇپ كەتسەڭلەر، ئاخىرقى ئۆمرۈم قانداق ئۆتىدۇ؟ ئۆلۈپ-تارتىپ قالسام، ئې-گىلىكىمنى كىم تاپىدۇ؟ قىزىم، ئاۋۋال مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار، مەندىن كېيىن قالغان كۈننىڭ ئەتىسىلا يىگىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتسەڭ، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازىمەن.

قالغىنىنى ئوبدان ئويلاپ باقارسىلەر...»

بۇ ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ قايسى بىر سۆزى توغرا ئەمەس؟ مەن گۈلنارنىڭ يۇرتىغا كەتمەكچى بولۇپ پاكولتېت رەھبەرلىكىگە «ئىلتىماس» يازدىم، ئۇلار ئائىلەمنىڭ قوشۇلۇش ئىسپاتىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مېنىڭ ئۆيگە يازغان خېتىمنىڭ جاۋابى گۈلنارنىڭ ئانىسىدىن كەلگەن خەتتىنمۇ تەسىرلىك ئىدى. دادام خەتتە: «ئوغلۇم، ساڭا يۈرىكىم ئېچىشىۋاتىدۇ، ئۇ قىزغا بارىكاللا! كۆپتىن-كۆپ رەھمەت!...سېنى دەپلا يۇرتىمىزنى چەت-ياقا كۆرمەي كەلمەكچى بولۇپتۇ. بىز ئاشۇ ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ، تەلەپىڭگە قوشۇلماقچى بولغانىدۇق ئويلاپ باق ئوغلۇم، ئاناڭ ئوتتۇز يىل ئۆپكە كېسەللى تارتتى. ھازىر ھالى تېخىمۇ خەتەرلىك بىر تېرە، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالدى، مەنچۇ؟ مەنمۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ كاساپىتىدىن رىماتىزىم كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان تېخىچىلا ساقايمىدىم، ئۆزەڭ بىلىسەن سېنىڭ كېلىشىڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ، كۆز گۆھىرىمىز «شورىدە» ئېقىپ كېتەي دەپ قالغاندا سەن كەلمىسەڭ، قانداق بولغىنى؟ بولسا شۇ قىزنى ئېلىپ.... ياق ئوغلۇم، ئوبدان ئويلاپ باقارسەن...»

بۇ خەتلەرنىڭ قايسى بىرسىنى يالغان دېگىلى بولسۇن؟ ئاخىرى ئەمەلىيەت بىزنى قايىل قىلدى. بىز ئايرىلىش ئەمەس، بەلكى ھازىرچە ئاتا-ئانىمىزنىڭ رايى ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىمىزغا ۋاقىتلىق كېتىشكە يۈرەكلىرىمىز لەختە-لەختە بولۇشقان ھالدا قوشۇلدۇق، يۈرىكىمىز كەلگۈسىدە چوقۇم قوشۇلۇشقا ئۈنسىز ۋەدە بەردى.

بۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا ئانچە ئوچۇق ئەمەس ئىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ھەرقايسى جايلارغا بارىدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بىلەن توشقانىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى كۈلۈشۈپ، بەزىلىرى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈشۈپ، بەزىلىرى تىترەك ئاۋازلار بىلەن ئاللىنېمىلەرنى دەپ خوشلاشماقتىدى.

گۈلنار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرىۋاتقىنىمىزغا ئىككى سائەت بولاي دەپ قالدى، ھازىر ھەر ئىككىمىز بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. ئازابلىق يۈرەكىمىزنىڭ شاھىدى بولغان كۆز ياشلىرىمىز قىلىرىمىزنىڭ دۇمبىسىنى يۇيۇپ تامماقتا ئىدى. پەقەتلا «رازى بولۇڭ، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز، مېنى كۈتۈڭ ...» دېگەنلەرنى ئاغزىمىزدىن مىڭ تەسلىكتە چىقىرالايتتۇق.

گۈلنار چىقىدىغان ئاپتوبۇس قوزغىلىشقا تەمشەلگەندە، ئۇ يولۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتى، يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغالغاندەك پۇلاڭلاپ كەتتى، قەلبىم تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان سۆيگۈ بېغىمنىڭ پەرۋىشچىسى گۈلنار قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قولىنى پولاڭلاتتى. ئاپتوبۇس قوزغىلىپ خېلى بىر يەرگىچە مەن ئارقىسىدىن ئىختىيارسىز يۈگەردىم، تۋۋلىدىم، «ئاھ گۈلنار...» گۈلنار چۈشكەن ئاپتوبۇس كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. مەن شۇ ئورنۇمدا «گۈلنار» دېگىنىمچە يىقىلغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلىرىم بىلەن يۇرتقا

قايتىدىغان ئاپتوبۇستا يېنىمىك تەۋرىنىپ يېتىپتىمەن. يۇرتداشلىرىم ماڭا قارىغىنىچە غەمكىن ھالدا ئولتۇرۇشۇپتۇ، مەن يەنە يىغلىدىم. بۇ «ساراڭ ئاپتوبۇس»لار بىزنى ھەسرەت ئوچاقلىرىغا تاشلاپ، بىرىمىزنى شىمالغا، يەنە بىرىمىزنى جەنۇبقا ئېلىپ ماڭدى... تۇۋا، تۇۋا!... بارچە كەلگۈلۈك پەقەت مەن ئۈچۈن، مېنىڭ بەختىم ئۈچۈنمىدۇ؟! مەن يەنە يىغلىدىم...

× ×

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مەن سىزگە دوستۇم ئابلانىڭ «كەچۈرمىش»لىرىنى سۆزلەپ بەردىم، سىز ئۇنىڭ نېمىشقا كۆز يېشى قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى مەن بىلەن ئوخشاشلا چۈشەندىڭىز. ئەمدى سىزمۇ دوستۇمغا ماڭا ئوخشاش «ئەمدى يىغلىما، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى» دەپ تەسەللى بېرىڭىز...

(بېشى 21-بەتتە)

يىغىسىنىڭ، مېنىڭ شۇ تاپتىكى يىغلىغىنىمغا تەڭ كېلەلىشىگە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

جېنىم ئاپا!، شۇ ۋاقىتتىكى سەككىز يۈەن پۇلنىڭ قانچىلىك زور پۇل ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەيسىز. ئۇ ماڭا ئۆز قىممىتىنى، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ زورجاسارىتىنى نامايەن قىلغانىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىغا قالغان بالىنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، شۇنداق بالىنىڭ ھالىغا ئېچىندىم.

جېنىم ئاپا! مەن دەسلەپتە توي قىلغانلىدىن كېيىن خۇددى سىزگە ئوخشاش باشقىلار ئالدىدا خورلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنىدىم، ئەمما ھازىرقى مۇشۇ مىنۇتلاردا بولسا، ئۆزەمنىڭ ئەمەس، ئۆز پەرزەنتىمنىڭ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا خورلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم ۋە قورقتۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەبەدى توي قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم. مەن ئۆزەمنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇمايمەن، كىشىلەرگە يېلىنىپ، يالۋۇرماي مۇستەقىل ياشاي-مەن، ھەرگىز قۇل بولمايمەن. بۇ مېنىڭ قىپقىزىل يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان جاراڭلىق سادا ۋە مەردانە قەسىمىم.

ئاپا، مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن، بىراق ئاجىز ئىرادىڭىزدىن ئاغرىنىمەن. چۈنكى سىز ھەقىقىي ئىرادىلىك ئوقۇتقۇچى بولغان بولسىڭىز ئىدى كاشكى، ئۇ رەھىمسىز ئائىلىدىن ئاجراپ چىقىپ مۇستەقىل ھايات كەچۈرگەن بولاتتىڭىز. ئەپسۇسكى، سىز «ئەرلەر ئاياللارنىڭ يېرىم خۇداسى» دېگەنىدىن ئىبارەت بىر رەزىل تونىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىۋالغاچقا، ئاشۇنداق بىچارە، ئاشۇنداق قۇل ھالەتتە ياشاۋاتىسىز. مەن بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق بىر جاراڭلىق سادا ياڭرىتايكى، سىز بۇ ياۋۇز تونىنى يىرتىپ تاشلاڭ ئاپا!...»

گۈلباھارخان ھەدە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قىزىغا ئۆزىنى ئاتقىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئايگۈلمۇ ئاپىسىغا مەھكەم چاپلاشتى. شۇنداق قىلىپ ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ قەلب دەرياسىدىن ئاققان ياشلار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ غايەت زور بىر ئېقىنى ھاسىل قىلدى.



يولداش ئەركىن داۋۇت 1960-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزىسىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1978-يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1982-يىلىدىن بېرى ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. 1987-يىلى لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر فاكۇلتېت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىمەكتە.

ئاپتور 1981-يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ياشلىقىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، نەسرلىرى، توققۇز پارچە ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. يېقىندا «سۆيگۈ كۆلەڭگىلىرى»، «خۇش چىرايلار ــ گۈلدەك چىرايلار» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە سۇندى.

# بۇلدۇقلايدۇ خىياللىرىم بۇلاقتەك

**ئەركىن داۋۇت**

## توي قىلىدۇ

قىزنى قويۇپ ئۆيدىن چىققىلى،
نەپەس ئالسۇن ئەركىن ھاۋادا.
ساقلاپ تۇرار ئۇنى يىگىتى،
گۈل-چېچەككە تولغان دالادا.

مۇھەببەتنىڭ پەيزى باشتىچە،
بىر-بىرىگە ئالسۇن قېنىشىپ.
توي قىلىدۇ بۈگۈنكى كۈندە،
يىگىت-قىزلار ئۆزى سىنىشىپ.

## ئالما بەردىڭ

ئالما بەردىڭ ئالدىم ئالمىنى،
تازىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
«رەھمەت» دېدىم قەددىمنى رۇسلاپ،
جۈپ كۆزۈڭگە ئوتلۇق تىكىلىپ.

ئاق ئالمىدەك ئاقىنە چېھرىڭ،
كەتتى گويا ئوتتەك قىزىرىپ.
ماڭا مەيلىڭ بار ئىكەن جانان،
ھەركىتىڭدىن قالدى سېزىلىپ.

ئالما بەردىڭ ئالدىم ئالمىنى،
تازىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
ئىككىمىزنىڭ رىشتى زەنجىردەك،
بىر-بىرىگە كەتتى چىگىلىپ.

## سۆيەر سېنى

ئۇلتۇرۇپسەن ئالما تۈۋىدە،
جۈپ كۆزۈڭدىن ئۇنچە ياش تۆكۈپ.
گويا توپتىن ئايرىلغان قۇشتەك،
پىراقلىقتا خىيالغا چۆكۈپ.

چېرىڭ سېنىڭ سارغايغان شۇنچە،
سىردىقلىقتا بەئەينى سامان.
رىشالىقتىن زارلانما قاقشاپ،
تۇرمۇش يولى ئېگىز - پەس ھامان.

تاشلاپ كەتكەن بولسا سۆيگىنىڭ،
ئۇنتۇپ ئۇنى يېراقلارغا باق.
سۆيەر سېنى يەنە باشقىسى،
كۆڭلۈڭ قاردەك بولسىلا ئاپئاق.

## قارايتالماس

كۈننى سۆيۈپ كېلىمەن كۆكتە،
كۈنگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن.
بېغىشلانغان ئاڭا باشتىلا،
ئوتتەك قىزىق ۋۇجۇدۇم پۈتۈن.

كۈننى سۆيۈپ كېلىمەن كۆكتە،
كۈنگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن.
قارايتالماس سۆيگۈمىنى زىندانلار،
قارا تۈندەك قاپقارا تۇتۇن.

كۈننى سۆيۈپ كېلىمەن كۆكتە،
كۈنگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن.
دىلدا شادلىق، دىلدا ئىپتىخار،
دىلدا يوقتۇر قىلچىمۇ تۈگۈن.

## مەن تەييار...

سۇرۇلدى شىۋىرغان، سۇرۇلدى بۇلۇت،
كەڭ ئاسمان ئېچىلدى شىشىدەك سۈزۈك.
كەل نىگار، ئوينايلى گىتارىڭنى ئال،
كۆڭلىمىز قانغىدەك بىر ئاخشام تۈزۈك.

سۇرەيلى ھاياتنىڭ شېرىن پەيزىنى،
ياڭرىسۇن ئاخشىمىز باغلارنى كېزىپ.
مۆھتەرەم ئاشلار ھۆرمىتى ئۈچۈن،
گۈل دەستە سۇنايلى چىرايلىق تىزىپ.

بەش كۈنلۈك ئالەمدە ئۆتەيلى ئىناق،
بەختىمىز چولپىنى كۈلسۇن نۇر چېچىپ.
ئاتاشتەك تىنىقلار مىنگىشىپ ئالسۇن،
مەن تەييار كۈتۈۋال باغرىڭنى ئېچىپ.

## بولدۇقلايدۇ خىيالىم بۇلاقتەك

بولدۇقلايدۇ خىيالىم بۇلاقتەك،
تۈن كېچىدە سىرداش بولۇپ زېمىنغا.
غايىبانە تۈيغۇ بېرەر ئەشۇنداق،
مۇزىكىدەك تەسىر قىلىپ ئېگىمغا.

ئۇنىڭ رىشتى زېمىن بىلەن بىر تۇتاش،
شىلدىرلايدۇ ئۈزۈلدۈرمەي كۈي قېتىپ،
ئۇسسۇل ئويناپ تولغىنىدۇ مەجنۇن تال،
چولپان ئاڭا چاقچاق قىلار قاش ئېتىپ.

بولدۇقلايدۇ خىيالىم بۇلاقتەك،
ئاينى ئېلىپ ئەللەيلەيدۇ قولىغا.
شۇندا زېمىن مېھرى بىلەن ھەممىنى،
چاقىرىدۇ تۇتاش كەتكەن يولىغا.

## چوققىلار

چوققىلار ئەزەلدىن ئۇخلاپ باقمىغان ،
ياڭرىتار زېمىنغا ئويغاق كۈيىنى .
ئۆمۈرلۈك ئاتمىغان جانلىقلار ئۈچۈن ،
بەستىدىن كۆۋەجەپ ئاققان سۈيىنى .

چوققىلار بۈركۈتكە ئەجەپ ئامراق ،
كۆتىرەر مىندۈرۈپ ئۇنى بوينىغا .

جۇدۇننىڭ باغرىنى تىلىپ مىڭ پارە ،
ئاسرايدۇ ھەرقاچان ئېلىپ قوينىغا .

ئۇخلايدۇ دېمىگىن تېنىك چوققىلارنى ،
قويۇپ قار ياستۇققا بېشىنى دائىم .
يىراققا تىكىلگەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ،
قەلبىدە تولغىنىپ ئوينايدۇ تارىم .

## ئۈمىدلىرىم

ئۈمىدلىرىم خۇددى تامچىدەك ،
سىڭىپ بارار زېمىن قوينىغا .
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلەر بوۋاقتەك ،
ئېسىلغانچە ئۇنىڭ بوينىغا .

جىلۋىلىنەر بەزىدە نازلىق ،
كۆڭۈللەرنى رام قىلىپ شۇنچە .

كۈن نۇرىدا رەڭلىنىپ سەرخىل ،
ئېچىلغاندەك گويا گۈل-غۇنچە .

يېتەكلەيدۇ مېنى يىراققا ،
نىشانەمنى كۆرسىتىپ ھەر چاغ .
يېقىنلىشىپ كېلەر بارغانچە ،
يىراقتىكى كۆز يەتكۈسىز تاغ...

## كۆزلىرىڭدە ئويناي‌دۇ قۇياش

سەن ئۇماقسەن، بويلىرىڭ زىلۋا ،
كۆزلىرىڭدە ئويناي‌دۇ قۇياش .
چاچلىرىڭنى تارايدۇ تاللار ،
ئەركىلىتىپ سېنى قەلەمقاش .

يۈزلىرىڭدە كۈلكە جىلۋىسى ،
خۇلقۇڭ گويا باھاردەك ئىللىق .
ئىنتىلىدۇ گۈزەللىكىڭگە ،
دولقۇنلىنىپ چەكسىز يېشىللىق .

لەۋلىرىڭدە ھەسەل شەربىتى ،
گەپ-سۆزلىرىڭ ئەجەپ شېرىنلىك .
ھەرىكىتىڭدىن بىلىنىپ تۇرار ،
سەممىيلىك ھەمدە ساپ دىللىق .

سەن ئۇماقسەن، بويلىرىڭ زىلۋا ،
كۆزلىرىڭدە ئويناي‌دۇ قۇياش .
مەنزىل تامان ئاداشماي يول ئال،
ئۆمۈر بويى مەن ساڭا قولداش.

## يۇلتۇزلارغا قېتىلىپ كەتتىم

كۆكتە چاقناپ تالاي يۇلتۇزلار ،
تۇشمۇ-تۇشتىن چىقتى سەيلىگە .
ئىشقىم بىلەن ئىنتىلىپ باقتىم ،
شوخ كۆڭلۈمنىڭ كىرىپ مەيلىگە .

يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرىدىن ،
نۇر چېچىلدى نۇرغا كۆمۈلدۈم .
ھېسلىرىمنىڭ زۇمرەت كۆلىگە ،
ئىلھاملىنىپ شۇندا چۆمۈلدۈم .

كۆتۈرۈلدۈم بوشلۇققا قۇشتەك ،
يۇلتۇزلارغا قېتىلىپ كەتتىم .

كۈتۈپ كەلگەن، تەلمۈرۈپ كەلگەن ،
ئارزۇلارغا ئاخىرى يەتتىم .

## ناۋايىنى كۆردۈم چۈشۈمدە

ناۋايىنى كۆردۈم چۈشۈمدە ،
گۈلزارلىقتا بىرگە ئولتۇرۇپ .
شېئىر ئوقۇپ بەردى ئۇ ماڭا ،
ئىچ-ئىچىمدىن كەتتىم زوقلىنىپ .

شېئىر، بىلسەڭ، توختىماس بۇلاق ،
تەشنالىقنى قاندۇرىدۇ ئۇ .
دىلدا سۆيگۈ چىراقلىرىنى ،
ئۆچۈرمەستىن ياندۇرىدۇ ئۇ .

سۆيدۈم ئۇنىڭ ئاپپاق قولىغا ،
ئۇزۇن غۇنچە يېنىش-يېنىشلاپ ،
«ھاياتىمنى ئۆتسەم،- دېدىم :
شېئىر يېزىشقا مەڭگۈ بېغىشلاپ» .

غىدىقلايدۇ قاتمال روھىمىز ،
يېڭىچە ھېس پەيدا قىلىدۇ .
رەقىبلەرنى تىترىتىپ دىر-دىر ،
تاش باغرىنى قات-قات تىلىدۇ!...» .

«رەھمەت ئوغلۇم، دېدى ناۋايى ،
«شېئىر دېگەن يۈرەكنىڭ قېنى .
سۆيۈندۈ ئۇنى ئوقۇسا ،
ھەر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى، تېنى .

ناۋايىنى كۆردۈم چۈشۈمدە ،
گۈلزارلىقتا بىرگە ئولتۇرۇپ .
قېشىمىزغا كەلدى ئىككى ئات ،
قارارگاھقا ماڭدۇق چاپتۇرۇپ .

## ئانا دېسەم

1

ئانا دېسەم تىترەيدۇ يۈرەك ،
تىترىگەندەك شاختىكى ياپراق .
ئاقار سۆيگۈم تومۇر-تومۇردا ،
دولقۇن ياساپ ماگمىدەك قايناق.

ئانا دېسەم قورقۇش، قورۇنۇش ،
تاراپ كېتەر يىراق-يىراققا .
ئايلىنىدۇ بىر جۈپ قوي كۆزۈم ،
يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق چىراققا .

ئانا دېسەم يېقىملىق بىر كۈي ،
پەيدا بولار قاردەك دىلىمدا .
كۈلۈمسىرەپ شۇندا بىر ئوبراز ،
يۈكسەكلىشىپ بارار ئېڭىمدا .

ئانا دېسەم ئېسىل ئالتۇن تاج ،
كېلىپ قونار ئەزىز بېشىمغا .
كېلەلمەيدۇ جىن-شايتۇنلار ،
غەۋغا قىلىپ زىنھار قېشىمغا .

ئانا دېسەم تاغدەك مۇشكۇلات ،
تازىم قىلار ئىگىپ بويىنىنى .
ھۆر-پەرىلەر ئالقىش ياغدۇرۇپ ،
ئاچار گۈلدەك ھىدلىق قويىنىنى .

ئانا دېسەم كۆڭلۈم تۇرار توق ،
ئۈستۈم ئۇنىڭ مېھرىگە قېنىپ .
ئانا ئۈچۈن ھەر ئىشقا تەييار ،
ئىرادەمدىن ئالمايمەن يېنىپ .

# يۇرۇڭقاشتىن دولانغىچە

تۇردى نىياز

## خانتەڭرى سۆيگۈسى

خانتەڭرى، تاغلارنىڭ بوۋىسىمۇسەن،
نېمانچە ئاقچۇشكەن سېنىڭ بېشىڭغا؟!
ئۆتكەندۇ بېشىڭدىن قانچىلىك كەچمىش،
كەلگىچە سەن يېتىپ مۇشۇ يېشىڭغا!؟

خانتەڭرى، دەريالار، ئېقىنلار-سۇلار،
تارلىپ قوينۇڭدىن ئاقار ھەر تامان.
شۇ سۇلار ياشناتقان ئانا تۇپراقنى،
ياشنىتار ئەبەدىي توختىماي ھامان.

خانتەڭرى، ئاققۇدەك ئاپئاق قىلىقىڭنى،
ئوخشاتتىم خەلقىمنىڭ كىرسىز قەلبىگە.
كۆكتىن بوي تالاشقان يۈكسەك تۇرقۇڭنى،
ئوخشاتتىم ئېگىلمەس، جەسۇر قەددىگە.

خانتەڭرى، ئۆز تۆشىدە ياتسىمۇ-ئۆز تاغ،
باغرىڭدا گۈل-گىيا تۇرىدۇ ياشناپ.
زېمىستان پەسلىنى يېڭىپتۇ باھار،
كېلىپتۇ قوينۇڭغا يېشىللىق باشلاپ.

## گۈلگە قاراپ...

بالھەرىسى بولغۇم كېلىدۇ،
تاتلىق ھەسەل يىققۇم كېلىدۇ،
مەن گۈللەرگە باققان چېغىمدا.

گۈلدەك پورەك ئاچقۇم كېلىدۇ،
شېرىن پۇراق چاچقۇم كېلىدۇ،
مەن گۈللەرگە باققان چېغىمدا.

كېپىنەك بوپ ئۇچقۇم كېلىدۇ،
گۈل بەرگىنى قۇچقۇم كېلىدۇ،
مەن گۈللەرگە باققان چېغىمدا.

تۇپراققا تەر تۆككۈم كېلىدۇ،
گۈل ئۆستۈرۈپ ئۆتكۈم كېلىدۇ،
مەن گۈللەرگە باققان چېغىمدا.

## تەڭرى تاغقا باققاندا

ئاق چوققىلار كۆرۈنەر،
تەڭرى تاغقا باققاندا.
كۈمۈش كەبى پارقىرار،
قۇياش كۈلۈپ چىققاندا.

كۆككە ئاتقان نەيزىدەك،
كۆرۈنىدۇ پەيزى بەك.

ئىلھاملىرىم قاينايدۇ،
ساڭا كۆزۈم ئاغقاندا.

كۆك ئاسماندا ئۈزىمەن،
كەڭ جاھاننى كېزىمەن.
شادلىنىمەن مەن سېنى،
قوشاقلارغا قاتقاندا.

ئاتام دەيمۇ تەڭرى تاغ،
ئانام دەيمۇ تەڭرى تاغ،
دەيمۇ يۈرەك ئوچقىنىنىڭ،
كۆكتە چاقماق چاققاندا.

سەجدىگاھىم خانتەڭرى،
قوينۇڭ سېھرلىك بەك كەڭرى،
ئۈزەلمەيمەن كۆزۈمنى،
ساڭا ھەرچاغ باققاندا.

يەر ئانىنىڭ تۇغقىنى،
راستقۇ كۈمۈش چوققىنى،
دەيمەن: «تاغنىڭ يېشىمۇ؟!»
باغرىدا سۇ ئاققاندا.

ئاق كىيىملىك چال بوۋاي،
يا ئاق چاچلىق بىر موماي؛
دەيمەن ئاپئاق چوققىنى،
تەڭرى تاغقا باققاندا.

❁

سەجدىگاھىم خانتەڭرى،
قوينى ئېنىڭ بەك كەڭرى،
زوقلىنىمەن ھەردائىم —
تەڭرى تاغقا باققاندا.

## سەن قۇياشقا ئىنتىلگەن سىمۇرغ

يۇرتۇم — سەن قۇياشقا ئىنتىلگەن سىمۇرغ،
ئالتاي ۋە كۇئىنلۇن ساڭا جۈپ قانات.
تەڭرى تاغ — ئومۇرتقاڭ، ياشايسەن شۇڭا،
كۆچۈرۈپ ئەبەدىي نەۋقىران ھايات.

بۇغداھەم باغراشتۇر جۈپ كۆزۈڭ سېنىڭ،
كۆكتە كۆل دېيران بوپ ئاڭا باقىدۇ.
تومۇرۇڭ تارىم ھەم ئىلى دەرياسى،
سۈلىرى قېنىڭدۇر، جۇشقۇن ئاقىدۇ.

ئۆزبوغدا چوققىسى كۈمۈش تاج ساڭا،
شۇ تاجدىن رەڭ ئالا، كۆكتە ئاق بۇلۇت.
قەدىمىي يۇرت — تۇرپان يۈرىكىڭ گويا،
يالقۇنجاپ تۇرىدۇ ئۇندا كىچلۇك ئوت.

ئىنتىلگەن قۇياشقا جۈپ كۆزۈڭ سېنىڭ،
شۇ كۆزدىن نامايەن مەرتلىك، جەسۇرلۇق.
راستلانغان ئۇچىشقا بىر جۈپ قانىتىڭ،
يۇرتۇم سەن — قۇياشقا ئىنتىلگەن سىمۇرغ.

## مېھنەت — گۈل

كىرىپمەن سەھەردە گۈلزارلىق باغقا،
تۇراتتىم رەڭگا-رەڭ گۈللەرگە قاراپ.
ئويغاندى قەلبىمدە شېئىرىي تۇيغۇلار،
شۇ مىنۇت گۈللەرنىڭ ھىدىنى پۇراپ.

مەن دېدىم گۈللەرگە: «ئەجەپ ئۆزسىلەر،
ھىدىڭلار ئىپاردەك يېقىملىق شۇنچە».
گۈل دېدى: «خۇشپۇراق بولاتتىم قانداق،
باغۋەنىم تۆكمىسە ھالال تەر-ئۈنچە؟»

## كېپىنەك

شوخ كېپىنەك، بەڭباش كېپىنەك،
كۆرگەن گۈلگە قونۇپ باقىسەن.
ھەممە گۈلگە قونۇپ يۈرۈشتىن،
قانداق لەززەت، شادلىق تاپىسەن؟!

يا بىر گۈلگە قونمىدىڭ تاللاپ،
يا بىر گۈلنى قىلمىدىڭ خۇشال.
كۆرگىنىڭگە قونۇپلا يۈردۈڭ،
قايسى گۈلدىن كۈتىسەن ۋىسال؟!.

## چېچەك

كەتتى باغدا ئېچىلىپ تۈرلۈك چېچەك .
ئاق چېچەك ئاققۇكويا، يا ئاق لېچەك .
سۇ ئىچىپ يەردىن، قۇياشتىن نۇر ئىمىپ ،
شۇ چېچەكلەر مېۋە بېرەر كېلىچەك .
ياخشى پەرۋىش قىلسا دەم باغۋەن ئۇنى ،
مېۋىسى شېرىن بولۇر، بولماس پۇچەك .

## سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى

(1)
سەندە بار سېھىرلىك كۆز، لېكىن مەندە يوق .
مەندە بار زەپىرەڭ يۈز، بىراق سەندە يوق .
روھىمىزنىڭ ئوغرىسى ئىكەنسەن ئەسلى ،
بولمىسا نېچۈن ئۆز ئەركىم تەندە يوق ؟
(2)
نۇرلۇق كۆزلىرىڭ تىكىلمەلەر ماڭا ،
ئوتلۇق يۈرىكىم ئىنتىلەر ساڭا .

## مۇزات

دۇنياغا كۆز ئاچتىم بويۇڭدا، مۇزات ،
شاۋقۇنۇڭ، كىشنىشىڭ... سەن گويا مۇزئات .
ئېتىڭ «مۇز» بولسىمۇ، مېھرىڭ ئوتكەبى ،
ئۇنىڭ تامام ئىشقىڭنى، يۈزۈمگە مۇزئات .

---

# مىسرالىرىم مۇھەببەتكە ھامىلدار

### سادىقجان قۇربان

## ئاھ، يىگىتلىك

ئاھ شۇچاغلار...سابا ئوخشاش شوخ ئىدىم ،
سەبى قەلبىم خىرۇستالدەك بىغۇبار .
چاپاتتىم مەن بولۇپ گويا توسۇن تاي ،
يايرىتاتتى ۋۇجۇدۇمنى توقايلار .

يول بويىدا جىگدىلەرگە تاش ئېتىپ ،
دوستلار بىلەن ئالتۇن مېۋە تېرەتتىم .
سەھەر-كەچتە پادا باقاچ ئوينىشىپ ،
ئېگىزلىكتىنى مەنمۇ باشقا كىيەتتىم .

مانا ئەمدى بۇرۇتلىرىم خەت تارتىپ ،
شوخلۇقلىرىم كەتتى قايان بىلمىدىم .
ياش قەلبىمنى ئۆتۈپ سېھىرلىك كۆزلىرىڭ ،
كېچە-كۈندۈز سەندىن سۆيگۈ ئىزلىدىم .

ئاخشاملىرى ئەگىپ ئاشۇ كوچاڭنى ،
ھەسرەت بىلەن ياندىم كېچىدىك يۈتۈلۈپ .
كېچىلەرنى سېنى ئويلاپ ئۆتكۈزدۈم ،
شېرىن خىيال بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ .

سەۋرى قاچام جۇر ئىتىمدە چېقىلىپ ،
ئىزھار قىلدىم ئاخىر ساڭا قەلبىمنى .
بىراق شۇئان كۆزلىرىڭدىن ئېتىپ تاش ،
«ياق» دېدىڭسەن، ئەگدىڭ ئېلىپ قەددىمنى .

ئاھ، يىگىتلىك! ئېغىر-بېسىق مىجەزىم ،
يوشۇرالماي قالدى ئوتلۇق قەلبىمنى .
مەيلى دىلبەر سەن سۆيمىسەڭ سۆيمىگىن ،
مەن سۆيىمەن ھامان سېنى — بەختىمنى .

## باغرى تاش

ياش قەلبىمدىن ئۇرغۇپ تۇنجى مۇھەببەت ،
تەلەپ قويدۇم، «ياق» دېدىڭ سەن باغرى تاش.
ئاھ، ئۆكۈندۈم بەرگىنىمگە ساڭا سىر ،
يىغان چەكتىم ھەسرەت بىلەن تۆكۈپ ياش .

ئىجادىمدىن ئۇتتۇق تاپسام مەن ئەمدى ،
تاتلىق كۈلدۈڭ خۇرسەنت بولۇپ قەلەم قاش.
چۈشەندىمەن رەت قىلغىنىڭ ۋەجىنى،
سەن ئەسلىدە ئەمەسكەنسەن «باغرى تاش» .

## كۆكۈمدا

كۆكۈم پەيتى ئۈخلاش ئۈچۈن كىرەن پەرى ،
مەغرىبتىكى تاغ كەينىدىن ئالارجاي .
ئەمما ئايقىز ئۆيتۇسىدىن ئويغىنىپ ،
نەزەر سالار ھەممە ياققا خۇشچىراي .

كۆكۈم پەيتى تىنىق كۆلدەك سامادا ،
سانسىز يۇلتۇز نۇر تۆكىدۇ چاراقلاپ .
كۆكۈم پەيتى سەيلى قىلار ئادەملەر ،
يۇرۇشمەستىن ئىشكويىدا پالاقلاپ .

كۆكۈم پەيتى گۈل تۈۋىدە شىۋىرلار،
كىرە سېلىپ قىزچاق يىگىت بويىنغا ،
سىڭىپ كەتتىم مەنمۇ ئان يار بىلەن ،
خىلۋەتتىكى ئورمانلارنىڭ قوينىغا.

## ناۋادا...

تۇتىشۋاپتۇ ئۈۋچى بۈركۈت بالىسى ،
باغلىۋاپتۇ ئۇنى يەنە قولىغا .
بىراق بۈركۈت قاناتلىرىن سىلكىيدۇ ،
كۆتۈرۈلمەك بولۇپ ساما قوينىغا .

دېدىم ئاڭا: قويۇۋەتكىن بۈركۈتنى ،
قانات قېقىپ يەتسۇن ئۇ ساماداا .
قانداق قىلاردىڭ ئۆزەڭ بۈركۈتتەك ،
تۇتقۇن ھالغا چۈشۈپ قالساڭ ناۋادا ؟!....

## ئىجادىم-ئەجرىمگە بېرىڭلار باھا

دېمەڭلار دوستلىرىم مېنى «تاقىر باش»،
ۋاقىتسىز تاقلانغان چېچىمغا قاراپ .
«تاقىر باش» سۆزىنى ئاڭلاپ تېنىمگە ،
بىر ئىللىق ھېسسىيات كېتىدۇ تاراپ .

دېمەڭلار دوستلىرىم مېنى تاقىر باش ،
مەن ئۆزۈم تاقىر باش بولىۋالدىمۇ؟!
ۋە ياكى لەيلىنىڭ ئىشقىدا ۋايساپ ،
مەجنۇندەك چېچىمنى يۇلىۋالدىمۇ ؟

دېمەڭلار دوستلىرىم مېنى تاقىر باش ،
چۈشكەن چاچ ئىجادىم-ئەجرىمگە گۇۋا .
بۇ ھېكمەت دەۋرىدە ئاقمايدۇ سۆلەت ،
ئىجادىم-ئەجرىمگە بېرىڭلار باھا !.

يۇمۇر

### ئەڭ چىداملىق رەخت

ئا: دۇنيادا ئوتتىمۇ، سۇدىمۇ ھېچنەرسە بولمايدىغان ئەڭ چىداملىق رەخت قايسى؟
ب: كىنو ئېكرانى .



يولداش ئابباس مونىياز 1966-يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983-يىلى خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1986-يىلدىن بېرى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئاپتور 1985-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بېرىج» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. 1988-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان «باغۋەن ئەجرى» چوڭ مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە «مەن — ياش باغۋەن» ناملىق ئەسىرى 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

# خىيالچان كېچىلەر

(ھېكايە)

ئابباس مونىياز

كۈندۈزلىرى يېشىللىق دۇنياسىغا ئايلىنىپ، خۇددى مەنزىرە رەسىمىگە ئوخشاش، ھەممە كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ كىچىككىنە كەنت ئەمدىلا تۈن قوينىغا غەرق بولۇپ، سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. ئەتراپ جىمجىت، يوللۇچىلارنىڭ تېخى بايىلا ئاڭلىنىۋاتقان ئېگىز-پەس ناخشىلىرى، كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن، ماشىنا-تراكتورلارنىڭ شاۋقۇن ئاۋازلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. يىراق-يىراقلاردىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرى ۋە ئىتنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ ۋەھىمىلىك ھوۋلاشلىرى قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. ئەتراپ شۇ قەدەر قاراڭغۇ ئىدىكى، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ قاراڭغۇ زېمىننى يورۇتۇشقا ئامالسىز قالغاندەك ئىدى. بۇ خىل ھالەت كىشىگە دۇنيا ھازىرلا كۆمپەيكۈم بولۇپ كېتىدىغاندەك، يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار نەپەستىن توختىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەنىلا شۇ تىمتاس قاراڭغۇ كېچە...

كېچە ۋەھىمىسىدىن بىغەم مۈگدەۋاتقان بۇ ئۆيدە سانىيە ئېغىر تىنىپ، تەنھا ھالدا ياتاتتى. ئۇ، گاھ سولغا، گاھ ئوڭغا ئۆرۈلۈپ ياتاتتى، بىردە چېچىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يۇلسا، يەنە بىردە نېپىز لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەيتتى. ئۇنى چىدىغۇسىز ئازاب، نومۇس ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، شەپقەتسىزلىك بىلەن قىينىماقتىدى. «سانىيە، يېيۇلماس قېرى قىز، ساڭا يەنە بىر چىرايلىق نام قوشۇلدى، بۈگۈندىن كېيىن سەن خەقنىڭ ئاغزىدا ئەبەدىي «سانىيە بوغاز» بولدۇڭ...ئاھ! بۇ

نامىنىڭ سەتلىكى... ئەمدى مۇشۇ نامىنىمۇ كۆتىرىپ يۈرەمسەن؟ ياق، سەن ئۆلۈپلا تۈگىگىن. ھەممىدىن ــ ئازابتىنمۇ، خورلۇقتىنمۇ قۇتۇل!...»

ئۇ، پىشانىسىنى قاتتىق مۇرلايتتى، بىرقۇلداپ يىغلايتتى، مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۇنىڭلۇك تەسەللىگە، يول كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئادەمگە نەقەدەر موھتاجھە؟! ئۇ، بارغانچە ئۆپكىدەپ كېتىۋاتاتتى...

تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان تونۇشلا بىر ناخشا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى. مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ناخشا تۈن پەردىلىرىنى يىرىپ ئۆتۈپ ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر جىسىمنى ــ ئازابتىن پۈچۈلىنىۋاتقان بىر يۈرەكنى لەرزىگە سالدى. ئۇنى يېقىملىق بىر مۇڭ ئەسىر قىلىپ، شېرىن تۈيغۇ ئىچىدە تىترەتتى... ناخشىدىكى مۇڭ، رىتىم... تېپىچەكلەپ كېتىۋاتقان بۇ يۈرەكتىكى مۇڭغا، رىتىمغا شۇ قەدەر ئوخشاش ئىدىكى، ئۇلار بۇ ئوخشاشلىقى بىلەن بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتمەكتىدى.

سانىيە يىغىدىن توختىدى، بۇ ناخشا ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ، تومۇر-تومۇرلىرىدا بىرگە ئېقىۋاتقان ناخشا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جىمىكى بالانى تېرىدىغانمۇ، ئۇنى ئۇسال ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانمۇ مۇشۇ ناخشا، مۇشۇ ناخشىنى ئېيتقۇچىدى...

× ×

سانىيە شەھەر سىرتىدىراق جايلاشقان بۇ مەھەللىدىكى چوڭ يول بويىدىلا ئۆيى بار موللەك مۆمىن دېھقاننىڭ ئەتىۋارلىق بالىسىدى. گەپنىڭ بولار يېرىنى دېگەندە، موللەك مۆمىندىن كۆرە ھاۋاخاننىڭ تېخىمۇ ئارزۇلۇق قىزىدى. چۈنكى موللەك مۆمىننىمۇ ھاۋاخان يۈگەنلەيتتى. ئاپىسى ئەتىۋارلاپ، ياساپ-جابدۇپ چوڭ قىلغىنى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ياسانچۇق، نەزىرى ئۈستۈن قىز بولۇپ يېتىلدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى بۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئوغۇللارنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ دېتىپ، ھېسسىياتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان گۈزەللىك چولپانى، ھەسەتخور قىزلارنىڭ يېگانە دۈشمىنى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، ئىنچىكە بەللىرى ئۈستىدە شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈمە چېچى، سۈتتەك سۈزۈك ئۆڭى، چىرايلىق كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىنى ئاز دېگەندەك، بۆلىنىپ تۇرىدىغان جەلىپكار كۆكسى ئۇنىڭغا يولۇققانلىكى ئوغۇللارنى قانداقتۇ بىر خىل ھېسسىياتلارغا كەلتۈرۈپ قوياتتى... شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا قانات سۆرۈشۈپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەسىدى. ئەپسۇسكى، ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن لايىقلار ھەر خىل باناي-سەۋەبلەر بىلەن ياندۇرۇۋېتىلدى. سانىيەمۇ ئاپىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە نەزەرنى «ئۈستۈن» تۇتۇپ يۈردى، كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى ... بەزى يىگىتلەر ئۇنىڭدىن دەشنەم يەپ كېتىشنى باشقا ياقتا توغرىلىدى. نۇرغۇنلىرى دەشنەم يېيىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئېغىز ئاچمىدى... ئەمدىلىكتە ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى گۈزەللىكىنى، گۈزەللىكىدىن تاپقان ئابرويىنى يوقىتىپ، كۆرۈمسىز «ئىنەك»، «خام خىش»، «قېرى قىز» ئاتالدى. شۇنداق، ئۇ قېرى قىز ... 28 ياشقا كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكسى ئالدىغا، سۆڭگۈچى كەينىگە چىقىپ، مېڭىشلىرى ئۆدەكنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان ئادەم، بۇ مەھەللىدە شۇنداق ئاتالماي نېمە بول-

ما قچىدى؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن لەقەم قويغۇچى-
لارنى تىللىغىلى بولاتتىمۇ؟

ئۇ، ئۆزىنىڭ ھەققىدە تەن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلماتتىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئاپىسىغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىپ كەتكەنىدى. ئاپىسىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا، ئەركىلەردىن قېچىپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلىگىنى چۈشىنىپ يېتەتتى. «ئەر خەق دېگەن ئېزىتقۇ نەرسىلەر» دەيتتى ئاپىسى، «چىشىڭنىڭ ئېقىنى ئازراق كۆرسىتىپ قويساڭ، بولۇپ بېرىدۇ. ئارقاڭدىن كۇسۇك ئىتتەك ئەگىشىۋېلىپ ئارام بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سېنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان شېرىن سۆزلىرىدىن ھېزى بول. سەن مەھەللىدىكى ھەممە خەقنىڭ قىزلىرىدىن چىرايلىق، تولا چىراي بىر نېمىلەرنىڭ ساڭا ھەزىل قىلىپ يۈرگىنى بىكار، سېنى خۇدايىم بۇيرۇسا شەھەرگە بېرىمەن، گېپىمنى ئوبدان ئاڭلا. قىز بالا دېگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ، بارچىسىدىن ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىدىغان ... پايلاپ يۈرگەن ھارملار سېنى. ئازدۇرۇپ يۈرمىسۇن ...»

بۇ گەپلەرنىڭ نەي خاتا؟ سانىيە ئۆزىنى ئۆيىنىڭ ئىشىغىمۇ سالماي، پەپلەپ چوك قىلغان مۇشۇنداق ئاپىسىنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنەتتى ... ئاپىسى سانىيەنى باشقا كىشىلەردىن (ھەتتا ئاياللاردىنمۇ) قىزغىناتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنى مەكتەپكىمۇ بەرمەي، ئوقۇشىمىز قويدى. ئۇ، ساۋاتسىزلىقتىن جاپالى بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىدىن رەنجىمەيتتى. «ئاپامدەك ئاپا دۇنيادا بىرلا، قېنى قايسى قىزنىڭ شەھەر قىزلىرىدەك ئايرىم ياتىدىغان ئۆيى بار، قايسى مەندەك راھەتتە يۈرەلەيدۇ؟» دەيتتى ئۇ پەخىرلىنىپ. ھاۋاخانىنىڭ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇمۇ مۇشۇ تىكەندەك قىزى ئۈچۈن ياشاۋاتمامدۇ؟ ئۇنىڭغا بەختنى كىم تېپىپ بېرىدۇ؟، مۇشۇ ئاپىسى تېپىپ بېرىشى كېرەكتە ...

سانىيە ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان ئاپىسىنىڭ باشلىغان يولى مۇشۇ ئازابنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمدى ئۇ ئىلگىرىكى يولنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىدى. ئۇ بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالايتتى.

× ×

كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن نېمە سۆڭگەچكە «ياققىدە» بىرنى تۇرۇپلا گەپ تېپىپ خەقلەرنى گىج-گىجغا سالىدىغانلار ئازمۇ؟ شۇنداقلارنىڭ كاسا پىتىدىن بولسا كېرەك، قىزنىغا ھېچقاچان قاپاق تۈرۈپ گەپ قىلمايدىغان ھاۋاخان بۈگۈن چېچىلىپ قالغانىدى:

— ھەي سانىي، يولنى چوڭ ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە سېلىپ، نەلەردە غىتىلداپ يۈردۈڭ؟، سېنى ئەر خەقلەر بىلەن ئۇزاق گەپلىشىپ تۇردى دەيدىغۇ؟، يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى قويامسەن — قويمامسەن؟ بۈزۈق... مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ تۇرۇسقا ئېسىۋاتىمەن، سېنى يۆلەپمۇ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى ساڭا مۇڭگۈز چىقىپتۇ. بولدى، بىكارچىلىقتىن زېرىككەن بولساڭ، مەن بىلەن دۆك مەھەللىگە لاپقۇتقا چىق!

سانىيە لام-جىم دېمىدى. لېكىن ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ گېپىنى قاتتىق ھار ئالغانىدى. ئىلگىرى ئاپىسىنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى چوپچوك بولغاندا... «بۇ كەمگىچە قاتتىق-يىرىك گەپ قىلماي، ئەمدى ھېچ

ئىشنىڭ تايىنى يوق... ئەر خەق بىلەن بىر دەم- يېرىم دەم گەپلىشىپ تۇرغانلىقا نېمە بولىدۇ؟». ئۇنىڭ ئاپىسىغا يانىغۇسى، يىغلىغۇسى كەلدى. «مەيلى، ئېتىزغا چىققانغا ئادەم ئۆلمەس» ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاپىسىغا بولغان تۇنجى ھەم كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسى ئويغاندى.

× ×

كۆڭۈل بەزىدە ئادەم بىلەن چېقىشىپ قويىدىغان نىمۇ ئوخشايدۇ. «دۆك مەھەللە»گە چىقماستىن، ئۇ ئۆزىدىكى ھەر قانداق ھېسسىياتنى تىزگىنلەشكە قادىر ئىدى. ئەمدى قەلبى ئۇنىڭغا بويسۇنماي ۋاتاتتى. ئازاب بىلەن لەززەت ئارىلىشىپ كەتكەن يېڭىچە بىر ھېسسىيات ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا باشقىچە تۇيغۇلارنى ئويغاتماقتىدى. ئۇنىڭغا بىئاراملىق ئېلىپ كەلگەن بۇ تۇيغۇنىڭ مەنبەئي بار ئىدى. بۇ مەنبە-لاپقۇتقا چىققان ھېلىقى كۈنى «دۆك مەھەللە»دە ئۇچراتقان ناخشىچى يىگىت سۇلتان ئىدى. ئۇ دەسلەپكى كۈنىلا سانىيەنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار بۇغداي ئورمىسى ئورۇۋاتاتتى. ئەر- ئايال بولۇپ ئون- ئونبەش ئادەم بىر بويلىدا چۈشكەنىدى. تەك قەپ بەلگە كەلگەندە، ھەممە ئادەم ھەر خىل يوللار بىلەن ھارغانلىقىنى ئىپادىلىدى. سانىيە باشقىلاردىن خېلىلا كېيىن قالغانىدى. ئۇ، ئورۇشتىن توختاپ ئۆزىنى رۇسلىدى ۋە بېلىگە تاتتىق- قاتتىق مۇشلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىراق كېتىۋاتقان بىر يىگىت (تېخى ھېلىلا يېقىملىق ناخشىلارنى توۋلاپ، ھەممە خەقنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن سۇلتان) بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ، ئورغاق تۇتقان قولىنىڭ كەينى بىلەنلا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى. كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ كۆزى سانىيەنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ پېشانىسى ئۈستىدىكى قولىنى چۈشۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، سانىيەگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. سانىيەمۇ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەگە دۈچ كەلگەندەك ئۆزىنى باشقۇرالماي قالدى... شۇ چاغدا يىگىتنىڭ شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈچلۈك بىر ئېقىم ئۇدۇل كېلىپ سانىيەنىڭ يۈرىكى ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كەتتى. ئۇ، يېڭىلگەن كۆزىنى دەرھال باشقا ياققا تىكىپلا، ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدى... يىگىت ئۇنىڭغا قايتا قاراپ تۇرۇۋالمىدى. لېكىن شۇندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. سانىيەدىن ھېيىققاندەك، ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. ئاخىرىمۇ يېڭىلىپ بارماقتىدى. كېيىنكى كۈنلەردە سانىيە يىگىت ئېيتقان ھەر بىر ناخشىنى ئۆزىگە ئېلىۋالدى ۋە يوشۇرۇن ئىزا تارتىپ يۈردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ، بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرى، گەپ- سۆزلىرىدىن بەئەينى سانىيە كۈتكەندەك... پەقەت ئۇنىڭغىلا ئاتاپ ئېيتىۋاتقان لەرزان ناخشىلىرىچۇ؟... يىگىت ئۇنىڭغا بىر قېتىم، پەقەت بىر قېتىملا تىكىلىپ قارىغانىدى... بۇ بىر قېتىملىق قاراش ھەممىنى ئۆزگەرتتى... سانىيە شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر بولاتتى- يۇ، يەنە ئاپىسىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى ئېچىلماي ۋاتقان قاپىقىنى، جانىدىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سۆزلىرىنى ئويلىسا، لەززەت-

لىنىڭ خىيالىلاردىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇناتتى. ئۆز بويلۇق بولۇپ (راستىنى ئېيتساق ساتىيە ئاللىقاچان ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان، بۇ يەردە ئۇنى ئاياۋاتىمىز.) تۇنجى تۇيغۇغا ئەسىر بولغان بىر قىز ئۈچۈن، قەلبىنىڭ نازۇك جايلىرىدىن ئورۇن ئالغان كۈچلۈك ھېسسىياتنى تىزگىنلەش ئاسان دەمسىز؟، سۇلتان ئۇنىڭ قەلبىدىن شۇ قەدەر چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدىكى، ھەر قانداق بىر كۈچ سۇلتاننىڭ ئوبرازىنى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرەلمەيتتى. سۇلتاننىڭ شوخلۇق تېمىپ تۇرغان جۇشقۇن ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر قاچان نامايەن ئىدى... ئەمدى تولۇق ئىشەندىكى، ئۇنىڭ قەلبى خۇشچاقچاق، ھېسسىياتچان بۇ يىگىتكە كۆرۈنمەس، لېكىن ئۈزۈلمەس بىر يىپ بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ قالغانىدى... ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ھېچنىمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان پارتلاش، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلىپ باقمىغان يېڭىلىق ئىدى....

سۇلتانمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتاپ قويغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ بىر نېمىلەرنى باھانە قىلىپ، خېلى يىراقتىكى «دۆڭ مەھەللە» دىن بۇ يەرگە كېلىپ، كۈن-كۈنلەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، بۇنى كۆرگەن ساتىيە نېمە قىلارىنى بىلمەي بىھۇشلۇق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ قورقۇۋاتاتتى، گەپ دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئاپىسىنىڭ تىللاپ، رەسۋايى ئېتىدىغان قىلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى. تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا ئاپىسى ئۇنىڭغا «كۆڭلۈڭنى غىت قىسىپ يۈر، نېرى-بېرى گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن» دېگەنىدى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا ئازراق يول قويغان بولسا، مۇشۇ بىر ئېتىملا يول قويغان بولسىچۇ؟... ئۇ، ئاخشاملىرى يالغۇز يېتىپ يىغلايتتى. خۇدادىن بەختىنى تىلەيتتى. ئۇ ئۆزىدە ئازابلىق بىلىنگەن، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىر خىل لەززەت ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىنتىلىشچان ھېسسىياتىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى، يەنىلا ئاپىسىغا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى... ئۇنى قىينىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلغان ئايدىن بىر نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە «دۆڭ مەھەللە» دىن ئەلچى كەلدى. ئەلچى مەقسىتىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇردى.

— بىز كەمىنىڭ ياش باللىرى ئېلىپ - تىڭشىدىغان ئادەمنى ئۆزلىرى تېپىشىپ، بېكىتىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى بىر پودا ئۇچۇرۇۋاتىدىغان بولۇۋېلىشتى، - دېدى ھاۋاخان ئەلچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەلىتە ئاھاڭدا، - بىزنىڭ ساتىيەمۇ ئەسلىدە بىرسى بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان چېغىدىكەن، شۇلار چاي ئىچكۈزۈپ قويۇشتى. يۈز دېگەن گۆشكەن، ئۇنى بۇزغىلى بولماس، بولمىسا سىلىدىن قىزنى ئايىمايدىغان...... چېغىمدا سۇلتان قارىمۇ بەلەن ئوغۇل، خۇدا بەختىنى بەرسە، ئۇنىڭغىمۇ ئوبدانراق بىر يەردىن لايىق چىقىپ قالار......

ئەلچى چىقىپ كەتتى. ھاۋاخان ئەلچىنى يالغان گەپ بىلەنلا يولغا سالغانىدى. ساتىيە بۇنى بىلىپ، ئۆزى ئايرىم ئۆيىدە تىپىرلاپ كەتتى. بىراق ئاپىسىغا نېمە دېيەلەيتتى؟، ئاپىسىغا بىر نېمە دېيەلمەيلا قالماستىن، قاتتىق دەشنەم يېدى.

— ھەي سانىي، ھەي سانىي، ھېچ نېمىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن — دەپ دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ. — بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئۆزەڭگە ئەر تېپىپسەن — ھە، پاسكىنا. شۇدۇك مەھەللىگە ئاپارمىسامۇ بولغانىكەن. ئوپۇل-تۇپۇل تاپقىنىڭ ئاشۇ سۇلتان دېگەن قارا گەدەنمۇ؟... ئۇخلاپ چۈشۈك! ھېلىغۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان ئاۋۇ بەش كۈنلۈك يەردىكى يالاڭ تۆش سۇلتانىكەن، مۇشۇ مەھەللىدىكى قول ئىلكىدە بار نى-نى ئادەمنىڭ بالىۋاقىسىغا «قىزىم باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ قايىمقى بار، شەھەرگە ياتلىق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنمەن. ئۇنداق نېمىگە بېرىدىغان قىز يوق. ئەمدى كۆتۈكنى غىت قىسىپ ئۆيدە ئولتۇر. بولمىسا ماڭا ئىش تېپىپ بېرىدىكەنسەن، سېنى كىمگە بېرىشنى ئۆزەم بىلىمەن، ھەر قانچە ئالدىراپ كەتكەن بولساڭمۇ، تولا باشباشتاقلىق قىلماي مېنىڭ ئاغزىمغا قارا!... بىلىپ قوي، بۇندىن كېيىن سۇلتاننى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، تىللاپ پۇسكا يىتىۋېتىمەن.

مانا ھەممىسى ئاشكارا بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى دېيىشكىمۇ ئورۇن قالمىغانىدى. ئاپىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ تاشنى ئېرىتكۈدەك تاتلىق گەپلىرىمۇ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك قاتتىق يىغىسىمۇ تەسىر قىلمايدىغاندەك... لېكىن نېمىلا بولمىسۇن بۇ گەپنى ئاپىسىغا دەپ بېقىش كېرەك ئىدى. «نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ يەنىلا ئاپامغۇ؟ باغرىنى يېرىپ چىقارغان قىزىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ يول قويار. يىغلاپ تۇرۇپ دەپ باقاي»، ئۇ، مۇشۇ خىيالغا كېلىپ، يەنە يېنىۋېلىپ بىر نەچچە كۈنگىچە كۆڭلىنى توختىتالمىدى. ئاخىرى ئۇ بىر قارارغا كەلدى... ئۇ ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. ئىسمەت ئۇنىڭ موڭ-زارلىرى، دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان بولغان ئاپىسىغا ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئازراقمۇ تەسىر قىلمىدى. سانىيەنىڭ يىغىسى ئاچچىقتىن ئاپىسىنى تېخىمۇ سەپرا مىجەز قىلىپ قويدى، خالاس. ئۇ، ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن سانىيە ئاپىسىغا ئىچىدە داۋاملىق غەزەپلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپىسى ئۇنىڭغۇ باشقۇرسۇن، ئەجەب ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ باشقۇرۇشقا ئۇرۇنسا... «مېنى ئەتىۋالاپ چوڭ قىلىمەن دەپ ھېچ نېمىگە ياراتمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان نان قېپى قىلىپ قويغۇچە، بۆلەك خەقنىڭ قىزلىرىغا ئوخشاش ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەم قىلىپ چوڭ قىلسا بولماسمىدى... لەنەت، سەندەك ئاپىغا».

ئۇ، ئاپىسىدىن قاتتىق رەنجىگەنىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك يات خەقلەرمۇ ئۇنىڭ جېنىغا تەككىلى تۇردى. يولدىكى ئۇششاق بالىلار ئۇنى كۆرسىلا «مۆ...ۋ، ئىنەك»، «ھو...ش، سانىي ئىنەك» دەپ قېچىپ كېتىدىغان، چوڭلار بىر-بىرىگە قولاق يېقىشىپ پىچىرلىشىدىغان بولۇۋېلىشتى. قىزلىرى بويىغا يېتە-يەتمەيلا ئۇلارغا ئەر تېپىشىپ توي خېتى بېرىدىغان ئورۇندىكى ئادەملەرنىڭ يېنىغا كۈندە نەچچە ۋاق قاتراپ، ئۇلارنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغان خەق بار، بۇ مەھەللىدە سانىيەدەك «قېرى قىز»لارنىڭ ئەرسىز يۈرۈپ كېتىشى ئەيىپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا بەزى مويسىپىتلار ئۇنىڭ غېمىنى يەپ «قىز بالا دېگەن سانىيە-

يەدەك قىزىل قىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن
ئىش چاتاق، هاۋاخان ئەمدى قانداق قىلار
ئۇنى...» دېيىشەتتى.

بالىلارنىڭ زەھەردەك گەپلىرى، چوڭلارـ
نىڭغە يۇەت ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلىغانسا نىـ
يە ئۇيىگە كېلىپلا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلايتـ
تى ۋە ھېچ نېمىنى بىلمىگەن بولۇپ يۈرـ
گەن ئاپىسىنى تىلايتتى. «ھۇ... شـەھەر
دېسە جان بېرىدىغان ئادەم ئەمەس قېـ
رى،ـ دەيتتى ئۇ ئىچىدە،ـ سەندەك ئادەمـ
نىڭ بالىسى بولۇپ قالغىچە ئۆلۈپ كەتـ
كەن بولسامچۇ... شەھەر، شـەھەر دەپ
يۈرۈپمۇ مېنى «قىزىل قىز» دېگەن ئـاتاقا
قويدى. ئەمدى ھېچ نېمىنى كۆرمىگەندەك
يۈرگىنىنى... «...مۇز تەلەت، تاش يۈرەك
ئاۋۇ يىخو...».

ئۇ، تازا تىللاپ، ئىـچ قارىنىنى سەل
بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، ئاپىسىنى تىللىغىـ
نىغا پۇشايمان قىلاتتى، ئاپىسىغا ئىـچ
ئاغرىتاتتى، نېمىلا دېگەن بىلەن ئاپـدە!

ئەمەلىيەتتە، هاۋاخانمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇـ
شى ھەققىدە غەمگە پاتمـاقتـىدى. «ئـۇ،
«سەھرالىق» دەپ يېقىن يولاتمىغان ئوغۇلـ
لار ئەمدىلىكتە ئىككىـ ئۈچ بالىغا ئـاتا
بولۇپ قالدى. «كۆزگە ئىلمىغان پـۇتۇق
چوماق» دېگەندەك، بەزىسى تېخى مـەھەلـ
لىگە باش بولۇپمۇ كەتتى. «سـەھرالىق»
لارنىڭ ھېچ بىرى قوغلاپمۇ يـېتەلمىگەن
ئەتىۋارلىق بۇ قىزغا شەھەرلىك ئوغۇللار
يېقىن يولىمىدى. هالا بۇ كۈنلەرگە كەلگەنـ
دە، يېزىدا چوڭ بولغىنىغا قارىماي كـەتـ
مەن دەستىسىنى تۇتۇپ باقمىغان بۇ گۈزەل
قىز «قىزىل قىز» بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ
يەنىلا چىرايلىق... ئەينى شەھەر قىزلىرىـ
دەك نېمە بولۇپ كەتسە كەتسۇن، ئـۇنى

يېزىغا بېرىشكە بولمايتتى. ئۇ شەھەردىلا
بەختىنى تېپىشى كېرەك ئىدى.
هاۋاخان هازىرغىچە مۇشۇنداق ئويلايتـ
تى.

* *

ئۇ يەنە خىيال سۈرگەن بولار ئـىدى،
لېكىن قورسىقىدا ئوك بېقىنىغا ئـۇرۇلۇشقا
باشلىغان بىر نەرسە ئۇنى سەگىتتى. بـۇ
ئۇرۇلۇش خۇددى قورساقتىكى كىچىك باـ
لىنىڭ ئانىسىنى تەپكىنىگە ئـوخشايتتى...
شۇنداق، ئۇــ بالا ئىدى: ئۇ، يورۇق دۇنـ
ياغا كۆز ئېچىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندەك
جان ـ جەھلى بىلەن مىدىرلاۋاتاتتى.

سانىيە ئـوڭ بېقىنىنى ئەلەم بىـلەن
بېسىپ قويۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغـ
لاپ كەتتى. سىرتتىن ئاڭلانغان ھېلىقى توـ
نۇش ناخشا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، تـەمبۇر
تارىسىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مـۇڭلىرىغا
دەرتمەن كىشىلەرنىڭ ھەسرەتلىك تىنـىقـ
لىرىغا، هازىدار ئادەملەرنىڭ ئـەلەملىك
يىغىسىغا ئوخشاش دەرهال تەسىر قـىلىپ،
ئۇنى تىنجىتىپ قويدى. دۇنياغا تېخى كۆز
ئاچمىغان بۇ جانمـۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسـ
كە سالىدىغان لىرىكىلىق ئاھاڭنى ئـاڭلىـ
غاندەك توساتتىنلا جىمىپ قالدى.

ناخشا شۇ قەدەر يېقىملىق، شۇ قـەدەر
تەسىرلىك ئىدى. ئىقرار قىلىش كېرەككى،
ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى ھەرىكەت، خىيالـ
دىن توختاتقان ئەنە شۇ ناخشىنىڭ ئىگىـ
سى سـۇلتان ئىدى! بۇ ناخشا خـۇددى بىر
ئەسلىمىگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكراـ
نىغا خىيالچان كېچىلەرنىڭ يېقىملىق ئوبـ
رازىنى سىزماقتىدى.

* *

سانىيـە سۇلتاننى خىيال قىلىپ ئـۇخـ

لىيالماي ياتقان بىر كېچىسى ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە «گۈپ» قىلىپ بىر نەرسە چۈشتى. سانىيە چۆچۈپ كەتتى... ئارقىدىن يەنە بىرسى چۈشتى. ئۇ ئەمدى چۈشەندى: ئۇچالما ئەركەكلەرنىڭ ئاياللارنى سىرتقا چىللاش بەلگىسى، سانىيە ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي يېتىۋەردى، لېكىن تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان بىر ناخشا ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ ناخشا «دۆڭ مەھەللە»دە باشلانغان، ئۇنى سېغىندۇرغان، ئازابقا سالغان ناخشا ئىدى...

ئۇ بىر نەچچە قېتىم ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى- يۇ، يەنە جىممىدە يېتىۋالدى. ناخشا شۇنچىلىك تەسىرلىك ئېيتىلىۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇپ، غايىۋى مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى؛ كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئۇنى سىرتقا تارتىۋاتاتتى... ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تىزگىنلەپ باقتىمۇ، لېكىن ئويغانغان قەلبى ئۇنى تىنجىتمايتتى. ئۇنىڭ جىسمى بىلەن روھى ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزاق كۈرەش بولدى، ئاخىرقى ھېسابتا روھى غالىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، سىرتقا — ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەر كېچىسى دېگۈدەك سانىيەنىڭ ئۆگزىسىگە «چالما چۈشۈپ» تۇردى. ناخشىمۇ يېڭى-يېڭى ئاھاڭلاردا ئېيتىلىپ تۇردى، شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، سۇلتان:

— بۈگۈنلا يىراققا قېچىپ كېتەيلى سانىيە، — دېدى. بەختلىك كەلگەن بۇ سەھرا يىگىتى ئىشىنىڭ ئاخىرىنى مۆلچەرلەپ بولغاندەك قىلاتتى.

— ياق، مەن قاچمايمەن، — دېدى سانىيە بوش ۋە تولىمۇ تىترەك ئاۋازدا.

— ئاپلا!......

سۇلتاننىڭ خېلى جىق سۆزلىرى بولسا كېرەك، سانىيەنىڭ بىر يولىلا رەت قىلىشىغا ئۇچراپ جىمىپ قالدى......

* *

سانىيە شۇلارنى ئويلاپ، لىۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇ، ئىشنى خاتا مۆلچەرلىگەنىدى. مانا بۈگۈن يەنە شۇ ناخشا... ياق، ئۇ ھەممىدىن قۇتۇلدۇ، ئۆزىنى كەمسىتكەنلەرگە بۇ دۇنيانى تاشلاپ بېرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىقنى ئاپىسى تېخى ئاخشاملا بىلىپ قالدى. ئۇزۇنغا قالماي مەھەللىدىكى «ئۇزۇن قۇلاق»لارمۇ بىلىپ قالىدۇ. ئەمدى ياشىغاندىن كۆرە....

ئۇ ئاپىسىنىڭ قاتتىق گېپىگە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىرىگە ئۆلۈم بىلەن جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى. «ئۆزەمنى ئۆستەڭگە تاشلاي، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئۆستەڭگە...» لېكىن ئۇنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلىرىنى ئەسكە سالىدىغان ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېيتىلىپ، ئۇنى بىر دەم ... ... يەنە بىر دەم تۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئاھ ... ناخشا...

ئۇ مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، تالاي كېچىلەرنى شېرىن خىياللار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟، مۇشۇ ناخشىلار ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، ھايات گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئەمەسمىدى؟... «خوش سۇلتان!»، ئۇ ئاۋازىنىڭ ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى.

ناخشا توختىماي ئېيتىلىۋاتاتتى:

ئىشقى ئوتۇڭدا سەرگەردان بولۇپ،
ئايدەك چىرايىم سولسا مەيلىمۇ؟

... ... ... ... ...

ناخشا ئېيتىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سانىيە بىردىنلا خاپا بولۇپ قالدى.

«ماكېچىنى كۆرۈڭە، — دېدى ئۇ تەسەللىكتە، — شۇنداق قىلىپ تۇرسامۇ، يەنە سەرگەردان بولۇپ كېتىدىغان قانداق كۆڭۈل ئۇ؟، مەن نەچچە كۈندىن بېرى يېنىڭغا چىقماي يېتىۋالغاندەك... مېنى بىر بالىغا ئانا قىلىپ قويۇپمۇ، تەپتارتماي ئېيتقان ناخشىسىنى، ھۇ ئەبگاھ قاراپاتاك، مەن نېمە ئۇيىدا، سەن نېمە كويدا... تاك ئاتقىچە كاكىراپ تۇرۇۋەر، يېنىڭغا چىقىدىلى چولام يوق....

ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى قامالاپ تام تەرەپكە قاراپ يەنە يېتىۋالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ، ھېلى دېگەن گېپىنى ئويلاپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى. «ھېلى ئۇنى قاراپاتاك دېدىممۇ؟ ھە راست، شۇنداق دەپتىمەن... ئۇنداقتا، قاراپاتاكنىڭ كېيىندىن نېمىشقا يۈگۈردۈم؟ ئۇ «قاراپاتاك ئەمەس...»،

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە «گۆپ» قىلىپ بىر نېمە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سۇلغۇن سوقۇشتىن ئۆزگىرىپ، جەڭگىۋار رېتىمغا كىردى... ئارقا - ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە تال چالما چۈشتى. سانىيە ئەمدى ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. «ھازىر نەۋاق بولدى. شۇچاقىچە مېنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. بىچارە سۇلتان.» شۇ تاپتا سانىيەنىڭ كاللىسىدىكى «ئۆلۈۋېلىش» خىيالى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندى.

ناخشا باشقا بىر ئاھاڭدا باشلاندى. بۇ ناخشا ئۇنىڭغا سۇلتان بىلەن تونجى قېتىم مۇڭداشقان كېچىنى ئەسكە سالدى. ئۇ، لەززەتلىك بىر تۇيغۇغا چۆمۈلگەندەك بولدى، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالغان بۇ ئاھاڭ يەنە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالماقتىدى. ئۇ، ئەمدى تاقەت قىلالمىدى ۋە ئېسىنى يىغىپ يوتقاندىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقتى...

× ×

— ئەمدى بۇ بوزۇقنىڭ تويىنى قىلىپ بېرەيلى قۇتۇلايلى، ئەر بولغان بىلەن سىڭلىنىڭ تۇرۇشلىرى شۇكەن، ھەممەگەپ ماڭا ئۆتۈدىكەن.

— ھىم، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنى دېگەن ئەمەسمۇ خوتۇن. «ئەمدى كەينىگە تارتماڭلار، سىڭلى تېيىشىپ تۇرۇۋېلىپمۇ، قىزىمىز قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بولغاندىكىن، ئاشۇ سۇلتانجانغا بېرەيلى دېسەم، شەھەرگە بەرسەم بولىدىكەن... دېدىڭلا، ھىم... شەھەرگە تويدۇڭلىمۇ؟ سەھەر ئىنقىلابنىڭ نەرى يامان، سىلىمۇ تۇغما سەھرالىقمۇ؟ گەپ قىلسام قىيسىق ئالما يىسىلە، ھېلىمۇ گېپىمدە تۇرۇمەن: ئۇنى سۇلتانجانغا بېرەيلى.

— ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت، بۇ يۈزنى پوق قىلىدىغان بولدى ئەمەسمۇ، ئەرگە تەككىسى كېلىپ كەتكەن پاسكىنا...

سانىيە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تاك ئاللىقاچان يورۇپ كەتكەندى، ئۇ بايا ئاڭلىغانلىرىنى چۈشۈمىكىن دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئۆزىدىن رەنجىدى. «ئاپلا مۇشۇ كەمگىچە چۈش كۆرۈپ ياتقىنىمنى. ئاخشام سۇلتان: «تاك ئاتماستا مەھەللىدىن چىقىپ

(ئاخىرى 51-بەتتە)

# نەسىرلەر

ئۆزىز نىياز

## شام

( ئانا مەكتىپىم خوتەن ئالىي سىنىپەن تېخنىكومىدىكى پېشقەم ئوقۇتقۇچى- ئۇستازلىرىمغا بېغىشلايمەن)

تۈن كېچە ، پۈتۈن ئالەم ئۇيقۇغا غەرق بولغان . ئەتراپتا سىرلىق بىر سۈكۈنات هۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت مەنلا ئويغاق، شام ئەتراپىمنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى مۇشۇ بىر بۆرجەكنى زۇلمەت دۇنياسىدىن ئايرىپ نۇرغا كۆمگەن. ئاھ، قانداق يارقىن نۇرلار-ھە! شام كۆيمەكتە، ئەنە شۇ كۆيۈۋاتقان ۋۇجۇدىدىن نۇرچاچماقتا ...

شام ئۆچتى. مەنمۇ، مەن ئولتۇرغان ئاشۇ نۇرانە بۆرجەكمۇ قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كەتتۇق. شام پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن، ئۇنىڭ نۇر چاقارغۇچى سېخى گەۋدىسى ئېرىپ تۈگىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت كۆيۈپ تۈگىگەن ھاياتىن دېرەك بەرگۈچى شام ساقىندىسىدىن ئۆزگە ھېچنېمە قالمىغانىدى. مەن قاراڭغۇلۇققا غەرق بولغانىدىم. لېكىن قەلبىم، روھىم، ئارزۇ- ئىستەكلىرىم ئويغاق ئىدى. مەن خىيالغا پاتتىم : ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەنە شۇ شامغا ئوخشاش جاھانغا يورۇقلۇق بېرىش بەدىلىگە ئۆز ھاياتىنى خالىسانە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ نەقەدەر ئۇلۇغۋارلىق ئالىي پەزىلەت-ھە!. مەن ئاشۇ كۆيۈپ ئېرىپ تۈگىگەن شام ساقىندىسىنى ئەقىل كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئولتۇرغان چېغىمدا، ئۇستازىمنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى گويا نۇر تۆۋرۈكىدەك كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى.

ئاھ، سۆيۈملۈك ئۇستاز!، مەن سېنىڭ بور توزۇندىلىرى ئارىسىدا ياش غۇنچىلارغا ئۈمىدلىك كۆزلىرىڭ بىلەن مېھرىڭنى بېغىشلاپ تۇرغان چاغلىرىڭنى ئويلىدۇم، يېقىملىق ئاۋازىڭنى جاراڭلىق ياڭرىتىپ دەرس سۆزلەۋاتقان چاغلىرىڭنى ئويلىدۇم ، بال ھەرىسىنىڭ خۇشپۇراق گۈللەرنى ئىزدەپ چىمەنزار باغلاردا پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىغا شۇڭغۇپ كېچە-كېچىلەپ ئۇيقۇسىز ئولتۇرغان چاغلىرىڭنى ئويلىدىم. شۇ چاغدا كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

ئېخ ئۇستاز! سەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ھاياتىڭدىن — ۋۇجۇدۇڭدىن نۇر ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىپ ئىنسانلارنىڭ دىلىنى يورۇتىسەن، ئەي ئۇلۇغ ئىنسان!، كۆڭۈللەر دەشتىنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا تىنىماي كۆرەش قىلىۋاتقان نامسىز قەھرىمان!

سەن دۇنيادا ھەقىقىي ھۆرمەت ئىگىسى. قايسى ئالىم، كەشپىياتچى، قايسى شائىر، يازغۇچى، قايسى ئەدىپ، سىياسىيون سېنى ئۇستاز تۇتمىغان! سەندىن تەلىم ئالمىغان!.

ئاھ، نۇرپەرەستىسى! سەن مىڭلىغان قەلبلەرنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرمەنبەسى، قەلبلەر ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق قۇياش سەن!

## ياشاش ئىستىكى

ۋاقىتسىز كەلگەن كۈز شامىلى سارغايغان ياپراقلارنى ئۇچۇرۇپ، رەھىمسىزلىك بىلەن قوغلاپ يۈرەتتى. قاچاندۇر كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرۇدىغان ئېكىنزارلىقلار يالىڭاچلىنىپ قالغان، خۇشپۇراق گۈللەر ئاللىقاچان خازان بولغان، قۇشلارنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاۋازى قاياقتىدۇر غايىپ بولغانىدى....

ھەممىلا نەرسە مېنىڭ ھاياتىمدەك قۇرۇق، مەنىسىز بولۇپ، مېنۇ تېرى قاراڭغۇلۇق قوينىغا تارتىلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمگە تەسەللىي ئاتا قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى.

دىلىمنى ئاجايىپ غەشلىك قاپلىغانىدى. يۈرەك باغرىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشاتتى....

مەن ھېچبىر مەقسەتسىزلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن. گەرچە بۇ دۇنيادا مەن تارتىشتىدەك ھېچنەرسە بىلمىسەمۇ، ھەربىر كۈن مەن ئۈچۈن شۇنداق زېرىكىشلىك، كۆڭۈلسىز بىلىنسىمۇ، مەن يەنىلا ياشاۋاتىمەن. ئادەملەردىن يىراقلىشىمغا، مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگىگىنىگە قارىماي يەنىلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن...

مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇمۇ ماڭا ئامراقتى. بىز تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇھەببەت دەرياسىغا ئۆزىمىزنى ئاتتان ھەمدە ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەنىدۇق. ئۇ مەندىن ئايرىلالمايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەنلا بەختلىكتىم.

ھالبۇكى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. بارلىق ئارزۇلىرىمنى، شېرىن چۈشلىرىمنى ۋەيران قىلىپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى!

مەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيتتىم. ئەمما، ئۇنىڭدىن راستىنلا ئايرىلىپ قالدىم...

بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ھازىرمۇ يۈرىكىم جىغىلدايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بىز تويغىتىمۇ ئېلىپ بولغان ئەمەسمىدۇق؟! ئۇزۇن يىللىق مۇھەببەت سىنىقىدىن كېيىن يۈرەكلەرمۇ، چاڭقاپ كەتكەن جىسمىمىزمۇ تەشنالىقتا قېنىش، ۋىسالغا ئېرىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى سېرىق تۇپراققا مەڭگۈلۈككە كۆمۈۋەتتى.

مەن بولسام يىراقتىكى قاقشال، يىگانە دەرەختەك يالغۇز يېتىم قالدىم ... نېمىشقا مەنمۇ ئۇ بىلەن ئۆلۈپلا تۈگەشمىدىم؟ نېمىشقا تا بۈگۈنگىچە سۆرىلىپ ياشاپ كەلدىم؟!

ئېھتىمال، يالغۇز ئانامغا تارتىشقاندىمەن ...... شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇدۇنيادا شەپە-

سىز ھەم ئۇشۇنچە خاپىلىق تارتىۋاتقاندىمەن. ئۇنىڭسىز ھايات مەن ئۈچۈن ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ نېمىنىدۇر كۈتىۋاتىمەن، نېمىدىندۇر مەدەت تىلەۋاتىمەن. ياق، نېمىنى كۈتۈشۈم مۇمكىن؟ ئەمەلىيەتتە، ھەممە نەرسە ئۆلۈپ تۈگىدى. ماڭا قالغىنى پەقەت قەلبىنى ئۆرتەيدىغان ئازابلىق ئەسلىمە، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقان، سىرداشقان جايلار، تۈگىمەس پاراڭلار، ئامراقلىقتا، قىزغىنلىقتا بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلاردىن ئىبارەت، خالاس...

كۆل بويىدا ئولتۇرىمەن. كۆڭلۈم ئېيتقۇسىز دەرىجىدە يېرىم. كۆل ھەمىشە مېنى باغرىغا چاللايدۇ. مەنمۇ ئۇزۇنغىچە تەلمۈرىمەن. ئەپسۇسكى، بىرلا نەرسە ماڭا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان ماكاندىن ئايرىلىشقا، ھەسرەت بىلەن ياشاشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ پەرزەنت بۇرچى.

كۈنلەر ئاستا، سوزۇلۇپ ئۆتمەكتە. مەنمۇ ياشاۋاتىمەن، خۇشاللىقتىن، خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتىمەن. ئەجەبا، تۇرمۇشنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنى مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان ئازابلىق تۇيغۇلارمىكىن؟ يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايدىغاندىمەن؟!

ھېچ بىلمەيمەن، بۇ كۈنلەرنىڭ زادىلا چېكى يوقمىكەن؟!....

# ناخشا

ناخشا ھاياتقا جۇشقۇنلۇق، قەلبكە گۈزەللىك ۋە شادلىق بېغىشلىغۇچى سېھرىي كۈچ. ھاياتتا ناخشا ئاڭلاشنى، ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىنسان بولمىسا كېرەك.

مەن بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا ناخشىغا ئامراقتىم. ناخشا ئاڭلاشنى، ناخشا ئېيتىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، بەزى مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلىغان چېغىمدا قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، ھاياجىنىمنى باسالماي قالاتتىم.

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. تەبىئەتنىڭ سېخىلىقىدىن بېشىمغا قارگۈللىرى قونۇشقا باشلىدى، ئىڭەكلىرىمگە قىروۋ چۈشتى. ئەمما مېنىڭ ناخشا خۇمار قەلبىم ئۆزگەرمىدى. مەن بۇ جەرياندا نۇرغۇن نەرسىلىرىمدىن ئايرىلدىم، بىراق، پەقەت بىرلا نەرسىدىن — ناخشىدىن مەھرۇم قالمىدىم، مەن يەنىلا ناخشىنى ياخشى كۆرىمەن، ناخشىنى سۆيىمەن، قەدىرلەيمەن ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئاڭلايمەن، ئەبەدىل-ئەبەت قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلايمەن. چۈنكى، ناخشا ماڭا ئۆتكەن ھاياتنى ئەسلىتىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى كۆز ئالدىمدا نامايەن قىلىدۇ، ناخشا ۋۇجۇدۇمغا كۈچ-قۇۋۋەت، غەيرەت-شىجائەت بېغىشلايدۇ، چىن ئىنسان بولۇشقا، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، ۋەتەنگە، مىللەتكە پايدىلىق ئىنسان بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ناخشا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق خا-

تىرىلىرىنى ئېسىمگە سالىدۇ، ياشلىقىمدىكى شېرىن ئارزۇلارنى، ھەسرەتلىك پىغان، ئوتلۇق خىياللارنى، ئويقۇسىز كېچىلەرنى، تاتلىق پىچىرلاشلارنى، جاراڭلىق كۈلكىلەرنى، ھىجران تۇمانلىرى قاپلىغان تىنجىق ئاخشاملارنى كۆز ئالدىمدا نامايەن قىلىدۇ.

مەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم. ناخشا يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تارىلىشقا باشلىدى...

ئېخ ناخشا، يۈرەكنىڭ شىپالىق دورىسى، دىللارنىڭ ئارامى، مىللەتنىڭ ئىپتىخارى، خەلقىنىڭ غەمگۇزارى سەن!

سەن ئۈزۈلمەي جاراڭلا، دەۋردىن دەۋرگە، ئەسىردىن ئەسىرگە داۋاملىشىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يول باشلا!

1989-يىل، مارت، ئاقسۇ.

---

(بېشى 47-بەتتە)

بولمىسىز» دېسە، دادامنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي، تاڭ سەھەردە قاچسا قىمۇ بولىدۇ دەپتىمەن. ئەمدى ئۆيدىن چىققىلى بولمامدۇ-نېمە؟»

ئۇ، ئىشىكلا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

— سانىي، ھەي سانىي، قوپە بۇزۇق! كۈن نېكەم بولدى؟

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.


سانىيە ئىشىكتىن تالاغا چىقتى.

— نېمە دەيسىز ئاپا؟

— يەنە نېمە دېمەكچىتتىم؟ سېنى ئەرگە بېرىلى دەۋاتىمەن، ئەرگە. بۈگۈن كەچكىچە نەدىن بولسا سۇلتان دېگەن قارا پاتاڭ ئېزىتقۇنى تېپىپ «توي قىلىلى» دېگەن. سەندەك ئادەم ئەسكىسىنى پاتراق مۇرادىڭغا يەتكۈزىلى.

سانىيە ھەيران قالدى. بۇ نېمە گەپ؟ مۇشۇ گەپ ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدۇ، ئۇ، نۇمۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇرۇۋاتىسمۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي

قالدى. «تۇۋا...... دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — مۇشۇنداق بولارنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...... ئادەمنى يەرگە قاراتقۇچە بۇرۇنراق ئۆلگەن بولسا...» ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى ئويلاشقا تاقىتى يوق ئىدى. پەقەتلا پۇخادىن چىققۇچە ياش تۆككۈسى، ئاپىسىنىڭ قوشۇغا ئىلىقىنى سۇلتانغا ئۈنلۈك ئاۋازدا جاكارلىغۇسى كېلەتتى. بۇ، ھەقىقەتەن زور بەخت، ئۇنىڭ نەزىرىدە يىراققا قاچمىغۇچە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان بەخت ئىدى. ئۇ كۈتكىنىگە ئاخىرى ئېرىشتى. لېكىن باشقىچە يول بىلەن... بۇ يولدىن تاپقىنىمۇ باشقىچە بەخت — تېگىرىقاشتىن تۆرەلگەن بەخت بولدى. ئۇ لىۋىنى يېنىك چىشلەپ، چىرايىغا يېقىملىق تەبەسسۇم يۈگۈرتتى. ئۇ قاندىقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سىرتقا — سۇلتان بىلەن كېلىشىپ قويغان مەنزىلگە قاراپ يۈگۈردى. دەل شۇ تەرەپتىن ئۇنى خاپىلىق ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشتۈرگەن ئاخشامقى ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشىلار يەنە ئاڭلانغانىدەك قىلاتتى...



يولداش ئابدۇرېھىم زۇنۇن 1963-يىلى 4-ئايدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بولاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1981-يىلى خوتەن سەنئەت ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984-يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن. ھازىر خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئاپتور 1981-يىلى «كونا شەھەر ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەنگە مۇھەببەت» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا يۈز پارچىغا يېقىن شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئاپتورنىڭ «ئۈمىدلىك يول» ناملىق شېئىرلار توپلىمى يېقىندا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

# خوتەندە يېزىلغان شېئىرلار

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## مۇئەللىمگە

ھەر قېتىم كۆرگەندە سېنى مۇئەللىم،
ھۆرمىتىم قەلبىمدە ياسايدۇ قىيان.
ئۇرغۇپ سەن ئۈچۈنلا پاك مۇھەببىتىم،
تاشقىنلار، تولۇپ مىسالى ئوكيان ...

ئەسلىمەن مۇنبەردە تۇرغان چېغىڭنى،
ئەي قەيسەر، مەردانە، گىگانت ئادەم.
چارلايمەن، نۇرانە قەلب بېغىڭنى،
ھەسەل-بال يىغىشچان تېخى ھېلىھەم...

تىكلىنەن قەلبىمگە ئابىدەڭ پۇختا،
ساقلايمەن تا ئەبەت چىن مۇھەببەتتە.
بىر ئۆمۈر شەنىڭگە ياغدۇرۇپ ناخشا،
ئۇلۇغلاپ ئۆتىمەن سېنى ھۆرمەتتە!

## كۆرۈپ

(ئۇستازىم ئابدۇللا سۇلايماننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

تاپمىغىن ئانى بىراۋنى قۇل كۆرۈپ،
شاھ ئۆزۈڭنى، باشقىنى يوقسۇل كۆرۈپ،
كۈچ-مېلىڭغا ھېچ ئىشەنمە مول كۆرۈپ،
يۈرمىگىن ئات ئۈستىدە سەن گۈل كۆرۈپ،
تاغدا كەكلىك، باغدا ھەم بۇلبۇل كۆرۈپ.

پاك نىيەت، ئىخلاستا تۆكسەڭ تەر-قېنىڭ
يۈز ئاچۇر ئارزۇ-مۇراد، بەختىڭ سېنىڭ
ئۇ، ئەبەد پۈتمەس خەزىنە ھەم كېنىڭ،
قالمىسۇن بىرنەچچە ئاسان كۆڭلۈڭ سېنىڭ
بۇ سەپەرنى بەك ئۇزۇن بىر يول كۆرۈپ

«كۆكتە مەن» دەپ كۆرمىگەن ئۆزگىنى پەس،
ھېچقاچان دەريا تىنىچ ئاققان ئەمەس،
باسىدۇ بىر كۈن كۆرەڭ، رەڭۋازلىق لەس،
يۈرمىگەن چاغلاپ بىراۋنى خار-خەس،
بىر ئۆزۈڭنى خۇشپىراق سۇمبۇل كۆرۈپ.

باس گۈزەل تۇرمۇشقا ماس ھەرپەدىنى،
ئويلا ئوبدان كەلگۈسىڭنى-ئەتىنى،
ئالدىراپ ئوقۇپ تۈگەتمە پەتىنى،
باشتا سەن بەرگەن ئەمەسمۇ ۋەدىنى،
چىن مۇھەببەت شەرتىنى مەقبۇل كۆرۈپ.

ئۈچرىشىپ قالساق، تىلىڭنى چاينىدىڭ،
مېنى «ۋىجدانسىز» دېيان، خوپ قاينىدىڭ،
ئەسلىدە چىن سۆيگۈگە سەن بايمىدىڭ؟
ئاردىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي ئاينىدىڭ،
قول تۇتۇپ ماڭماقنى بەك مۈشكۈل كۆرۈپ.

مەن دېدىم: ئىنسان گۈزەل، ئۈزدۈر جاھان،
سەن دېدىڭ: بولسا ماڭا خىلۋەت ماكان،
مەن دېدىم: تۇرمۇش ئەمەس ئۇنداق ئاسان،
سەن دېدىڭ: كۈندە چېچەك ئاتمايدۇ جان،
پۈت ئۈچىڭ ئەتراپىنى تۈك-سول كۆرۈپ.

يەتكۈزۈپ نۇقسان مۇھەببەت شەنىگە،
سەل قاراپ تۇرمۇش دېتىغا - پەمىگە،
ھېچ پىسەنت قىلماي تاپاۋەتىگە،
كۆزنى تىكمەستىن يىراققا-ئەتىگە،
ماختىدىڭ قىرچاڭغۇنى دۇلدۇل كۆرۈپ.

قاپلىدى قەلبىڭنى، يىل ئۆتكەندە كىر،
تۈزنى تاشلاپ دەسسىدىڭ قىيسىق-قىڭغىر،
ئەل ۋەمەلدىن يوشۇرۇپ كەلگەچكە «سىر»،
مېندى ۋىجدان ئۈستىگە نەپسىڭ ئاخىر،
ئۆزگىدىن بىر ئازغىنە نەپ-پۇل كۆرۈپ.

تەن ۋۇجۇدۇڭدىن مىكرىنى ئايرىۋەت،
بۇ ئۇزۇن ئالەم، مۇرەككەپ ئاھ...قەۋەت،
باقمىساڭ، ئۇ ساڭا باقماس تائەبەد،
چۈشۈشى بارغۇ ئۈچۈشنىڭ ئاقىۋەت،
شاخ ئاتامسەن قورىغان بىر غول كۆرۈپ؟!

ئەل ئۈچۈن بولساڭ ئەگەر خالىس نىيەت،
ياشلىقىڭ كەتمەس بىكار، (چاقنار ئەبەد،)
بۇ ساڭا قەلبىم تىلىدىن سۆز پەقەت،
كەچ ئەمەس ھازىرمۇ، قىلدىم نەسىھەت،
ئاچا يولدا مەن سېنى دىلغۇل كۆرۈپ.

ياشىغىن ئۆلمەي دېسەڭ، ھاتەم كەبى،
ئۆتمىسۇن، غەمدە كۈنىڭ ماتەم كەبى،
تەر تۆكۈپ ئويناشنى بىل ئايەم كەبى،
ياشماق لازىم دۇرۇس ئادەم كەبى،
ئۆمرىڭگە پاكلىقنى كار-مەشغۇل كۆرۈپ.

سەپ تۈزۈپ قىلدۇق يۈرۈش قۇتلۇق سەھەر،
ئارتقا يانمايمىز پەقەت قۇچماي زەپەر،
كۈتىدۇ بىزدىن خەلق زور خۇش خەۋەر،
كەل قېنى، تۇتقىن قولۇمنى بۇ سەپەر،
تەر تۆكەيلى ئەلگە، مول ھوسۇل كۆرۈپ.

## ئىلتىجا

قۇدرەت تېپىپ ماھارىتىڭدىن،
كۈندىن-كۈنگە ئۆرلىدىڭ ئېگىز.
سەن يۈكسەككە ئۆرلىگەنسېرى،
يۈرىكىمگە سانجىلار بىگىز.

چوققىلارغا قونساڭ يىگانە،
قانداق چىداپ تۇرۇمەن ھايات؟
ھەسەت ئوتى ئۆرتەر يۈرەكنى،
بۇركۈت كەبى قاقساڭ سەن قانات.

كۆزلىرىمگە خەنجەر سانجىغىن،
ئېيتتىپ كەتسۇن كۆزۈم قارىسى!
ئىچىم زەرداپ-خۇنغا تولدى لىق،
ئاھ، قوزغىلىپ قەلبىم يارىسى!

# ئىجادكار ناخشىسى

ئىختىيارا دەرياسىغا سالسام كېمە،
«نە بولۇر ھالى» دېبان ۋايىم يېمە،
قورقۇتالماس مېنى ئۈزۈپقۇن، ۋەھىمە،
بولمىغاي مېھنەتكە ھېچكىم ھېچنېمە،
بىلىمەن: جاپا نېمە، راھەت نېمە،
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
گەر ۋىسال قۇچسام كۆرۈپ دەيسەن نېمە؟!

باغلىدىم بەلگە جاسارەتتىن كەمەر،
يەنچىلەر ئاستىمدا زور توسقۇن، خەتەر،
پارلىغاچ دىلدا ئۈمىد—ئۆچمەس قەمەر،
سېزىمەن راھەت، جاپا تارتسام ئەگەر،
يۈز ئاچۇر ئارزۇ-مۇراد تۆككەندە تەر،
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
ئاقىۋەت قۇچسام ۋىسال دەيسەن نېمە؟!

گەر بولوپ قالسام ئېغىر «يۈك» ئەلگە مەن،
تولدۇرۇپ يۈرسەم ئىچىمنى يەلگە مەن،
نە ئۈچۈن سالدىم ئېتىمنى چۆلگە مەن؟
قويمىسام باسقان ئىزىمدىن بەلگە مەن،
مەيلى مىڭ يىل ياشىماي، نەق ئۆلگە مەن،
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
بېرىمەن ئەلگە مېۋە، دەيسەن نېمە؟!

ئۆمرى ئۆتسە كىشىنىڭ مېھنەت بىلەن،
بىتىنىم چۈمۈلىدەك، خىسلەت بىلەن،
تولسا لىق قەلبى ئىلىم-ھىكمەت بىلەن،
ئەلنى ئالغا باشلىسا ھىممەت بىلەن،
جاي بېرەر يەر، يۇمساكۆز ئىززەت بىلەن،
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
قالىدۇ تۆھپەم ئەبەد، دەيسەن نېمە؟!

يادلىنار مەڭگۈگە تەر تۆككەن كىشى،
قەلبىگە ئەل-يۇرتىنى پۈككەن كىشى،
جىسمى، روھى ئەل ئۈچۈن پۈتكەن كىشى،
ھەرقاچان مېھنەت بىلەن ئۆتكەن كىشى،
قان بىلەن تارىخنى چىن پۈتكەن كىشى..
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
ياشىسام ئەل قەلبىدە دەيسەن نېمە؟!

بولسا كىشىنىڭ ئەجرى كۆپ تاپقاي روناق،
ئەجرىسىز يەرنى مىسال باسقاي شىۋاق..
چېقىلۇر ئاخىر ئەجرىسىز زەر تاۋاق،
كىم قاچان قىلسا بىنا تەردىن بۇلاق،
كەڭ قۇچاق ئاچقاي ئاڭا ئالتۇن راۋاق،
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە،
شۇ راۋاق ئاچسا قۇچاق، دەيسەن نېمە؟!

شۇڭا كەچتىم تەر-ئىجاد دەرياسىنى،
ئىزدىدىم ئىرپان-ئىلىم رەناسىنى،
ۋايىسىماي كەزدىم بىلىم سەھراسىنى...
قاندۇرۇپ چاڭقاق دىلىم تەشناسىنى،
تاپىمەن ئۇندىن ھايات مەناسىنى؛
«ۋاھ، نادانەي بالىلىق قىلدى» دېمە
بارسا مەنزىلگە كېمەم، دەيسەن نېمە؟

# سېنى كۈتۈپ ...

ناخشا ئېيتتىم سەھەر دەمدىمۇ،
ئاي پارلىغان جىمجىت تۈندىمۇ،
مەن ئىشقىڭدا ئۆلمىدىم نىگار،
ھېيت-ئايەمدە، بايرام كۈندىمۇ،
سوغۇق نەشتەر ئۇرغان تۈندىمۇ.

ئىشقىڭ ماڭا يامراپ قىيانىدەك،
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىدى سىماپ.
تەلمۈرىمەن قۇش بالىسىدەك،
كېچە-كۈندۈز يولۇڭغا قاراپ،
ئېيتىپ بارار سۆيگۈم كۈن ساناپ...

ئىزلىرىڭنى ئىزدەيمەن ھامان،
ئايدىڭ كېچە، گۈلزارغا بېرىپ.
يەر قۇچىمەن تاپسام ناۋادا،
ئىز-پايەڭگە يۈزۈمنى يېقىپ؛
مېھرىم ساڭا دەريادەك ئېقىپ.

سېنى كۈتۈپ، ساڭا تەلمۈرۈپ،
ئېيتسام زادى تۈگىمەس ناخشام.
ئۈزۈلمەس بىر ئېقىندەك مەڭگۈ،
جاراڭلايدۇ سەھەر ۋە ئاخشام،
ساڭا بولغان ئەقىدەم-ناخشام!

## ئىككى غەزەل

# پىتنەخور

كىم زەپەر قۇچسا كۆرەلمەس پىتنەخور،
شاد-خۇرام، ئەركىن يۈرەلمەس پىتنەخور.
بەزماراپ يۈرگەن مۈشۈكتەك دائىما،
كوچىدىن ئۆيگە كىرەلمەس پىتنەخور.
قەلبىنى ئۆرتەپ ھەسەت گۈلخانى ئاھ،
كۆزگە ئۆيتۇ كەلتۈرەلمەس پىتنەخور.
چېھرى سۇلغۇن، زەپىرەڭدەك بەد سىرىق،
دەرد بىلەن ئۆتكەچ داۋام مەس، پىتنەخور.
سالسىمۇ ئۆز تەستىكىگە مۇشت ئۆزى،
كەسپىدىن مېھرەن ئۈزەلمەس پىتنەخور.
غەم بىلەن يۈرگەچ لاغايلاپ دالدىدا،
ۋاقتىدا يەلمەس تاماق، نەس پىتنەخور.
ئانت ئىچىپ يۇرت ئالدىدا يۈزمىڭ قېتىم،
«شەيتانى»نى كەتكۈزەلمەس پىتنەخور.
ئۇنى پوپاي، بۇنى ياغاق ... دەپ يۈرۈپ،
شاد ھايات پەيزىن سۈرەلمەس پىتنەخور،
يۈرىكى تولغاچقا خۇن-زەرداپ بىلەن.

قانغۇدەك بىر رەت كۆلەلمەس پىتنىخور.
ئوي-خىيالى توپچىگىش يىپقا مىسال،
ياخشى ئىشقا يەك تۇرەلمەس پىتنىخور.
پىتنىخور — ئوتقا چىچىلغان ماي گويا،
ئۇلغىيار جاڭجال-نىزا، بەس، پىتنىخور.
شۇمبۇيا ۋە يا مىتە ئادەمگە ئۇ،
ئەي خۇدا، نىچۈن تۈزەلمەس پىتنىخور؟!

## يار ساڭا

ئەيلىدىم ئىشقىمنى ئىزھار، يار ساڭا،
پاك دىلىمداچىن ئەقىدەم بار ساڭا.
ئۆز كۆرۈپ قىلساڭ قوبۇل يادنامىمنى،
سەن ئۈچۈن جانىم پىدا، خۇشتار ساڭا.
ئاي كەبى ھۆسنىڭگە تولدۇق كۈنسىرى،
بەردى سەن، ئەخلاق، بىلىم يىللار ساڭا.
خىسلىتىڭ، قابىلىيىتىڭ شەيدا قىلۇر،
ئاشۇرۇپ سۆيگۈمنى، گۈل رۇخسار ساڭا.
يۈرىدۇ ئىشقىڭدا كۆپلەر ئاھ ئۇرۇپ،
قىلىدۇ ھەتتا ھەۋەس قىزلار ساڭا.
بىر ۋاپادار گۈل كۆرۈپ گۈلزار ئارا،
باغلىنىپ قالدىم ئەجەب دىلدار ساڭا!
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ سولدى چىراي،
تەلمۈرۈپ تۈنلەردە بىدار، يار ساڭا.
سەن مىسال بولساڭ راۋابنىڭ دەستىسى،
مەن گويا مەھكەم چىگىلگەن تار ساڭا.
سەن ۋاپادار لەيلى بولساڭ مەن ئۈچۈن،
مەجنۇنىڭمەن، غەمگۇزار — غەمخار ساڭا.
سەنمۇ سۆيسەڭ ياقتۇرۇپ دىلدىن مېنى،
بولىمەن مەڭگۈ مەدەتكار، يار ساڭا.
ئىنتىزار قىلماي، ماڭا بەرگىن جاۋاب،
بولدى قەلبىم تەشنائى-زار، يار ساڭا.

1988—1989-يىللار، خوتەن.

# سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## ئىككى گەۋدە تۇرار ياندىشىپ

سۈتتەك ئاپئاق كېچە ھۆسنىدە،
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار كۈلۈپ.
مەجنۇن تالنىڭ ئاستىدا بۇلاق-
شىلدىر- شىلدىر ئاقىدۇ كۆپۈپ.

زۇمرەت بۇلاق بويىدا شۇندا،
ئىككى گەۋدە تۇرار ياندىشىپ.
تەشنالىقنىڭ ئىلكىدە ئاستا،
لەۋ جامىدىن شاراپ تەڭلىشىپ.

شۇ پۇرسەتتە كېلىپ بىر موماي،
چۆچۈپ كەتتى بۇ ھالنى كۆرۈپ.
بىردىن ياشلىق پەيتىنى ئەسلەپ،
كەتتى ئاستا يولغا يۈرۈپ.

## يايرىۋالغىن باشقىنى تېپىپ

ئۆچتى ئىشىق ئوتلىرىم جانان،
مۇزدەك سوغۇق تېنىقلىرىڭدا.
دەرت سۆيگە چىلاشتى يۈرەك،
خورلۇق كۆرۈپ سەندىن دائىما.

كۈتۈلمىگەن ۋاپاسىزلىقىڭ،
سۆيگۈمىزنى ئەيلىدى خازان.
ماڭا بەرگەن ئوتلۇق قەسىمىڭ،
يۈرىكىڭدىن كەتكەندۇ قايان؟

كۆڭۈل مەيلىڭ ئىكەن ياسالما،
تۈرلىنىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىپ.
مەيلى ياخشى، يامان چىللىسۇن،
كېتىدىغان ھەر يانغا ئېغىپ.

ئوساللىقلار جىسمىڭ قېتىغا،
قالغاچ يېپىسىز باغلىنىپ مەھكەم؛
ۋىجدانىڭمۇ ئويلاپ كۆرمىدىڭ،
سەندە ئىكەن ئەقىل، ۋاپا كەم.

تۇنجى باسقان سۆيگۈ يولۇمدا،
ئىگە قىلدىڭ نۇرغۇن ساۋاققا.
ۋىجدان بىزگە جازا بۇيرىسا،
سەن چىقارسەن ئاۋۋال سوراققا.

تويدۇم، سېنى سۆيمەيمەن ئەمدى،
يايرىۋالغىن باشقىنى تېپىپ.
كەچتىم، كۆڭۈل قويمىغىن، ماڭا-
بۇيرۇمىغان سېنى يا تىۋىپ.

## كەتتى باغرىم ئېزىلىپ

باققا كىردىم سەھەر، سەيلىگە،
چىمەنلەرگە باقتىم تەلمۈرۈپ.
لېكىن مېنىڭ ئىزدىگەن گۈلۈم،
تاشلىنىپتۇ يەرگە ئۈزۈلۈپ.

گۈلنىڭ خاراب ھالىغا قاراپ،
كەتتى يۈرەك - باغرىم ئېزىلىپ.
گۈلنى مۇنداق ھالدا كۆرگىچە،
مەن كەتسەمچۇ بۇرۇن چەيلىنىپ...

## شېرىنىمسەن، مەن ئاشىق غېرىپ

ئېۋىنىڭ شاپتۇل چېچىكى، جانان،
قوندۇز چېچىڭ يەلپۈنەر تال- تال.
كۆزۈڭ نۇرلۇق بەئەينى چولپان،
سەن قۇياشتىن ئالغانمۇ جامال؟

بويلىرىڭدىن ئەتىر پۇرايدۇ،
يۈرەكلەرنى مەس قىلىپ شېرىن.
جۈپ مەڭزىڭدىن نۇرلار تارايدۇ،
تۇرقۇڭ گويا يېڭى بىر كېلىن.

بال تامىدۇ سۆزلىرىڭدىن يار،
خەستە جانغا بېرىپ شىپالىق.
مېھرىڭ ئىللىق پەسلى گۈل باھار،
قىلىقلىرىڭ ئەجەپ چىرايلىق.

ئايمۇ ساڭا ھەسەتتە باقار،
تەسۋىرىڭمۇ گۈزەل بىر سۈرەت.
كۆرسەم سېنى جېنىم ياشىرار،
سەندىن تىلەپ ۋاپا، مۇھەببەت.

خىسلىتىڭگە كۆيىدۇ يۈرەك،
ئىشقىڭ ئارا ئوت بولۇپ يېنىپ.
سېنى سۆيۈش مەندىكى تىلەك،
شېرىنىمسەن، مەن ئاشىق غېرىپ.

## ئىشىق كارامەتمۇ؟

بىر نازىنىن ئىشقىدا قەلبىم،
گۈلخان كەبى كۆيىدۇ دائىم.
بولسام ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە،
گەپكە كەلمەي تۇتىلار تىلىم.

بۇ بىر سېھىرلىك ئىشمۇ، ئۇقمىدىم،
يار بولمىسا سۆزلەيمەن راۋان.
ياكى ئىشىق كارامەتمۇ،
ئېغىزنى چىڭ قۇلۇپلايدىغان؟

## كېلەر بىر ناخشا

قايياقتىندۇر كېلەر بىر ناخشا،
تۈن قوينىغا تەكشى يېيىلىپ.
چۆكسە ئەتراپ مۈگلۈق تىنىشقا،
يۈرەكلەرنى ئېزەر تىترىتىپ.

ناخشىنىڭ چىن سېھرىي كۈيلىرى،
بەھرە ئاچچىق ھىجران تۇيغۇسى.
ئەللەيلىنەر سۈر باسقان كېچە،
ئورمانلارنىڭ قاچقان ئۇيقۇسى.

تاخشا ئېيتىپ خىلۋەت بىر ئۆيگە،
پەچىرلايدۇ دېرىزە قېقىپ.
خىيال بىلەن ئولتۇرغان بىر قىز،
ئانىسىغا باقار ئالىيىپ.

قايىقتىندۇر كېلەر بىر ناخشا،
ھەر كۆڭلىكى ئۆزۈلمەي شۇنداق.
نېمە ئامال قىزدىمۇ شۇندا،
بولدى يىغلاپ كۆزلىرى بۇلاق.

## ئال دېسەك

باققا كىرىپ، گۈللەر ئارىلاپ،
ئۈزۈۋالدىڭ بىرىنى تاللاپ.
ئوتلۇق بېقىپ ئۇزاتتىڭ ئۇنى،
ھەيرانلىقتا ئالمىدىم شۇ تاپ.

ئېيتقىنا يار، ئۆزەڭ گۈل تۇرۇپ،
ئالمەنمۇ باشقا گۈل بەرسەڭ؟
ئالاي ئەگەر گۈل بىلەن بىللە،
گۈل لېۋىڭنى قېتىپ، ئال دېسەك.

## ۋاقتىم يەتمەس

ئىشقىم تارتىپ كۆكۈل مەيلىڭنى،
ئىشەنچ بىلەن يېزىپسەن سالام.
دەپسەن تېخى: باغچىلار گۈزەل،
ئوينايلى بىز دائىم شاد ـ خۇرام.

ئەي گۈزەل قىز، ئىشقىڭ تىلىكى،
باغچىلاردا ئويناش ئۈچۈنمۇ؟
ۋاقتىم يەتمەس ھازىر ئويۇنغا،
ئوينا شۇقا كەل ئەتە ـ ئۆگۈنمۇ...

1987 ـــ 1988 ـ يىللار، خوتەن، نۇرى.

# ياشلىقتا جۇش ئۇرار ئىجتىھات قېنى

كۈرەشجان ئۆمەر

## باغۋىنىم

قولۇمدا چوغسىمان بىر تال قىزىلگۈل،
قارايمەن ھەۋەستە ھۆسنىگە قانماي.
ئويلايمەن گۈلدىكى ئاشۇ گۈزەللىك،
يارالماس باغۋەننىڭ ساپ تەرى ئاقماي.

دېمەككى، گۈل ـ كۆچەت تولماس ھۆسنىگە،
شۇ ئەزىز باغۋەننىڭ ھالال ئەجرىسىز.
چېچەكلەپ بال ـ مېۋە تۆكمەيدۇ كۆچەت،
باغۋەننىڭ مېھرىدىن قالسا بەھرىسىز.

خىيالىم شۇ گۈلدىن ئۆتتى ئۆزەمگە،
ئۆزەممۇ بىر كۆچەت چېچەكلەر ئاچقان.
مەنمۇ ھەم بىخلىنىپ چېچەك ئاچقىچە،
باغۋەننىڭ تالاي رەت قان ـ تەرى ئاققان.

مەن كۆچەت باغۋەننىڭ مېھرىدە ئۆسكەن،
مېۋىلەر ئەكسى بار چېچەكلىرىمدە.
شۇ ئەزىز باغۋەننىڭ مېھنەت ـ ئەجرى بار،
قەلبىمدىن ئۇرغىغان تىلەكلىرىمدە.

## ياشلىق

ئۆمۈرنىڭ باھارى، غۇنچىسى ياشلىق،
ئۇ بەخىش ئېتىدۇ كىشىگە زىننەت.
ياشلىقتا جۇش ئۇرار ئىجتىھات قېنى،
ياشلىقتا يېتىلەر شىجائەت، قۇۋۋەت.

تەرىپلەر ياشلىقنى «پادىشاھلىقىم» دەپ،
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئىنسانلار.

ياشلىقتا باشلىنار ئىنسان غايىسى،
ياشلىقتا تۇغۇلار ئارزۇ- ئارمانلار.

ياشلىقتا تەر تۆكۈپ ھالال ئەجىر قىل،
ئەجىرسىز ھېچقاچان بولماس مۆجىزات.
بەختىنى تاپالماس تەر تۆكمەي ھېچكىم،
شۇڭلاشقا ياشلىقتا قىل سەن ئىجتىھات!

## ئۆمرۈم

قۇياشلىق تاغدا گۈل ئاچتىڭ قەدىرلىك، بىغۇبار ئۆمرۈم،
گۈزەل ياشلىق چېغىڭ كەلدى بىر پەسلىڭ نەۋ باھار ئۆمرۈم.

ئۆتۈپ كەتتى قۇيۇندەك تېز گىردەكلىك مەۋسۇمى ئەمدى،
غۇرۇرۇڭ بەھرىدىن قالسۇن نىشانە - يادىكار ئۆمرۈم.

ئېقىپ لايسۇ كەبى ئۆتمە، ھايات ئالسۇن سېنىڭدىن نەپ،
شۇڭا قىل سۈپ-سۈزۈك سۇ بوپ ئېقىشنى ئىختىيار ئۆمرۈم .

سۇغارغىن دەشتى - چۆللەرنى، ۋەتەننىڭ قوينى گۈل بولسۇن،
ئىجاد قىل، ئەلگە خىزمەت قىل، سۆيۈملۈك بەختىيار ئۆمرۈم.

## ۋەتىنىم

ئۆتىدۇ بەك خۇشال ھاياتىم مېنىڭ،
ئەي ۋەتەن، شۇ گۈزەل قوينۇڭدا مانا .
مۇھەببەت - سۆيگۈگە تەشنا يۈرىكىم،
قانغاچقا دىلىمدىن ئۇرغۇيدۇ سادا.

ۋەتىنىم قەرزىڭنى ئاقلاش بۇرچۇمدۇر،
رازىمەن سەن ئۈچۈن مۇشەققەت چەكسەم.
چىن دىلدىن مەدھىيلەپ، سۆيىمەن سېنى،
كۈلىمەن سەن ئۈچۈن ئوتلارنى كەچسەم.

## مەكتىپىم

كتىپىم ئەي مېنىڭ سۆيگەن ماكانىم،
ئېچىلدىم قوينۇڭدا گۈلدەك پورەكلەپ.
غۇبارسىز قەلبىمگە ئورناشتى مەھكەم،
بىلىمنىڭ بىخلىرى خۇشبۇي چېچەكلەپ.

سەن بىلەن يورىدى بىر سەبى دىلىم،
سەن بىلەن نۇرلاندى ئارزۇ - ئىستىكىم.
مەدھىيلەپ نامىڭنى ئۇۋۇلايمەن ناخشا،
باغرىڭنى گۈللەتمەك مېنىڭ تىلىكىم.

# سۆيگۈ ئارمانلىرى

تۇرسۇنجان قاسىم (ئارمانى)

## ئۇ چاغدا

بىر خىل چاپار بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس،
چۆل باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا.
كۆرۈنىدۇ ئالتۇن سۇدەك يىراقتىن،
ئۇۋاق تاشلىق قۇرغاق دالا ئوڭ-سولدا.

كۆرۈنمەيدۇ بىرەر تۈپمۇ دەل-دەرەخ،
قىزدۇرىدۇ ئاپتاپ سايىنىڭ ئىچىنى.
بىر پەس مېڭىپ ئالدى ياققا قاراپ مەن،
يول بويىدا كۆردۈم ئونچە كىشىنى.

ئەجەپلەندىم، قۇشمۇ كەلمەس بۇ يەردە،
بۇ ئادەملەر يۈرەر نېمە ئىش بىلەن؟
جاۋاب تاپتىم سوئالىمغا ھايالسىز،
ھەم چۆمۈلدۈم ھاياجانلىق ھېسقا مەن.

ئۇلار تاشيول ئىشچىسىكەن، شۇ تاپتا،
ئۆز ئىشىغا شۇنچە قىزغىن كىرىشكەن.
ئېنىق ئۇلار يولنىڭ راۋان، خەتەرسىز-
بولۇشىنى ئالىي بۇرچى بىلىشكەن.

چاتاق چىقىپ يولدىن ئەگەر مەشەدە،
توختاپ قالساق قانچە جىلى بولاتتۇق.
«رېمونت قىلىپ قويسىچۇ» دەپ رەنجىشىپ،
ئىشچىلارنى شۇندا ئەسكە ئالاتتۇق.

بىراق بۇنداق راۋان كېتىپ بارغاندا،
ئېسىمىزگە كەلمەس تاشيول ئىشچىسى.
قالدى ئۇلار كەينىمىزدە- يىراقتا،
يولغا مەھكەم باغلىنىپ دىل رىشتىسى.

تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەيدۇ ئاپتوبۇس،
ئازلا ماڭساق مەنزىلگىمۇ يېتىمىز.
ئەمما ئۇ چاغ مەمنۇن بولۇپ سەپەردىن
رەھمەتنى بىز شوپۇرغىلا ئېيتىمىز.

## سۆيگۈ ئارمانلىرى

**1**

تەكلىپ قىلىپ تۇرىسەن مېنى،
قىلماق ئۈچۈن باغلاردا سەيلى.
چىقالمىسام تولا ھاللاردا،
دەپ قالىسەن: «يوقمىكىن مەيلى؟».

مەيلىمغۇ بار، بىراق ئەي دىلبەر،
تەييار باغدا ئويناپ ئۆتەمدۇق؟.
ئۆزىمىز بىر كۆچەتمۇ تىكمەي،
ئىز قالدۇرماي قۇرۇق كېتەمدۇق؟.

**2**

«سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ،
ئىزھار قىلدىڭ سۆيگۈڭنى ماڭا.
سۆيگۈنىڭچۈن مەنمۇ باشتىنى،
بېرەلمىدىم كۆڭلۈمنى ساڭا.
شۇندىن بېرى ئاتتىڭ بېشىمغا،
غەزەپ بىلەن نەپرەت تېشىڭنى.
جېنىڭ پىدا ئىدىغۇ ماڭا،
قارا ئەمدى قىلغان ئىشىڭنى.
تۇرسا مېنىڭ سادىق سۆيگۈنىم.

يەنە سېنى سۆيسەم راۋامۇ ؟
سەممىيلىك بىلەن سۆيگۈڭنى .
قايتۇرغىنىم، ئېيتە ، گۇناھمۇ؟

3

تىت- تىت بولۇپ كەتسۇن دېدىڭمۇ؟
خەت يازسەن ئىككى-ئۈچ ئايدا.
زارىتۇرۇپ مېنى ئەي نىگار،
سەن تاپىسەن قانچىلىك پايدا؟

4

ئالدىمىزدىن ئۆتۈۋېدى بىر جۇۋان،
دېدىڭ: سەتكەن، تارتۇق باركەن يۈزىدە.
مەن دېدىمكى: سەن ئالدىراپ سەت دېمەي،
قارا ئاڭا سۆيگۈنىنىڭ كۆزىدە.

5

يۈرىكىم رېتىمى بۇزۇلار بىردىن،
ئۇچراشسام ئەگەردە سەن بىلەن ئەي قىز.
نە ئۈچۈن بىلمەيمەن يۈزلىرىم شەلپەر،
پۇتلىرىم ئالمىشىپ ماڭالمايمەن تېز.
تارىلىپ جىسمىغا ئوتلۇق بىر سېزىم،
قىينايدۇ قەلبىمنى قىلىپ بۇرۇختۇم.
ئويلىسام، مەن ساڭا ئاشىق ئىكەنمەن،
خىياللار ئىلكىدە بۇ سىرنى ئۇقتۇم.

6

شۇنچە كۈتتۈم، ۋەسلىڭدىن نىگار ،
سەن بۇرۇنلا بەرگەچكە دېرەك.
كۆيۈشلەرگە بەردىم كۆپ چىداش،
تۇيۇلغاچ ئەڭ گۈزەل كېلەچەك.

كەلدىڭ، لېكىن ئاتتىڭ سەن ماڭا ،
ۋاپاسىزلىق سايلىرىدىن تاش.
بەس قىل ئەمدى، بېرەلمەس يۈرەك،
بۇندىن ئارتۇق ئازابقا بەرداش.

7

كۆزلىرىمىز قالغاچ ئۇچرىشىپ،
قارىۋالدىڭ قىزىرىپ يەرگە.
يەنە بىر رەت قالساق ئۇچرىشىپ،
كەتكۈدەكسەن چۆمۈلۈپ تەرگە.
كۆزلىرىڭدىن كۆرۈندى قەلبىڭ،
ياخشى كۆرەر ئىكەنسەن مېنى.
تۇۋا، كۆيۈپ ئىشقىڭدا شۇنچە ،
سەزمەپتىمەن ئەجەپ مەن بۇنى.
ئاشۇ بىر جۈپ خائىن كۆزلىرىڭ،
سىرلىرىڭنى قىلدى ئاشكارا،
كەلگىن نىگار، ئوتتىن تارتۋال ،
بولدى يۈرەك ئىشقىڭدا پارە.


8

كۈلكە ياغار ئىدى چېھرىڭدىن،
بۈگۈن ئەجەپ كۆزلىرىڭدە ياش.
كۆرۈنىسەن شۇ قەدەر غەمكىن،
تۇتۇلغاندەك گويا كى قۇياش.
ئېيتقىن نىگار، كەلدى نېمە دەرت ،
كۆز يېشىڭنىڭ سەۋەبكارى كىم؟
دەردىڭنى بەر تارتاي مەن ئۆزەم،
سەن كۆزۈڭنى ياشلىما جېنىم!.

« يۇمۇر »

« تاماكا ۋە كېسەللىك »

ئايالى : نېمانچە چېكىۋېرىسىز بۇ تاماكىنى ؟
ئېرى : كىتاب ئوقۇغاندا مۇشۇنداق كۆپ چېكىمەن .
ئايالى : قايسى كىتاب ئۇ ؟
ئېرى : « تاماكا ۋە كېسەللىك » دېگەن كىتاب .



يولداش مەتكېرىم ئىسمايىل 1961-يىلى 2-ئايدا كېرىيە ناھىيىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980-يىلى خوتەن سىرغەن ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر خۇشخەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئۈچ قېتىملىق خەلقئارا مىللىي خۇشخەت ۋە خەتتاتلىق، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىلىرىگە ئەسەر قاتناشتۇرۇپ، گۇۋاھنامىلارغا ئېرىشكەن.

# ئىككى ھېكايە

**مەتكېرىم ئىسمايىل (غايىپ)**

## كىم مەنچىلىك بولالايدۇ؟

(ھېكايە)

بىكار گەپ، ھەممىسى بىكار گەپ!

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەنئىتىم يوقمىش. مائارىپ تەرەققىياتىغا دىمىگە ماسلىشالماپتىمىشمەن. مەن كىم!؟ ھەي... چوڭ گەپ قىلدى دېمەڭلار، ئاشۇ ۋالىي، مۇدىر، دىرېكتور، بۆلۈم باشلىقى... دېگەن كىشىلەرمۇ ئۆز بالىلىرىنى مەكتەپكە ئالدۇرالماي، مېنىڭ ئالدىمدا يەتتە تازىم قىلىدىغۇ؟

ئېسىڭلاردا باردۇ؟ ئەلۋەتتە باردە، مەن بۇلتۇر كۈزدە بىر ئىشچىمنى، يەنە كېلىپ رەسىم سىزالايدىغان بىر ئىشچىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ خېلى ئىشچان نەرسىكەن. بىرەر يىلچە بولدى، ئۇ، بىزنىڭ ئائىلىدە ئىشلەۋاتىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئۇ كەلگەندىن بېرى، مەن خۇ-

تۈنۈگۈن تۈگىمەس بۇيرۇقلىرىدىن بىر ئاز ئازاد بولدۇم. ئۈچ ۋاق بازارغا بېرىپ ئوتياش ئېپكەلمىدىم، ماگىزىنغا ھاراق-شاراپ سېتىۋالغىلى يۈگۈرمىدىم. ئىلگىرى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات ياكى خۇلاسە يېزىشتا توغرا كەلسە، بېشىمغا تاغ يىقىلاتتى. ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى ئاشۇ ئىشچى بىمالال ئورۇندىدى. ئورۇندىماسلىقىدا ھەددىمۇ يوق-تە!...

بىرەر يىل بولار - بولماستا، ئىلمىي مۇدىر، كافېدىرا باشلىقلىرى دېگەنلەر ئۇنىڭ كېچىلىرىمۇ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، خەتتاتلىق كۇرژۇكى قۇرۇپ خېلى بىر قىسىم بالىلارغا ھۆسنخەت ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى، سەنئەت كۇرژۇكىغا دېكراتسىيە ئىشلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى

دوكلات قىلىشتى. قارىسام، ئىشخانا ئالدى-
دىكى قارا تاختاي ۋە ئەينەكلىك رامكى-
لارمۇ بىر چىرايلىق سۈرەت ۋە ھۆسن
خەت بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. مەن شۇچاغ-
دىلا ئۇنىڭ ھەم رەسسام، ھەم خەتتات ئى-
كەنلىكىنى بىلدىم. قارىسام، بىزنىڭ خو-
تۇنمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. مەيلى، ئوب-
دان ئىشلىسە، كېيىنچە كادىرلىققا ئۆستۈ-
رەرمەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما بۇ ئىشنى
ئالدىراپ ئورۇنلىماسلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قال-
مىدىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئۆ-
زىنىڭ ئەسلى «قارا ئىشچى» ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!... مەن بۇنچى-
لىكنى ئويلىيالمىسام، قانداقمۇ بىر مەك-
تەپنى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئايلاندۇرالايمەن؟!...

بىلىسىلەر، مەن ھەر ھەپتە دېگۈ-
دەك ئۆيۈمدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۇرىدى-
غان ئادەم، بىزنىڭ ئۆيگە نى- نى كات-
تا باشلىقلار كېلىشىپ تۇرىدۇ. زىياپەت
دېگەندە «ھە- ھۇ» قىلغىلى ئادەم بولمى-
سىمۇ بولمايدۇ، ھېلىقى ئىشچى بۇ جەھەت-
تە ئۆلچەمگە توشقان ياردەملەشكۈچىنىڭ
بىرسى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى كا-
دىرلىق شتاتىغا نىشانلاۋاتقىنىمنى بىلىپ
قالغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇنچىۋالا
پايپېتەك بولۇپ، باش- كۆز يوق ئىش-
لىشى يوق گەپ- تە!. ئەھۋالدىن قارىغان-
دا، قاقباش نېمىگىمۇ ئوخشايدۇ. توختا ،
ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ- چىقىپ يۈرۈپ،
قىزىمغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن
يەنە؟... ياق مۇمكىن ئەمەس! قانداقلارچە
جۈرئەت قىلالىسۇن؟... شۇنچە يوغان مەك-
تەپنى چىمچىلاق قولىدا چۆرۈپ يۈرگەن
مەندەك بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە بىر ئىش-
لارغا ئەقلىم يەتمىگىنىنى قاراڭلار ، مەك-
تەپكە يۆتكىلىپ كەلگىلى ئىككى يىل بول-
غان بويتاق مۇئەللىمەدىن بىرسى بار ئە-
مەسمۇ؟ ئاشۇ مۇئەللىمەنى بۇ ئىشچىغا
شاققىدىلا چېتىپ قويسام ئىش پۈتمەمدۇ!؟
بۇنداق قىلىشىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىشى-
غا كۆيۈنگىنىم ئەمەس، بەلكى قىزىمغا
ھېلىقى ناكەسنىڭ يامان كۆزى چۈشۈشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش- تە، ئەلۋەتتە. يەنە بىر
تەرەپتىن، ئۇ ئىككىسى مەندىن مىننەتدار
بولىدۇ. ئايىغى بوسۇغامدىن قۇرىمايدى-
غان بولىدۇ، ھەپتە ئارىلاپ يېيىلىپ تۇ-
رىدىغان زىياپەت داستىخىنىمنىڭ خىزمەت
قىلغۇچىلىرىمۇ كۆپىيىدۇ ئەمەسمۇ!؟

ئۆز گېپىمگە كېلەي، ئالدىنقى كۈنى
باشقارما دەرىجىلىك بىر نەچچە يامەننى
ئۆيگە چاقىرىۋالدىم. نەدىن بىلەي، رە-
سىمچى مەس بولۇپ قالغانمۇ نېمە، بىر-
دىنلا ئەلپازىنى يامان قىلىپ، ئاغزىنى
قويۇۋەتمەسمۇ!؟

ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مۇدىر، سىلە تولا ھەددىلىرىدىن
ئاشمىسىلا، يۇقىرى بىلەنلا قالماي، تۆ-
ۋەننىڭ دات-پەريادىغىمۇ قۇلاق سالسىلا.
سىلە قورساقلىرىنى كۆتۈرەلمەي، مۇن-
داق ...،- ئۇ مەندىن قىلچە تەپ
تارتماي، مېنى دوراپ، قورسىقىنى ئالدى-
غا چىقىرىپ ئۆدەككە ئوخشاش ئېغىناق-
لاپ ماڭغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى،- ماڭغانلىرى بىلەن، بىزلەر
ئاياغلىرىدا يەنچىلىپ كېتەي دەپ قال-
دۇق ...

ئۆيۈمدىكى مېھمانلار قا-قا قىلاپ كۈ-
لۈشتى، غەزىپىم شۇنداق ئۆرلىدىكى، كۆ-
زۈم قاراڭغۇلىشىپ ، بۇ يۈزسىزگە تازا
دەككە بەردىم.

ئەتىسى ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ھېلىقى مۇتەھەممىنى چاقىرتىم ۋە شۇنداق بۇيرۇق قىلدىم:

— سەن ھازىردىن باشلاپ مەكتەپ ئىشخانىسى ۋە ئىلمىي بۆلۈمدىكى يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىڭنى توختات. بىز سېنى ئىشچىلىق شىتاتى بىلەن يۆتكەپ كەلگەنىمىز. بۈگۈنلا خوجىلىق بۆلۈم تەركىبىگە ئۆتۈپ، ئادەتتىكى قارا ئىشچىلىقىڭنى قىلىسەن، مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ ئىشلەيسەن! ئەگەر پىكىرىڭ بولسا، ئەنە مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق! نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار!...

دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوغالتىر بىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئالدىن زاكاس قىلىپ قويۇلغان پاپىدانى ئېلىپ كەلدى. مانا ئەمدى مېنىڭ كەينىمدىن گەپ تاپقان كىشىلەر ماشىنامنىڭ چاڭ-توزاڭى ئارىسىدا ماڭا رەشك نەزىرى بىلەن قارىشىپ قالىدۇ دەڭلار!...

بىر كۈنى ۋاقىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتا قىلدىم-دە، ئۆي بىلەن ئىشخانا ئارىلىقىدىكى يۈز مېتىر مۇساپىنى پىيادە بېسىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، پاپىدانى ھەيدىتىپ، ھەيۋەت-تەنتەنە بىلەن ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كەلدىم. ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگىلا بىنا يېنىدا يەر سۈپۈرۈپ، ئەخلەت ئېلىۋاتقان ھېلىقى مۇتەھەم «رەسسامچى»گە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى توپا-چاڭغا مىلەنگەن، بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتقاننىڭ جازاسى شۇ دەپ ئويلىدىم. ئىشخانىغا چىق-
سام، ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئۈستى خەت-چەك، ئەرز-دات، ئىلتىماس، تەلەپلەرگە تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، مەن بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغاندىن بېرى، بۇنداق «دات»چىلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغۇ؟... شۇنداق بولسىمۇ بىكارچىلىقتىن بېشىم قېتىپ، بۇ خەت-چەكلەرنى بىر-بىرلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمەكچى بولدۇم.

بىر خەتتە، ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ-تارقىتىش ئىشىنىڭ توختاپ قالغانلىقى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب — ھېلىقى ئىشچىنىڭ يۆتكىۋېتىلىپ، يەر سۈپۈرۈش ئىشىغا سېلىنغانلىقى... ئىكەنلىكى يېزىلىپ، ئۇنى دەرھال ئەسلىدىكى ئىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. يەنە بىر خەتتە، مەكتەپتىكى ئون نەچچە نەپەر بويتاق ئوقۇتقۇچىنىڭ ياتاق-ئۆي مەسىلىسى سۆزلەنگەن. ئۇلار ئاغزىغا بېقىپ گەپ قىلماي تېخى ماڭا تەھدىت سېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھېچ بولمىغاندا ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىغا بىردىن ئۆي ھەل قىلىپ بېرەلمىسەك، يۇقىرىغا ئەرز سۇنارمىش، مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتەرمىش. ۋاي... سويىملار، نېمە بىلىجىرلىشىسەن؟ تۆت نوپۇسلۇق مېنىڭدەك باشلىقمۇ ئاران سەككىز ئېغىز ئۆيدە تۇرىمەنغۇ؟! نېمە ئۇنچە ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىشىسەن؟ داشۆنى پۈتتۈرگەن زىيالىي بولساڭ ئۆزەڭگە. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە چاتىقىم! ياخشى ئىشلەپ، مۇشۇ ياخشى شارائىتقا شۈكرى قىلالىساڭ قىل، بولمىسا، ھەر قايسىڭنى مەن تەلەپمۇ قىلمىغان. چوڭ گەپ قىلىپ ئادەم قور-

قۇتما، قارا، ئاقىۋېتىلىك ئاۋۇ مۇتىھەم ئىشچىدەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟! ...

باشقا خەتلەرنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم. قارىسام ھەممىسى تولا گەپ قىلىپ باش ئاغرىتىدىغان، كىشىگە ئەقىل كۆرسىتىدىغان ئالدىپەشلەر ئىكەن؛ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خەت — ھېلىقى مۇتىھەم ئىشچىنىڭ ئىلتىماسى بولۇپ، ئۇمۇ يۆتكىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. غەزىپىم يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆتكەن ئاخشىمىدىكى تۇزكورلۇقى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايەن بولغاندەك بولدى. شۇ ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا تەستىق سېلىۋەتمەكچىمۇ بولدۇم، بىراق، ئاچچىقىمغا ھاي بەرمەي بولمىدى. خەتنى ئالامەت چىرايلىق يازىدىغان يەنە بىرسىنى تېپىشىمغا كۆزۈم ئىلمىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، ۋىلايەتنىڭ چوڭ باشلىقلىرى پىكاپ، پايدىلىرىنى ھەيدەپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى راۋۇرۇس كۈتۈۋالالىدىم. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈندى، ماڭا ھېچ نەزەر سالغۇسىمۇ يوق. ئۆيۈمدىن سىرتقا چىقماي ئۆز ئىشىمنى قىلدىم. ئاڭلىسام، ئۇلار ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ھەممىسىدىن پىكىر ئالغانمىش. نېمە توغرىلىق پىكىر ئالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەتە مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلىدىكەن. يىغىندا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قايتا ئىسلاھ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قارارنى يەتكۈزەرمىش.

ئەتىسى ئەتىگەندە شوپۇرنى بىردەم ئىزدىگەندىن كېيىن، ئىلاجىسىز ئىشخانا بىناسى ئالدىغا پىيادىلا يېتىپ كەلدىم. كۆردۈمكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى مەندە. بەزىلىرى مېيىقىدا كۈلۈشسە، بەزىلىرى مېنى كۆرسىتىشىپ ئۆزئارا كۈلكە ئارىلاش پىچىرلىشىدۇ. ئىشقىلىپ ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىكىدىن باشقىچە. تېخى ئاۋۇ مۇتىھەم رەسىمچىمۇ، ھېلىقى بويتاق مۇئەللىممۇ كۈلكىسىنى توختىتالمىغاندەكلا بىر ھالەتتە كۆرۈندى.

ھەي ... تولا گۇمانخورلۇق قىلماي، ئۇلار قانداق ئولتۇرۇشسا ئولتۇرۇشۇۋەرسۇن. بىردەمدىن كېيىن يىغىن باشلىنىدۇ. سۆزلەش نۆۋىتى باشتىلا ماڭا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئەنە شۇچاغدا بېرىمەن. مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، كىم ئىكەن ئۇ مېنىڭ چىشىمغا تېگىدىغان؟ ...

ياق ... مەن خاتا ئويلىدىممۇ-يە، ئۇلار ماڭا ھومايمىدى. ئەكسىچە كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشىنىغا قارىغاندا، ... مېنىڭ ئورنۇم تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ماڭا خۇشامەت نەزىرى بىلەن قاراشقا مەجبۇر بولغاندۇ ...

مېنىڭ بۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن خىزمىتىم كۆپ ھەم ئۆلمەستۇر. مەكتەپنىڭ تامغىسى يەنىلا مېنىڭ قولۇمدا. مەن ئاشۇ تامغىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى، نەچچە يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ھامان ئالدىمدا ... قېنى ئېيتىڭلار، كىم مەنچىلىك بولالايدۇ؟!...

ئاپلا، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقاردىممۇ-

نېمە؟ قولىقىمغا غەلىتە سۆزلەر ئاڭلان-غاندەك قىلىدىغۇ؟ سوغۇقىم ئېشىپ قالمى-غاندۇ ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومى-تېتىنىڭ ئاۋۇ كادىرى بۆلەك كىشى ئۈس-تىدىكى قارارنى خاتالىشىپ ئوقۇۋاتقان-مىدۇ؟ ...

1986-يىلى 10-ئايدا يېزىلدى.
1987-، 1989-يىلى قايتا ئۆزگەرتىلدى.

【ئەسكەرتىش: بۇ ھېكايە ئوغرىلىنىپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىدا باشقا بىر ئاپتور نامىدا ئېلان قىلىنغان.】

# «مۇكاپات» ۋە تەرجىمەھەققى

ئىسمەت ھەرنجام، يىق. خىرتىن چوشلۇق تۈركچە.

—خەلق ماقالى

بۇ قېتىمقى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا بىزنىڭ ئىدارە «ئىلغار كوللېكتىپ» بو-لۇپ باھالىنىپتۇ. شۇڭا، بىزنىڭ مۇدىر بۇ شەرەپنى غەنىمەت بىلىپ، بىر ئايلىق پائالىيەت داۋامىدىكى ئىشلارنى بىر-بىر-لەپ تىزىپ چىقىپ، 20 بەتلىك بىر ما-تېرىيال يېزىپ چىققانىدى. مۇدىر بۇ ما-تېرىيالنى «قايتا كۆچۈرۈپ چىقىڭ» دەپ ماڭا بەرگەندە، تېز يېزىش، چىرايلىق يېزىش شەرتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي قوشۇپ قويدى.

مەن بۇيرۇق بويىچە، بۇ «ماتېرى-يال»نى ئۆزئەينەن ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقتىم. چۈشتىن كېيىن مۇدىر يەنە بۇ ماتېرىيالنى باشقارمىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇردى ۋە:

— تېز بېرىڭ، شان-شەرەپ ھەممىمىزگە ئورتاق. بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، ئېھتىمال بىزگە كۆپ نەرسە تېگىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى كۈلگىنىچە.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كې-يىن، باشقارمىدىن تېلېفون كەلدى. مۇ-دىر مېنى چاقىرىپ، يەنە باشقارمىغا بېرىپ ھېلىقى ماتېرىيالنى قايتۇرۇپ كې-لىشنى، قائىدە بويىچە بۇ ماتېرىياللار ئۈچ ئورۇنغا يوللانغاچقا، ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن بۇ ماتېرىيالنى بۈگۈن كەچكى-چىلىك كۆچۈرۈپ بولۇپ ئاپىرىپ بېرىش، ئەگەر ئۈلگۈرمەي قېلىپ، ماتېرىيال مە-مۇرىي مەھكىمە قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا يوللانماي قالسا، مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈم-گە ئېلىش شەرتى بىلەن قايتۇرۇپ كەل-دىم ۋە مىڭ بىر جاپادا كۆچۈرۈپ، كەچ-تە يەتكۈزۈپ بەردىم.

ھەي ... كاتىپ دېگەنگە پەقەت ئاراملىق بولمايدىكەن. مەنمۇ رەسمىي كاتىپ ئەمەس. يېزا دەرىجىلىك بىر ئو-رۇننىڭ باشلىقىنىمۇ كاتىپ كەتكىلى تۇر-سا، كاتىپنىڭ ئەتۋارى قالمايدۇ. مەن بولسام خىزمەتتىن سىرتقى مەجبۇرىي كاتىپ. راست ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ «ماتېرىيال» گېپى چىققاندىن بېرى ئىدارە بىلەن باش-قارما ئارىلىقىدا بۆزچىنىڭ موكىسىدەك چې-پىپ ھالىم قالمىدى.

ئىككى كۈن ئۆتتى. بىزنىڭ مۇدىر

تېلېفون ئارقىلىق يەنە مۇشۇ باشقارما بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى:

— ھە، ھە... ماقۇل...... ماقۇل ئەمەسمە، مەن ئادەم ئەۋەتەي، بىز بۇ ماتېرىيالنى كەچكىچىلىك ئۈلگۈرتىپ بېرەيلى، ھە.... ماقۇل ئەمەسمە...

يەنە شۇ ئىشى تۈگىمەيدىغان ماتېرىيالنىڭ گېپىمىكەن؟ — دېدىم مەن نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان سوراق تەلەپپۇزىدا.

— ئۇنداق دېمىگىنىز بولمايدۇ، — دېدى مۇدىر، — شەرەپ دېگەننىڭ قولغا كەلمىكى قىيىن. سىز بۇ ئىشتا ھېلىقىدەك گەپلەرنى تولا قىلماڭ. بېرىڭ، ئاۋۇ ماتېرىيالنى ئەكىلىپ تەرجىمە قىلىڭ. كەسپىي ئىشلىرىڭىز توختاپ قالسا ھېچقىسى يوق. شەرەپ قولدىن كېتىپ قالمىسۇن.

مەن باشقارمىغا كەلگىنىمدە، شۇ خىزمەتكە مەسئۇل خادىم ھېلىقى بىر توپ ماتېرىيالنى ئالدىمغا تاشلىدى ۋە زەردە بىلەن:

— قىلچىمۇ قائىدە ئۇقمايدىكەنسىلەر، يوللىنىدىغان ماتېرىيال دېگەننىڭ ئىككى خىل تىلدا تولۇق يېزىلىپ يوللىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟! ئېلىڭ بۇنى. تېز ئاپىرىپ تەرجىمە قىلىپ كېلىڭ!، — دېدى.

غەزىپىم شۇنداق جۇش ئۇردىكى، ئۆزەمنى ئارانلا تۇتۇۋالمىغان بولسام... «ھەي... كېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي، ماتېرىيالنى كۆپەيتىش، تەرجىمە قىلىش مۇشۇ باشقارمىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟ بايا تېلېفوندا سۆزلەشكەندە، شۇ سېپىق گەپلەرنى نېمىشقا ئاشۇ مۇدىرغىلا ئېيتمايدۇ؟! توغرا، ئۇلارمۇ قېلىپچىنى ئۆتتۈدىغان لوك يەرگە سېلىشنى خېلىلا بىلىشىدىكەن!...

ئىدارىمغا قايتىپ كەلدىم. ئىشخانامغا كىرىپ، لۇغەتلىرىمنى يېنىمغا ئەكىلىپ، ھېلىقى «كاساپەت» ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم. ئەتىگەندىن چۈشكىچە باش كۆتۈرمەي ھەپىلىشىپ باققان بولساممۇ، ئاران بىر بەت نەرسىنى تەرجىمە قىلىپتىمەن. مېنىڭ قابىلىيىتىممۇ شۇنىڭغا ئاران يېتىدۇ-دە! مەن مەخسۇس خەنزۇ تىلى ئوقۇمىغان. يەنە كېلىپ تەرجىمانمۇ ئەمەس. ئۆزەمنىڭ تىرىشچانلىقىم بىلەن ئۆگىنىۋالغان بىر نەچچە خەتكە تايىنىپ، بۇ بىر دۆۋە ماتېرىيالنى «بۈگۈن كەچكىچە» قانداقمۇ تەرجىمە قىلىپ بولالايمەن؟ يەنە تېخى خەنزۇچىنىمۇ ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈش ئىشىمۇ بار.

مەن ئەھۋالنى مۇدىرغا ئېيتتىم. ئۇ مېنى «كارغا كەلمەيدىغان»لىقىم بىلەن ئەيىپلەپ، بىر دەم كايىدى. ئاندىن كېيىن سائەتكە بىر قارىۋېتىپ بۇيرۇدى:

— قانچىلىك ھەق كەتسە مەيلى، باشقا تەرجىمانلارغا تەرجىمە قىلدۇرايلى. سىز يەنە بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ بۈگۈن كەچتىن قالماي يەتكۈزۈپ بېرىڭ. ئەمدى يەنە چاتاق چىقمىسۇن!

مەن گەپ قىلمىدىم، پەقەت بۇيرۇق بىلەن ماتېرىيالنى ئېلىپ، تەرجىمان ئىزدەپ ماڭدىم. مەن تەرجىماننىڭ ئۆيىگە بارغاندا، چۈشتىن كېيىنلىك ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. تەرجىمان بۇ ماتېرىيالنى ۋاراقلاپ، قۇر ساناپ يۇرۇپ، 15 مىڭ خەت بولغىدەك دەپ ھۆكۈم چىقاردى ۋە ھەر مىڭ خەتكە يەتتە يۈەندىن ھېسابلىغاندا 105 يۈەن كېتىدىغانلىقى، يەنە ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈش ھەققىنى قوشقاندا 110 نەچچە يۈەن پۇل كېتىدىغانلى-

لىتى مەلۇم بولدى.

— تەلەپ بويىچە بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىگىچە تەرجىمە قىلىنىپ بولۇشى كېرەك، — دېدىم مەن باشقارما ۋە مۇدىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئەينەن تەكرارلاپ.

كەچتە ئىدارە بوغالتىرىدىن بىرمۇنچە نۆسەك گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاران دېگەندە پۇل ئاجراتتىم-دە، تەرجىمان قېشىغا چاپتىم.

ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. مۇدىر تېلېفوننى ئېلىپ بىرەر ئېغىز سۆزلىشىپلا، ماڭا «يەنە چاتاق چىقمىسۇن دېگەنىدىمغۇ؟» دېگەندەك ئالىيىپ قاراپ قويدى ۋە سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئىشلىرىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقارمىغا بىر بېرىپ كېلىڭ، ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىدا ئۆزگەرتىدىغان يەر بار ئىكەن، — دېدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، تا بىر ئايغىچىلىك تېلېفون جىرىڭلىمىدى. پەقەت بىزنىڭ مۇدىر ۋىلايەتتە ئېچىلىدىغان تەقدىرلەش مۇكاپاتلاش يىغىنىنىڭ قاچان ئېچىلىدىغانلىقىنى تېلېفون ئارقىلىق پات-پات سوراپ تۇردى.

مۇدىر كېچە-كۈندۈزلەپ كۈتكەن شان-شەرەپنىڭ ئالقىش دېڭىزىدىغا چۆمۈلۈش پەيتىمۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

ئادەت بويىچە بىر خىل رېتىم بويىچە چېلىنىۋاتقان چاۋاك ساداسى ئىچىدە تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلىۋاتقاندا، مۇدىرىمىز «يەنە بارمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە كەينىگە قاراپ قويدى. بۇ ئۈمىد ھەتتا يىغىن ئاخىرلاشقىچە ئۇنىڭ قەلبىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. «يىغىن ئاخىرلاشتى» دەپ ئېلان قىلىنغاندا بولسا، ئۇ ئىككى قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا مېڭىۋاتقان كىشىلەر كەينىدىن ھەيرانلىق ۋە خۇرسەنلىك ئىچىدە قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇدىر گەرچە ماددى مۇكاپات بېرەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قولىدا شان-شەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بىر ۋاراق «تەقدىرنامە» قەغىزى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ بىر ۋاراق قەغەز ئىدارىدىكى يۈز نەچچە نەپەر كادىرنىڭ بىر ئايلىق پائالىيەتتە تەشكىللىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، مېنىڭ بەش كۈنلۈك كەسپىي خىزمىتىمنى توختىتىپ قويۇپ ئىشلىگىنىمنىڭ نەتىجىسى؛ ئىدارەگە سېپىي راسخوتىدىن ئاجرىتىلغان 110 نەچچە يۈەن پۇلغا سېتىۋېلىنغان شەرەپ ئىدى..

1986-يىلى 4-ئاي.

## «ھازىرقى زامان»

ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئوقۇتقۇچىسى پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ھەققىدە دەرس سۆزلەپ كېلىپ بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— پېئىلنىڭ ئۈچ زامانى بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ھازىرقى زامان» قانداق زامان، دەپ بېقىڭا؟

— سوتسىيالىستىك زامان، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

# بەربات بولغان «باخشى» چارە

## ھېكايە

ئىلھام ئابدۇرېھىم

ئىككى ئېغىزلىق پاكار ئۆيى ۋە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ خېلىلا پەرۋىش كۆرگەن بۇ قورونىڭ ئىشىكى دائىم ئېچىلمايتتى. ئىچىدە بولسا زورىخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى راخمان ئىككى بالىسى بىلەن ھاياتلىق شادمىنى يورۇتۇپ ياشايتتى.

زورىخان — «ئىسراپخورلۇق ئەڭ چوڭ جىنايەت» دېگەن شوئارنىڭ بىرىنچى قوللىغۇچىسى بولۇپ، قولىدىن بىر نەرسە چىقىرىشى تېغمەقىدىنمۇ تەستى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ چاشقانغا ئوخشاش تىپىرلاپ ئۆيگە — توغرىسى كامىرغا بالىق توشۇۋاتقان، كۆز - قارنى تازا تويۇپ كەتمىگەن بىر چاغدا ئۇنىڭ ئىنىسى — يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇدىرى روزىنىڭ ئوغلىنىڭ تۆت كۈندىن كېيىن بولىدىغان تويى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى.

— بۇ تويغا چوقۇم ئوبدان تەييارلىق بىلەن بېرىش كېرەك، — دېدى راخمان زورىخانغا چېكىلەپ، — بىلەمسەن، ئاسىم سېكرېتارغا شۇنچىلىك قىلىپ، يېمەي يىگۈزۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپمۇ كۆتىرە ئالالمىغان باغنى ئۇ ئىككى ئېغىز تەۋسىيە سۆزى بىلەنلا يېزىگە ئېلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ، ھازىر شۇ باغنىڭ پايدىسى بىلەن ھال-كۈنىمىز ياخشىلاندى. بانكىدا 30 مىڭكوي پۇلىمىز بار، بىرمۇ روزى ئىنىمىزنىڭ شاپائىتى، ئۇنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

راخمان زورىخاننىڭ تۇنجى ئېرى ئىدى. ئۇ، زورىخان بىلەن توي قىلغاندىن بېرى تارتمىغان خاپىلىقلىرى، كۆرمىگەن ئازابلىق كۈنلىرى قالمىغانىدى. ھەدېسە-سا قىلىغا ئېسىلىپ، جېدەل دېگەننى پۇلغا سېتىۋالىدىغان زورىخان ئۇنى يۈرگىسىز قىلىۋەتكەن، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى پولدىن دېگۈچە تۆكۈۋەتكەنىدى.

«ئاجرىشىپ كېتەي» دېسە، ئەينى چاغلاردا زەھمەتلىك ئانىسى قوشۇلمىغان، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا چۆچۈردەك ئىككى ئوغۇل قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بالىلارنى يېتىم قىلغۇسى كەلمەيتتى، شۇڭا ئىلاجىنىڭ بېرىچە خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى.

— شۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن بىكاردىنلا ئاران تاپقان نەرسىلەرنى ئاسمانغا سورۇۋېتەمسىزمۇ؟ — زورىخان ئېرىگە سۈرلۈك كۆز

دى،- ئويلاپ باقسىلا، روزىخۇ كۆز-قارنى توق بالا، شۇ خوتۇنىمىزە، چوغ بولسىمۇ يالمايدىغان خوتۇن.

ئاز نەرسە بىلەن بارسام نەزەرىگە ئالمايدۇ، كۆپنى ئاپىراي دېسەم ئارتۇق كېتىدۇ، قانداق قىلسام بولاركىن؟

ئەر-خوتۇن خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش-تارتىش قىلغان بولسىمۇ بىر مەسىلىدە تىكە كېلىشەلمىدى.

× ×

كېچە، ئەتراپ شۇنچە جىمجىت ئىدىكى، يىراق يەردىن ھاۋشىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاۋازىمۇ غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە راخمان ئىسقىرتقاندەك سوسلا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، زورىخان بولسا تولۇقتەك ئۇياق-بۇياققا دۆمىلەپ زادىلا ئۇخلىيالماي ياتاتتى.

— ھەي، شۇ توي بېشىمغا بىر بالا بولدى،- دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،- ياز بويى ئېتىز قىرلىدىم، ئوتاق ئوتىدۇم، سۇ تۇتتۇم، ھاردىم-تالدىم دېمىدىم، ئاران تەسلىكتە بۇ نېمىلەرگە ئۇلاشتىم، مانا ئەمدى توي-تۆكۈن دەپ ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىدىغان تاماشالار سېنى تۆت تەرەپتىن ئۆزىگە چاقىرماقتا، ئۇ يەرگە باراي دېسەڭ پۇل كېتىدۇ، پۇل!

زورىخان ئەگەر تويغا بېرىشقا توغرا كەلسە، «پۇلۇڭنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويۇپ، چېچىڭنى بىر دىنىبىر يۇلۇپ بەر» دېسىمۇ خوشاللىق بىلەن رازى بولغان بولاتتى، لېكىن توي قىلغانلارمۇ چاچ ئالمايدۇ-دە.

ئۇ تېگى يوق خىياللارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئەقىل تاپماقچى بولغاندەك كېچىنى پىكىر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزمەكتىدى.

ئوبدان بىر داستىخانلىق دېگەن پۇلنىڭ ساماننىچىلىك ۋەزنى قالمىغان بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىرەر يۈز يۈەنگە توختىدى دېگەن سۆز، شۇ بىرەر يۈز يۈەننىمۇ يولدىن تېرىۋالغىلى بولمايدىغۇ، ئىشلىمەك، ئېھى كەلگەندە ئاز-تولا قاقتى-سوقتى قىلىپمۇ قويساڭ، ئاندىن قولۇڭدا بىر نەرسە توختايدىكەن، لېكىن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاران تاپقان نەرسىنى بىر ئوبدان داستىخانغا يۆگەپ خەقنىڭ ئالدىغا قويساڭ...

زورىخاننىڭ يۈرىكى يىڭنە سانچىلغاندەك قادىلىپ ئېچىشىپ كەتتى.

— ياق-ياق،- دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،- مەن بۇنداق ئورۇنسىز چىقىمغا ھەرگىز چىدىمايمەن، شۇنداق بىر ئەقىل تاپايكى...

كېچە ئاخىرلاشاي دېدىمىكىن، خورازلار بەس-بەس بىلەن چىللاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە زورىخاننىڭ كۆڭلى كەيپىرى ئويغاندى-دە، خاپىلىقتىن تۈرۈلگەن قوشۇمىسى تارقىلىپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— توغرا، دەل شۇنداق قىلىش كېرەك،- ئۇ خوشاللىقىدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى،- بۇ تولىمۇ ئەپچىل چارە بولدى،- دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئەمدى بۇ چارىنى كىمدىن باشلىسام بولار؟- ئۇ مەھەللىدىكى بىر قانچە ئائىلىنى خىيال قىلىپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسى دېتىغا ياقمىدى، تۇساتتىنلا بىر ئىسىم ئۇنىڭ تىلىدا پىلدىرلاپ قالدى- ھېلىمخان!- (ئاھ خۇدايىم، ئۇنىڭ ئەقلىنى زىيادە قىلسۇن)، راست تازا باپلىغىلى بولىدىغىنى شۇ ھېم

لىمخان.

ئۇ ھېلىمخاننىڭ دانلاتسا يورغىلايدىغان بېزەك كەپتەردەك خۇيىنىڭ بارلىقىنى، ماختانچاق قىلىقتا، ئابرويپەرەسلىكتە، نام-شۆھرەت قازىنىشتا باشقىلار بىلەن بەسلىشىدىغان «نەمۇنىچى» ئايال ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ تاپقان چارىسىدەل ھېلىمخاندىن باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

«قول سۇنسا، يەڭ ئىچىدە» دېگەن گەپ بار،- دەپ ئويلىدى ئۇ پۇشۇلداپ ياتقان ئېرىگە قاراپ،- بۇ ئەقلىمنى ۋە ئېسىل چارەمنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتۇشۇم كېرەك، بولمىسا بۇ گالۋاڭ ھەممە ئىشنى بۇزىدۇ.

كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئېسىل چارىسىدىن كۆڭلى ياشارغان زورىخان، ئېرىنى ئاستا سىلكىپ ئويغاتتى.

— دادىسى، ھەي دادىسى!

— نېمە ئىش؟ — راخمان ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئۇۋۇلاپ شىرىن ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان خوتۇنىدىن ئاغرىنىپ قوپال سورىدى:

— يېتەرئەمدى،- دېدى زورىخان راخماننى ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىراق تارتىپ،- كېچىچە مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپمۇ قويماي ئۇخلاپ چىقتىڭلا، ئەمدى ئۇيقۇلىرىڭىزمۇ قانغانلا؟

— مېنى شۇ سۆزلىرىڭگە ئويغاتقانمىدىڭ ؟

— ھەراست، ئۇزۇندىن بېرى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ سىلىنىمۇ، ئۆزەممۇ باشقىلارغا ئەسكى قىلىپ قويۇپتىمەن، كونىلار نېمىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرى-

ساڭ، شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالارسەن دەپ خوپ ئېيتىپتىكەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئادىمەتچىلىكىمىزمۇ قالماپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىر ئېلىش ئۈچۈن چاي بېرەيلىمىكىن دەيمەن.

— راست سۆزلەۋاتامسەن؟ — راخمان دائىم باشقىلارنىڭ غەيۋەت-شىكايىتى چۈشمەيدىغان زورىخاننىڭ شۇم ئېغىزىدىن بۇنداق كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان سۆزنىڭ چىقىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى.

— راست،- دېدى زورىخان يالغاندىن يىغلامسىراپ،- كېچىچە ئويلىنىپ چىقتىم، بىزدىن كېيىن قالسا، بالىلىرىمىزنىڭمۇ كۈنى تەسكە توختىغۇدەك، شۇڭا مەھەللىگە چاي بەرسەكمىكىن؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى،- راخمان سۆيۈنۈپ كەتتى،- بانكىدا 30 مىڭ كويپۇلىمىز بولسىمۇ، ئۆزىمىزدە بىر تىيىنلىق ھۆرمەت يوق، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىنمۇ چۈشۈپ كەتتۇق خوتۇن. ئەقلىڭلارغا بارىكاللا، ئىشلىگەنلى راخمىنىڭلار توروپتۇغۇ.

سەھەر، شەرق ئۇپۇقى چوغدەك قىزارغان چاغ ئىدى. ئۆيلەردىن كېلىۋاتقان بالىلارنىڭ قىيا-چىيالىرى، ئېغىللاردىكى ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، چوپان بالىلارنىڭ ھاي-ھۇيلىرى بىلەن مەھەللە ئىچى جانلانغان، ھەر كۈندىكى تۇرمۇشنىڭ داۋامى بۈگۈنمۇ ئۆز يولىدا باشلانغانىدى.

زورىخان قۇرۇقدالغان چېلەكلىرىنى ئەپكەشكە ساڭگىلىتىپ، كۆلگە سۇغا كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا كۆلدىن سۇ ئېلىۋاتقان ھېلىمخاننى كۆردى-دە، قەدىمىنى تېزلەتتى.

— ئوبدان قوپلىمۇ ھېلىمخان؟! — زورىخان يىراقتىنلا تېچلىق سورىدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرىچۇ؟ — ئۇلار كونا دوستلاردەك قىزغىن سالام قىلىشتى.

— يېقىندىن بېرى كۆرۈنمەيلىغۇ ھېلىمىخان؟

— ئالدىراش بولۇپ قالدۇق، ھېيت كېلىۋاتىدۇ، ئازغىنچە ئېتىز- ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى بىرەر قۇر تۈگىتىۋەتمەيلىمىكەن دەپ يۇلتۇز تارقىماستا ئىشقا كېتىپ، كۈن پاتقاندا يېنىپ كېلىۋاتىمىز. شۈكرى، ئىشلىرىمىزنىمۇ خېلى بىر يەرگە ئاپاردۇق.

— ئوبدان قىپسىلەر، ھەر ھالدا قىلغان ئەجىرىڭلار بىكارغا كەتمىدى. قوي-كالا، توخۇ- تومان، باغ- ۋاران قىلدىڭلار، ئۆي- يۈكلىرىنى گۈلدەك ياسىدىڭلار، لويىن، دېيەنشى ئالدىڭلار ئىشقىلىپ ئۆي يۈكلەردىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان بولدى. بىزنىڭچۇ؟ ھال كۈنىمىزغۇ يامان ئەمەس، بىراق سىلەرگە يەتمەيمىز.

ماختانچاق، ئابرويپەرەس، ئۆز مال - دۇنياسى بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلايدىغان ئاياللار ئۈچۈن بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش نەقەدەر لەززەتلىك- ھە؟!

خۇشاللىقتىن ھېلىمىخاننىڭ ئاغزى قولىقىغا يەتتى، ئۇ كىشىلەردىن ئۆزىنى شۇنداق سۆزلەر بىلەن ماختاشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكىلى خېلى بولغانىدى.

— لېكىن، - دېدى زورىخان بىردىنلا مەيۈسلىنىپ، - سىلىنى كۆرەلمەيدىغانلارمۇ ئىتتىنىڭ قۇرتىدەك كۆپ ئىكەن، سىلىنىڭ بايلىقلىرى گويا قۇرت بولۇپ بەزى ھەسەتخورلارنىڭ يۈرەك- باغرىنى يېگەن چېغى، ئۈچ- تۆتى بىر يەرگە كەلسىلا، باشقا گەپ- سۆز تېپىلمىغاندەك سىلىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىدىكەن، ئۇلار «ۋاي ھېلىمەك، ئانداق پىخسىقەي، مۇنداق بېخىلەي، قاراڭلار ئۇنىڭ كىيگەن كىيىمىگە، ساپلا جۇلدۇر- كېپەن، داستىخىنى يېنىك، بىر نەرسىگە كۆزى تويمىغان ئادەم شۇنچە بايلىققا ئىگە بولسىمۇ، سىقىپ سىققىمىدىن چىققاننى يالايدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. سىلە توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ قالغىلىمۇ تاس قالدىم دېسىلە، مېنىڭغۇ خەقلەر غەيۋەتخور، ئاچكۆز دېيىشىدۇ، بۇمۇ كۆرەلمەسلىكتىن چىققان گەپلەر. بىرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان ئادەمنى كۆرسەم چايناپ، يۇركىۋەتكۈم كېلىدۇ.

زورىخاننىڭ سۆزلىرى ھېلىمىخاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى خۇشاللىقنى گويا ئاڭدىكى تۇماندەك بىر دەمدىلا غايىپ قىلدى. ھېلىمىخاننىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى.

— ھۇ، پاسكىنا پىتلىقلار، - دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، - مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىشقىچە سىڭگەن نېنىڭنى يېيىشسەڭ بولماسمىدى؟ ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇش: قىلغان گەپلىرىڭگە پۇشايمان قىلغۇدەك ئىش قىلمىسام ھېلىمىخان بولماي كېتەي!

قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن زورىخان، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۆزىنى تولىمۇ تەمكىن تۇتۇپ سورىدى:

ھېيتتا بىر نەرسە كىيىدىغانلا ؟

— كىيىمەن، كېيگەندىمۇ ھېلىقىدەكلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىۋەتكىدەك كىيىمەن، ئالدىنقى بازار كۈنى بىر كۆينەكلىك شىپىك ئوخاۋا سېتىۋالغانىدىم، يەنە ئازراق بىر نەرسە ئالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ، — دېدى زورىخان ھېلىمىخانغا يەل بېرىپ، — بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقسا قىلىمىز دەيمەن، سىلىچە قانداق؟

— قانداق قىلىمىز؟

زورىخان ھېلىمىخانغا يېقىنىراق كېلىپ قولىقىغا پىچىرلىدى:

— مەن ئەتە مېھمان چاقىرىمەن، سىلە...

ھېلىمىخاننىڭ غەزەبتىن سۇرلۇك تۇسكە كىرگەن تاتىراڭغۇ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. كۆڭلىدە «زورىخان ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئايالكەن» دەپ ئويلىدى.

— سىلە ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنلا، كۆڭلۈمدىكىدەك گەپنى قىللا.

— ئەرلىرى ئۇقۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇقۇپ قالسا قالمامدۇ. ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالامتىم.

ئۇلار خوشلاشتى، ھېلىمىخان ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى ئەتەي ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېرىدىن بەكمۇ قورقاتتى، ئۇنىڭ ئېرى تۇردى — قاۋۇل، مىجەزى چۇس، دېھقانغا سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارنى ئوبدان ئۇچۇغداپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. ئەلۋەتتە ھېلىمىخانمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەستى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى ئېرىغا ئۇقتۇرماي، مەخپىي قىلماقچى بولدى.

ئەتىسى ھېلىمىخان ھېيتتا كىيىمەن دەپ ئېرىنى قاقشىتىپ، سوقۇشۇپ يۈرۈپ ئالغان بىر كۆينەكلىك شىپىڭ دۇخاۋىنى تۆت ناننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوتتۇرىسىغا چەمپەر شەكلىدە چىرايلىق رەشلىيە ئىشلەنگەن ئاق داستىخانغا يۆگەپ، قولتىقىغا قىسىپ زورىخاننىڭ ئالدا- مۇندا ياسالغان مېھمانخانىسىغا كىرگەندە، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئانچە تۇزۇت قىلماي لا تۆرگە چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇردى، سۇس دەملەنگەن بىر پىيالە چاينى ئالدىرىماي ئىچتى، ئاندىن زورىخانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، داستىخاننى ئېچىپ غالىپلارچە كىدىيىپ ئولتۇردى. مېھمانلار ھەيران بولۇشۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى.

— ھېلىمىخانمۇ شۇنداق ئاددى بىر مېھماندارچىلىققىمۇ شۇنچە جۇۋاپ كېتەملا؟ — دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئايال پەس ئاۋازدا:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ!، — دېدى ئۇ باشقىلارنىمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا، — قولىمىز قىسقا چاغلاردا داستىخىنىمىزمۇ يېنىك ئىدى، ئەمدى يەنە بۇرۇنقىدەك بولسا بولغۇرمەس، ھازىر ئادەم مېھماندارچىلىققا ئاددى داستىخان قىلىپ بېرىشتىن ئويۇلىدىكەن.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىمىخانغا ھېسداشلىق قىلىش نەزەرى بىلەن قارايتتى. ھېلىمىخان ھېچكىمنىڭ چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ «غەيۋەتچىلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى» دەپ ئويلىدى ۋە ئىشنى مۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرغان زورىخاندىن چەكسىز مىننەتدار بولدى. بىر خىل ئارامخۇدالىق، ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئىلكىدە ئۆزىنى ئۈستىدىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ھامىلدەك يېنىك ھېس قىلدى. مېھماندارچىلىق باشمالتاقچىلىك چوڭلۇقتىكى ئورۇق ئۆچكە گۆشى بېسىلغان، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن پولونى زورلاپ يېيىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

ھېلىمىخاننىڭ داستىخىنىنى توغرىسىدىكى پاراڭ بىر دەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى. كىشىلەر ھەيران بولۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ «تووۋا» دېيىشتى.

— بىچارە تۇردىنىڭ تاپقان-تەرگىنى ھېلىمىخاننىڭ داستىخىنىدىن ئاشمايدىكەن-دە! ئۇ بىچارە مىڭ تەسلىكتە تۆت قوي، بىر موزايلىق سېيىر، ھارۋا-ئېشەك قىلىۋېدى، ئەمدى ئۇنىمۇ يوقىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېگۈچىلەرمۇ بولدى. مانا ھېلىمىخان تونۇگۈن كەچ ۋە بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈندۈز تەييارلىق قىلىپ، كەچتە مېھمان چاقىردى. ئۇنىڭ ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ خېلى جايىدا ياسالغان ئازادە مېھمانخانا ئۆيى مېھمانلار بىلەن تولدى. زورىخان ئەڭ ئاخىرىدا ئاۋايلاپ دەسسىگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر سەل تارتىنىپراق ئولتۇردى. مېھمانلار ھېلىمىخاننىڭ پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوخشىتىپ ئەتكەن، سىنچايىنىڭ ئورنىغا قويغان بىرچىنىدىن سۇيۇق ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ، داستىخانلىرىنى ئېچىشتى، زورىخانمۇ داستىخىنىنى ئېچىشقا تەمشەلدى. ھېلىمىخان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ھوزۇرخاھلىق سۆزلىرىنى داستىخاننىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا دېيىشكە ھازىرلاندى. بىردىنلا ئۇنىڭ خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان چىرايى تاغ ھاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىپ دەھشەتلىك تۈس ئالدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئالەم چۆرگىلەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. چۈنكى زورىخاننىڭ داستىخىنىدا ئىككى مېتىرچە ھاۋارەڭ دېچىن لىباك تۇراتتى. ئۆيدىكى مېھمانلار بىردەم زورىخانغا، بىردەم ھېلىمىخانغا قاراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن «ھېلىمىخان، سىلە شۇنچە جۇۋاپ كېتىۋېدىلا، زورىخان سىلە قىلغاننىڭ ئونىنىڭ بىرىنىمۇ قىلماپتىغۇ» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. لېكىن زورىخان ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆز ئاچتى:

— ھېلىمىخان، داستىخىنىم مۇشۇنداق ئاددىيلا بولۇپ قالدى، ئەيىپكە بۇيرۇمىغايلا، كېيىنچە تەكشۈرۈلارمەن.

ھېلىمىخاننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلاندى؛ كېلىگە بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك تىلى سۆزگىمۇ كەلمىدى... ئۇ كۆزىنى چەكچەيتكەتەك قىلىپ زورىخانغا تازا بىر ئالىيىۋېتىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن داستىخاننى قوپال يىغىدى-دە، نېرىدىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مېھمانلارنىڭ ئۇزاشتىلىشىمۇ خېلى بولدى، لېكىن ھېلىمىخان قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك بىر ئىزدا تۇرۇپ، زورىخان ئېلىپ كىرگەن رەختكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەلەمدىن يىغلىغۇدەك بولۇپ قالغانىدى.

— سەن ئەسلىدە ياغلىما گەپلىرىڭ بىلەن مېنى ئالداپتىكەنسەن-دە، سەن «ئابرويى چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ھېچ نەرسە دېيەلمەي ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتىدۇ» دەپ ئويلاپتىكەنسەن، ئوخلاپ چۈش كۆرۈپسەن، سەن كىيسەڭ مەن لېۋىمنى يالاپ قالامەنما؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىمدىن... خەپ تۇختاپ تۇر، ئەتە چاچلىرىڭنى يۇلۇپ، رەسۋا قىلىپ تارتىۋالمىسام ھېساب ئەمەس!

زورىخان تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا چۆمگەنىدى.

— ئەجەپ ياخشى بوپتىمۇ! — دەيتتى ئۇ شېپىڭ دوخاۋنى سىلاپ تۇرۇپ، — باشقىلار سېلىپ كىرگەن نەرسىلەرنى پۇلغا سۇنسۇرغاندا كەم دېگەندە 150 كويدىن ئاشىدۇ، بۇ رەختچۇ تېخى؟! ھې... ھې... ھې... ئەقلىمگە بارىكاللا، ئامەت دېگەن مۇشۇنداق قويرۇقى

ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان بولسا، قانداق ياخشى بولار ئىدى-ھە؟.

ئۇ خۇددى سەۋدايىلاردەك قاقاقلاپ كۈلەتتى، يۈرىكى شادلىقتىن تېپچەكلەيتتى، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغاندەك، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى.

— ئەتە، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەكرار-تەكرار، — روزى ئىنىمنىڭ ئۆيىگە ئەتىگەن بېرىپ خەقنىڭ ئالدىدا داستىخىنىمنى ئېچىۋالاي.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ داستىخىنىنى تەقلەپ يولغا چىقتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان ھېلىمخان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ھېلىمخاننىڭ قولىدا تۈنۈگۈن ئۆزى سېلىپ كىرگەن رەخت تۇراتتى. ئۇ خۇددى جان ئالغۇچى ئەزرائىلغا ئۇچراپ قالغاندەك، بىرسى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك دەپ دىۋەيلەپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇپ، كەچكۈزدىكى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى ۋە ئۆزىگە زومۇ-زو تەمەنلىك تۇسىنى بېرىپ ئېغىز ئاچتى:

— كەلسىلە، — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ، — بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىلە؟

— شۇنداق! — ۋارقىرىدى ھېلىمخان. زورىخاننىڭ كۈلكىسى ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئۇنىڭ غەزىپىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. — سىلىنىڭ نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ مەن ياگوللۇق كىچىك بالا بولمىسام، ماۋۇنى ئېلىپ ئۆزەمنىڭكىنى قايتۇرۇپ بەرسىلە.

ئۇ زورىخانغا رەختنى ئۇزاتتى، زورىخان ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ باش قاتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان «ياخشى چارىسى»نىڭ بەرباد بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن «شۇنچە» چىقىم قىلىپ ئېرىشكەن ئۆزىنى ئارزۇ-تىلىكىگە يەتكۈزىدىغان بۇ رەختنى زادىلا قايتۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى شۇڭا تىركىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدى:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، — دېدى ئۇ تەستە ئېغىز ئېچىپ، — ئۆزلىرى سېلىپ كىردىلا، رەھمەت دەپ ئالدىم، ئەمدى چىدىمىدىلىمۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ بېقىپراق سۆزلىسىلە.

— مەن سىلىگە ھېچنەرسە دېمىگەن.

ھېلىمخاننىڭ ئەرۋايى بىردىنلا ئۇچۇپ، ئۆزىنىڭ نام-ئابرويىنىمۇ ئۇنتۇپ، ھېرە تالاپ كەتكەن موزايدەك چىچاڭشىپ، بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋاي خالايىق، ماننىڭ كۆككە مىلىكىنى كۆرۈڭلار، ماننىڭ كۆككە مىلىكىنى كۆرۈڭلار!

يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر، قولۇم-قوشنىلار بىردەمدىلا ئىككىسىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى.

— تولا ئۇششۇقلۇق قىلماي رەختنى قايتۇرۇپ بەرسىلە...

— مەن ساڭا ئۇنداق نەرسىنى سېلىپ كەل دەپ ئۆگىنىپ قويمىسام، تېگىشلىك توختىمىغان ئىكەن ئەكىرمىسەڭ بولماسمىدى.

— توۋۋە قىلدىم خۇدايىم، — دېدى ھېلىمخان ياقىسىنى تۇتۇپ ئەتراپتىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن: — ئەقىللىرى جايىدىمۇ؟ بۇنىڭدىن تۆت كۈن بۇرۇن كۆل بويىدا ماڭا «قولۇم-قوشنىلار داستىخىنى يېنىك دەپ غەيۋەتلىرىنى كۆپ قىلىشىدۇ. مەن مېھمان چاقىراي، سىلە ھېيتتا كىيمەكچى بولغان كىيىملىرىنىڭ رەختىنى سېلىپ كىرسىلە، ئاندىن سىلىمۇ مېھمان چاقىرسىلا، مەن سىلىنىڭكىگە ئوخشاش رەختنى سېلىپ كىرەي، شۇنداق قىلساق، غەي-

ۋەتچىلەرنىڭ ئاغزى تۇۋۋا قىلىنىپ، ئۇلى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئوخشاشلا كەيمۇ بىرىمىز، شۇنىڭ بىلەن كاۋاپمۇ خام قالمايدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئىش بولىدۇ» دېمەككە نېمە دېمەكچى؟ ئۇنى ئۇنتۇپ قالىمۇ ياكى مېنى بوزەك قىلىۋاتامدۇ؟

ھېلىمخاننىڭ بۇگېپى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلدى.

— كۆردۈڭلارمۇ بۇ ئالدامچىلىقنى؟

— ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئەزەلدىن يات ئادەم قەدەم باسمىغان ئۆيىگە مېھمانچا تېرىغىنى بىكار ئەمەسكەندە.

— بۇ تويمىغۇر ئاچكۆزنىڭ يا قورسىقى ئېچىلىپ كەتمىدى.

— ھېلىمخانمۇ تازا ئەخمەق ئايالكەن.

— ھېلىمخان دېگەن ئابروي ئۈچۈن ئاتا- ئانىسىنى سېتىشتىن يانمايدۇ...

زورىخاننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ زەھەردەك گەپلىرى، نەپرەتلىك قاراشلىرى ئۇنى سەل تەمتىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— مەنسائا ئۇنداق گەپلەرنى زادىلا قىلغىنىم يوق.

— سەن يەنە تېنىۋېلىۋاتامسەن؟ ياخشىلىقچە بەرمىگەنىكەن مانا مۇنداق ئالىمەن.

توپلاشقان كىشىلەرنىڭ ئاچچىق كىنايە سۆزلىرى جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىمخان گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپلا ئۇنىڭغا ئوقتەك ئېتىلدى. ئىككىسى چاچلىشىپ، يۇمىلاقلىشىپ كەتتى. زورىخان بىر قولىدا داستىخاننى مەيدىسىگە چىڭ باسقان ھالدا ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازلىرى مەھەللىنى بىر ئالدى، ئې- غىزلىرىدىن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سېپ- سېغىز گەپلەر مېلتىقنىڭ ئوقىدەك تـوختىماي چىقماقتا ئىدى. قولۇم-قوشنىلار ئارا تۇرۇپ زادىلا ئاجرىتالمىغان ئىككە يەلەن بۇ ماجرا- نىڭ ئۈستىگە تەگلاكېلىپ قالغان ئەرلىرىنى كۆرۈپ سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپىيىپ جىم بولۇپ قېلىشتى، ئىشنىڭ ئۇچى-بۇجۇ- رىنى بىلگەن راخماننىڭ چىرايى نومۇستىن شەلپەرندەك قىزاردى. مەگىز گۆشلىرى لى- پىلداپ كەتتى، ئۇ ئايالى مېھمانچىدا قىرى- غاندىن كېيىن قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن ياخ- شىلىشىپ ھال-مۇڭ بولغانىدى، ئەمدى نو- مۇسسىز ئايالى بۇ ئىشنى قىلىپ ئۇنىڭ يۈزى- نى تېخىمۇ چۈشۈردى.

— رەختنى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ بەزگە كە- تەكتىترەپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ غەزەپ بىلەن، — قايتۇرۇپ بەر!

— زورىخان رەختنى قايتۇرۇپ بەرمەسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، رەختنى تىت- رەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىپ بولۇشىغا راخمان ئۇنى شۇنداق قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇردىكى «چاك» قىلغان ئاۋاز بى- لەن تەڭ زورىخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چا- ناپ ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى.

غەزەپتىن يېرىلا يىلا دەپ تۇرغان تۇردى ھېلىمخاننى ئالدىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچى- دىن تاقىغاندىن كېيىن ئايالىنى ئۇچۇقداشقا تۇتتى. شۇنداق قىلىپ كۆپۈلدىگەن مۇشت، چاڭىلدىغان شاپىلاقنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولغان زورىخان بىلەن ھېلىمخاننىڭ ئاھۇ- پەريادلىق نالىسى بۇ ئىككى ئائىلى- دىن خېلى ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

# جۇلبۇل چاپاندا ئىسسىغان بەدەن

(ھېكايە)

ئالىمجان ئابدۇراخمان

كېچە ياتسىمۇ ماشىنىنىڭ رولىنى تولغاپ، يولنى توسۇۋالغان ئالدىكىلەرنى نېمىدۇر دەپ قاغاپ چۈشەيدىغان ئادىتىم بولغاچقىمۇ تاڭ، بىر نەچچە قېتىم يوتقىنىمنى ئېچىۋېتىپ، زۇكام دورىسىنى يەپ ئۇخلىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بۇ بەلكىم شوپۇر بولۇش ئارزۇيۇمنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىدىن بولسا كېرەك. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك ئاخىرى ئارزۇيۇمغا يەتتىم.

ئۈرۈمچىدىن تۈنۈگۈن ئەكەلگەن «بېيجىڭ» ماركىلىق كىچىك ماشىنىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرىدا ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇلۇشى مېنى ھەم خۇشال، ھەم ھەيران قىلدى. باشقا كەسىپداشلىرىم ماڭا ئىچى تارلىق ئارىلاشقان غەيرى ھەۋەس بىلەن قاراشتى. ئۇلار بەلكىم مېنى «ھەرقاچان ئارقا ئىشىك قىلىپ رول تۇتۇش پۇرسىتىگە يەتكەندۇ ئۇ رېمونتچى قاسماق» ياكى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى يېقىندىن ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ ئىشخانا جۇرېنلىكىگە تەيىنلەنگەن ئۈچ تۇغقان ئاكامدىن كۆرىدىغاندۇ. ھەيلى نېمە دېيىشسۇن پەرۋايىم پەلەك. لېكىن داخىيىدە يېرىم ئاي ساقلاپ، مېڭىبىر جاپادا ماشىنىنى ئەكەلگەن بىر كەسىپدېشىمنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇ بىچارە بۇ يېڭى ماشىنىنى ئەكېلىشكە بەلگىلەنگەندە، تېرىسىگە سىغماي گىدىيىپ مېڭىپ كەتكەندى. مانا ئەمدى خوجىلىق مۇدىرىنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بەخت قۇشىنى مېنىڭ بېشىمغا قوندۇرۇپ قويۇشى ئۇنىڭ مىجەزىنى خېلى سوكۇلداتتى. ئۇ كۆكۈيۈن چاقان خېچىردەك ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. بىچارىنىڭ شۇچاغدىكى ھالىتى كىشىگە بىر نەچچە يىل يىغىش قىلىپ ئەمدى سودا قىلاي دېگەندە، پۇلىنى ئوغرىغا تارتقۇزۇپ قويغان بىر نامرات كىشىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەسلىتەتتى.

مەن بۇ ئىدارىگە كەلگەن ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇدا رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى بىر نەرسىلەرنى بىلىپ قالدىم. باشقىلارغا قاڭسىق پۇرايدىغان بېنزىن پۇرىقى ماڭا خۇددى ئېسىل مېھمانغا بېرىلىپ قورۇغان مېزىلىك سەينىڭ پۇرىقىدەك پۇراۋاتسا، ماشىنىنى ماڭا بەرمەي كىمگە بېرىدۇ؟ بۇنىڭغا ھەرقانچە بولسىمۇ چىداش كېرەكتە، ئەلۋەتتە...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يېڭى ماشىنا بىلەن «سۆگەت بوستان» يېزىسىغا تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىقتىم. شەھەر بىلەن ئارىلىقى 44 كىلومېتر كېلىدىغان بۇ يېزا شەھە-

رىمىزنىڭ پاختا ھەم قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى ئىدى. زىمىستان قىشنىڭ چاغلىرىدىن ئۆتۈۋاتقان قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىدىمۇ بۇ يەرنىڭ ماگا تولۇشكە مىلىرىدە پىلەكلىرىدىن ھازىرلا ئۈزۈۋالغاندەك تولاشقان قوغۇنلار ساقلىناتتى. نەچچە قېتىم كېچىلەپ يول يۈرۈپ، يىراقلاردىن كەلگەن مېھمانلار ئۈچۈن بۇ يەردىن قوغۇن يۆتكەپ كەلگەنىدۇق.

شۇ پۇر دېگەننىڭ تاپىنى قىزىپ تۇرىدىكەن. ماشىنىنى قولۇمغا ئالغان كۈندىن باشلاپ «قاچان يىراق بىر جايغا ئىشقا بۇيرۇيدىكىن» دەپ تۇراتتىم. شۇ ئاكۈننىڭ ئامازدىگەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا ۋە دېكابىرنىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا قارىماي يولغا چىقتىم. «سۆگەت بوستان» يېزىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرى ئابلا ئاكا شەھەردىكى يىغىننى تۈگىتىپ قايتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يېنىمغا ھەمراھ قىلىۋالدىم.

ماشىنا تاشيولدا يېنىكچە يېتىلىپ ئۇچقاندەك كېتىپ بارماقتا. مەن ماڭلىشىپ كەتكەن كەپكەمنى قىڭغىر كىيىپ، ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدىن ياڭراۋاتقان شوخ دېسكو مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ساغرامنى تولغاپ قوياتتىم. گاھىدا يولدا ئادەم بولمىسىمۇ، كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرىۋاتقان ماشىنامغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان سەھرالىقلارنى قاغاپ، سىگنال كۇنۇپكىسىنى پات-پات بېسىپ قوياتتىم. كۆرۈك بولارنى: بىرچاغلاردا «شۆپەك تراكتور» دەپ ئاتىشىۋالغان تراكتورنى كۆرسىمۇ نېمە ئىش بۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشىدىغانلار مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى پىكاۋىمغا قاراپمۇ قويۇشمايدا؟

يېنىمدا نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋالغان ئابلا ئاكا مېنىڭ ھەرىكىتىمگە قىزىقتىمۇ، گەۋدىسىنى سەل تولغاپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام خېلى بولدى، پەقەت تىنماي يىلىكەتتىڭغۇ؟ تۇرۇپ-تۇرۇپ كاساڭنى تولغاپ قويىدىكەنسەن، قانداق ئۇسسۇل بۇ؟ -دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ ھازىرقى زاماننىڭ داڭدار ئۇسسۇلى. سېلە خامان ۋاقتىدىكى لاي-لاي بىلەن قالغانغا، بىز ياشلار تەرەققىي قىلىپ كەتتۇق. -ئۇ گېپىمنى مەنسىتمىدىمۇ ھېيقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ماشىنىنى يېڭىدىن ئەپسەندە؟ -دېدى ئۇ ئۇيەر-بۇيەرنى سىلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، يېڭىدىن پېقىرغا تۇتقۇزدى.

— ئارقا ئىشىك قىلىپ ئالغانسەن ھەقاچان؟

— ياقەي، خۇشامەت قىلىش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش بىزلەر ئۈچۈن نومۇس دەڭا.

— قوي گېپىڭنى، بۇ زاماندا ئارقا ئىشىكنى بىلمەيدىغان كىم قالدى. بېرىپ-بېرىپ بالىسى ئانىسىغا ئارقا ئىشىك قىلىپ، ئاندىن سۈتىنى ئىمىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپ مېنىڭ كۈلكەمنى قىستىدى. يېزا مەركىزىگە 18 كىلومېتىر قالغاندا ئابلا ئاكا ماشىنىدىن چۈشۈپ مەن بىلەن خوشلاشتى. مەن ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى بىرھازا تازىلاپ بولۇپ ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. تېخى بىر كىلومېتىرچە ماڭا-ماڭماي، بىر كىشى سول قولىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنى توستى. مەن ماشىنىنى توختاتماي ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىدىم، لېكىن بۇ ماشىنىغا ئۇنداق-بۇنداق ئادەملەرنى سالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تەرپۇراپ تۇرىدىغان ياغلىماچاپان

سەھرالىقتا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنىنى زەردە بىلەن تورمۇزلىدىم. بۇ چىرايىنى تورچەككەن قوغۇندەك تال-تال قورۇقلار قاپلىغان، ئۈستىگە قانداق رەختتىن تىكىلگەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بىرخالتا يۇدۇۋالغان، ئۈچىسىغا ئۆڭى ئۆچۈپ، پېشىنىڭ مازلىرى چىقىپ قالغان جۇل-جۇل چەبەرقۇت چاپىنىنى بېگىز بارماق تومۇلتىدىكى شويىنىدا باغلىۋالغان 60 ياشلار چامىسىدىكى دۇمچەك بىر كىشى ئىدى. سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋەيولىنىڭ چېتىگە يۆلەپ قويغان قاپاق بىلەن قېشىدىكى جۇكى① ئۇنىڭ جۇۋازچى ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ تۇراتتى.

—جېنىم ئۇكام، مەن ياغ ساتىدىغان تىجارەتچى، ئوغلۇم كەچتە ئالدىمغا ھارۋا ئاچىقماقچى ئىدى. ھازىرغىچە يوق. ئېھتىمال «شاڭ»غا بارىدىغانسىز. مېنىڭ ئۆيۈم «شاڭ»نىڭ سەل يېنىدا، بارالىغىنىڭ قېشىدا، ئۆيدە ئايالىم كېسەل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە...ئۇ بوغۇزدىغا بىرنەرسە تۇرۇۋالغاندەك سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى ۋە ياغلىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرتامچىلىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى.

—مەن ياندۇرالمىسام خۇدايىم ياندۇرا. ياتقان يېرىڭىز جەننەت بولغاي، بالامسىزدىن خوش بولاي،— ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا نۇرسىز كۆزىدە پىلدىرلاپ تۇرغان ئۈمىد يېشى مەڭزىنى بويلاپ ساقۇچ ساقىلىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ كېتىشكە تەييار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ھالىغا قاراپ بايا تىنىقى غالىبانە تەكەببۇرلۇقۇم ئالىقايا قىلارغا يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن تولائۇلتۇرۇپ-قوپۇپ ئارقىسىغا تارتىشىپ قالغان چاپىنىنىڭ توپىسىمۇ قېقىلمىغانلىقىغا قاراپ ئۇنى ماشىناغا سېلىۋېلىشتىن يالتايدىم ۋەكابىنكىدىن چۈشمەي تۇرۇپ:

—ئىشىم ئالدىراش ئاكا، باشقا بىرچاغدا يولى بولۇپ قالار،—دېدىمدە، ماشىنىنى زۇۋۇت قىلدىم. لېكىن ئۇ ماشىنىغا تېخىمۇ چاپلىشىپ يەنە يۇرەكنى ئېزىدىغان گەپلەر بىلەن بىچارە قىياپەتتە يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مېنىڭ سەل زەردەم قاينىدى.

—نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمسىز؟ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئىشىم ئالدىراش دېسەم، «ھاۋامنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا كوڭكىڭىزدىن چۈشۈپ كېتىمەن» دەپ دەۋدىرىسىزغۇ؟— ئۇ ماشىنىدىن ئاستا يىراقلاشتى. مەن ماشىنىنى زەردە بىلەن قوزغاپ يۈرۈپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدا ھېلىقى كىشىنىڭ كۆرۈمسىز سىماسى يەنە گەۋدىلەندى. «ماشىنىغا پۇل قوشۇپ قويغاندەك، خېلى بىر نېمە دېگۈسى بارغۇ ئۇ قېرىنىڭ، مېنىچە مۇل ئىشىكىنى كونا ھارۋىسىغا قېتىپ پۇل تاپىدىغان سەھرالىق كىراكەش چاغلىدىمۇ-يا، ئاچچىقىمدا «بۇغدا كۆلى» ماركىلىق خوش پۇراقلىق تاماكىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ، گازچا قىماقتا ئوت ياقتىم. كۈن كىرىپ كېتىۋاتقانىدى. ماشىنىغا تېخىمۇ كۈچەپ دەسسىدىم.

ماۋۇ پېشكەللىكنى كۆرۈڭ، يېزا مەركىزىگە بەش كىلومېتىر قالغاندا بېسىپ ئۆتۈدىغان «يامان يار» دېگەن سايدا بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. قوغاچقا مۇزكە پىلىشىپ قالغاچقا، تاشيولنى يالاپ، ماشىنا ئۆتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. بۇيەرگە قاراپچوقامدىن بۇس چىقىپ كەتتى.

① جۇك-ياغ تەگشەپ بېرىدىغان كەمچىلىكتا ھاق.

ماڭار ۋاقتىدا خوجۇلۇق مۇدىرىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىككى تاغار قوغۇلنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىغىنىنى دېمەمسىز. مېنىڭ جاپادا تۇنەتكەن قارچۇغا ئۇۋغا يارىمىسا بولمايدۇ–دە. قانداق قىلىش كېرەك؟ يولنى ئوڭشاپ قويمىغان كەنت كادىرلىرىنى ئىچىمدە مىڭ تاغار قاغىدىم. لېكىن ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. سۆمىز شۇنداق ئاقساي خېلى بولغان بولسا كېرەك. قاراپ تۇرسام ئىش تېخىمۇ چاتاق ئىدى. ئاخىرى ئوتتۇنچىلار ھارۋا ئۆتكۈزگەن جايغا ماشىنىنى سېلىش قارارىغا كەلدىم. ۋە «بىسمىللا» دەپ ماشىنىنى ئۆستەڭگە سالدىم. ماشىنا نەس باستى. ماشىنا ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي پېتىپ قالدى. مۇزلار ماشىنىغا ئۇرۇلۇپ ھېلى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ماشىنىنى لىڭشىتاتتى. سۇ مۇز بىلەن قوشۇلۇپ ھەيۋە بىلەن ماشىنىغا ئۇرۇلاتتى. قارىلىق قىلغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. ئەتراپ كۆكۈم پەردىسى بىلەن قاپلاندى. سۇنىڭ سۈرلۈك شارقىرىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۈستۈمدە خۇرۇم چاپانلا، ئوشۇقچە يېپىنچامۇ يوق. ئىستاتۇرغا بىر نەچچە قېتىم يەنچىدىم. ئىشىم نەتىجىسىز بولدى. بىر نەچچە قېتىم سۇغا كىرىپ ماشىنىنى يۆگىۋالغان مۇزلارنى قولۇم بىلەن تارتىپ ئېقىتىۋەتتىم. ماشىنا ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بەزگەك كېسەلدەك تىترەشكە باشلىدىم. كاللامدا ھەرخىل ئەنسىز خىياللار ئەگىتتى. بارا–بارا ماشىنا سۇنىڭ قاتتىق بېسىمىدا كۆكنار سۈيى ئىچىۋالغان بەڭگىدەك ئىڭغاڭلاشقا باشلىدى. ئەڭ قورققىنىم بېشىمغا قونغان بەخت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈلۈش بىلەن قاپقىنى تۇرۇشنىڭ تايىنى يوق خوجۇلۇق مۇدىر ھېلىمۇ ھايات.

سۇغا كىرىپ–چىقىپ، ماشىنىغا چىقىپ–چۈشۈپ زادى قانچىلىك ھەپىلەشكىنىم ئېسىمدە يوق... كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا تام تۈۋرۈكلىرى ئىستىن قارايغان، ئۇيەر–بۇيەردە ئۆمۈچۈك تورلىرى ھازىرلا ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشۈدىغاندەك ساڭگىلاپ تۇرۇدىغان كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە نىمكەش چىت كۆرپە ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپتىمەن. ئۇچامدا مازلىرى چىقىپ قالغان بىر جۇل–جۇل چاپان يېپىقلىق ئىدى. كۆڭلۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى، ئۆي ئىچىدە مەندىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا بىر ئايال يېنىك ئىنجىقلاپ ياتاتتى. «دادا، بۇ ئادەم ھوشىغا كەلدى» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئېچىلدى. چۆچۈپ كەتتىم، مانا ئالدىمدا بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى ماشىنامغا يېقىن يولاتمىغان ھېلىقى ياغلىما چاپان سەھرالىق ياغچى، قولىدا بىر تىز تام تەمەچىنى تۇتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

مەلۇم بولدىكى، مەن ماشىنا ئىچىدە ھوشسىز ياتقاندا ئوتتۇنغا ماڭغان ئوتتۇنچىلار مېنى ھارۋىغا سېلىپ، مەن پىشكەللىككە ئۇچرىغان يەر بىلەن ئارىلىقى يېقىن بولغان مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. بوۋايىنى ئويغىتىپ مېنى جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بوۋاينىڭ ئىشەنچلىك كېپىنى ئاڭلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

مەن بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپەسىمنى ئالالماي قالدىم. تومۇرۇمغا قان ئۇيۇپ قالغاندەك، يۈرىكىم ھەرىكەتتىن توختىغاندەك

(داۋامى 115–بەتتە)



يولداش ئابلىمىت سەمەت 1966-يىلى 1-ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يىلقىچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1983-يىلى خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1986-يىلىدىن بېرى شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ 1980-يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئورۇنلايمەن ئاقىۋەت» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا يۈز پارچىغا يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىندى.

# غورا بولدى خىيالىم چېچەكلىرى

ئابلىمىت سەمەت

## ئاق بېلىق

ئەي ئاق بېلىق، ئاپئاق بېلىق، سىرتى كۈمۈش تاسىراق بېلىق،
بولدۇم ساڭا ئامراق بېلىق، ئەمما خۇيۇڭ قانداق، بېلىق؟
بويلاپ ئىشق دەرياسىنى، كەلدىم كۆرۈپ قالدىم سېنى،
مەپتۇن قىلىپ جىلۋەڭ مېنى، بولدۇم غۇلاچ ئاتماق، بېلىق.
ئېيتتىڭ كۈلۈپ: «يانىمغا كەل» دەريادا ئۈزدۈم بىر مەھەل،
جانۇ-تېنىمنى قىپ بەدەل بولدۇم ۋىسال تاپماق، بېلىق.
قاينامغا چۈشكەن ئالمىدەك لەيلەپ-چۆكۈپ بولدۇم ھەلەك،
بولسام ئاراڭدا يەتكۈدەك، بولدۇڭ يەنە قاچماق، بېلىق.
تولدى ئازابقا يۈرىكىم، ھەل بولمىغاچقا تىلىكىم،
تەرغانىقا چىدىتىم، ئۆلمىدىم، قىلدىڭ ئەجەپ ئاخماق، بېلىق.
تۆۋسام قىلىپ مەن كۆز يېشى، كەلدى بويىقا بىر كىشى،
بىلدىم: بېلىق تۇتماق — ئىشى، تۇتقان ئىكەن قارماق، بېلىق.
قارماققا چوڭ يەمچۈك ئېلىپ، تۇرغان ئىدى سۇغا سېلىپ،
ئەقلىمگە پەس نەپسىڭ مىنىپ بولدۇڭ ھۇزۇر ئالماق، بېلىق.

بېرىدىنلا قارماق تارتىلىپ چىقتىڭ سۇدىن سەن زارلىنىپ،
كۈلدى بېلىقچى شادلىنىپ، بىلدىڭ بۇنى چاقچاق، بېلىق.
باقتىڭ ئۇنىڭغا نازلىنىپ، مېھرىڭنى ئىللىق ياز قىلىپ،
ئەمما سېۋەتكە تاشلىنىپ، ياتتىڭ بولۇپ شالتاق، بېلىق.
باقتىڭ ماڭا ھەسرەت بىلەن، باقتىم ساڭا نەپرەت بىلەن،
سەندەك گۈزەل ھەم سەت بىلەن مەن خوشلىشاي پاتراق، بېلىق.
شۇنداق دېدىم، كەتتىم مېڭىپ، دىلدا ئەلەم شامى يېنىپ،
ئەمدى ساڭا بولماس نېسىپ دەريادا شاد ئاقماق، بېلىق.

## شۇنداق كۆز ۋە قۇلاق بولسىمۇ...

—بۇ باشلىقنىڭ،
قۇلىقىنى سەل ئېغىر دەيدۇ.
بۇلا ئەمەس، كۆزىمۇ ئانچە-
ياخشى كۆرمەيدۇ.
—ھەي، بىچارە باشلىق،
خىزمەتنى دەپ،
سەل قاراپتۇ-دە سالامەتلىككە.
ئاڭلىسام، ئانچە چوڭ ئەمەس،
(ئۆلشەپتۇ يېشى ئەللىككە.)
بولمىغىدەك،
ھازىر تېزدىن داۋالانمىسا،
خىزمەتنىمۇ ئىشلىگەچ، كۆپرەك-
ئارام ئالمىسا.
—بىراق ئۇ،
خالىمايدۇ مۇنداق قىلىشنى
«بولغان بىلەن،
كۆزۈم ئاجىز قۇلىقىم ئېغىر،
باشقا ئەزايىم خېلى ساغلام» دەپ،
رەت قىلىدۇ داۋالىنىشنى.
مەنمۇ قارايمەن:
«دەم ئېلىشلار، داۋالىنىشلار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاجەتسىزغۇ» دەپ.
چۈنكى،
يېنىكلە پلا قالىدۇ ئۇنىڭ-
ئېغىر قۇلىقى،
قۇلاق پەردىسىگە تېگىپ كەتسىلا،
ئۆزى توغرىلىق بىرەر يامان گەپ.
—تېخى ئادەمدە،
مۇنداقمۇ قۇلاق بولىدىكەندە؟
كاش بولسا ئەگەر،
بولىدىغان ئوخشايدۇ شۇنداق،
تەلەيلىك بەندە،
چۈنكى ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن،
كۆپ ئەمەسمۇ ياخشى گەپتەكلا،
يامان گەپمۇ لۇغەت دېگەندە؟!
—ئەمدى ئۇنىڭ...
—ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىنى دەمسىز؟
كۆرسىتىپ قويمىسا،
ھەتتا ئالدىغا ئېلىپ كەلمىسە،
كۆرمەيدۇ ئۇ،
ياكى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيدۇ.
بىراق ئۇچرىسا،
قاچان، قەيەردە،
ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق نەرسە،
كۆرىدۇ دەرھال:
تەگلىسىمۇ چوڭقا يىتقۇچ ئەينەك،
«ھاجەتسىز» دەيدۇ.
—ۋەھ، كۆزىمۇ،
ئاجايىپكەن بۇ ئادەمنىڭ.
كۆز توشامدۇ كۆرۈۋەرسىمۇ،

ھەممە نەرسىسى،
ھەممە ئىشىنى بۇ ئالەمنىڭ،
ئىسراپ بولمىغاچ قۇۋۋىتى-نۇرى،
گېزى كەلگەندە،

## چۆلدە

— ئۇسساپ ھالىم قالمىدى ئوغلۇم،
بېرىپ تۇرغىن سۈيىڭدىن ئازراق.
— سۇ يىراقتا، ئىشىكىم ئەگەر-
ئۇسساپ قالسا قىلىمەن قانداق؟

## ئاخشىمى ۋە ئەتىسى

— قاچانكى مەندىن ئاپئاق قىز،
بوپ قالمىدىم مەن... ئە... مەس...
×
— نېمە؟! مەستلىك — بىھوشلۇق،
ئاخشامقى «مەن» مەن ئەمەس.

## خىيالپەرەسكە

خالىماستىن قىلچە جاپا چېكىشنى،
ئادەت قىلساڭ ئارمان بىلەن يېتىشنى،
ئەجەپ ئەمەس، تەڭرى ساڭا كۆيۈنۈپ،
نېسىپ قىلسا ئارمان بىلەن كېتىشنى.

## ھەيرانمەن

بەستىمدىن قىرانلىق چىقىپ تۇرىدۇ،
«گۈزەل»لەر كۆزۈمگە يېقىپ تۇرىدۇ؛
بولمىسا بەستىمگە چۈشلۈق قولۇم كەڭ،
دىماق ھەم پېشىنى قېقىپ تۇرىدۇ.

## غەلىتە گەپ

ئالەم كەڭرى ئادەمگە،
ئادەم سىغماس ئالەمگە.

ئىشلەيدىكەن شۇنچە ئۇدۇملۇق.
تېخى كىرىشىدە،
شۇنداق كۆز ۋە قۇلاق بولسىمۇ،
ئۆتىدىكەن ھايات كۆڭۈللۈك ؟!

## شۇ تۈگىسە...

— ئۇنىڭ بىلەن ئىدىڭ يېقىن ئاغىنە،
قاپسىلەرغۇ ئەمدى تەتۈر قارىشىپ؟
— كەلگەن ئاغا ئەللىك يۈەن ئۆيىدىن،
شۇ تۈگىسە قالىمىز خوپ يارىشىپ.

## كۈتۈلمىگەن جاۋاب

— ئەجەپلەنمەڭ، ئەگىشىپ يۈرسەم،
سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن.
— بەراق، سىزنى پېيىمگە چۈشكەن-
جاپاكەش بىر ساقچى كۆرىمەن.

## بىر كۆرۈنۈش

ئۆتمەك ئۇلۇغ دەريا سۈيىدىن،
بولۇپ قالدى ئاتقا بەك قىيىن؛
ئۆتۈپ كەتتى لېكىن بىمالال،
قانىتىغا تايىنىپ چىۋىن.

## تەڭشەلمىگەن جاھان

يۈرەلەيسەن يۈرەكلەرگە سېلىپ دەرت،
رۇخسارىڭغا قىلار بەلكى ئاي ھەسەت.
بىراق، ھەممە گۈزەللىكىڭ يىغىلىپ —
ھۆسنىڭگىلا،
بولۇپ قاپتۇ دىلىڭ سەت.

## ئارمان

يۈرەك ئۆرتەنسە تاڭ ئاتماس،
ۋىسال يۈزلەنسە كۈن پاتماس.

# رۇبائىي ۋە تۆيۇقلار

تەبەسسۇم - كۆلكىسى قىزنىڭ دىلىڭنى شۇنچە يايراتقان،
يەنە شۇ كۆلكە چېھرىڭنى سامان رەڭگىدە سارغايتقان.
ئىشىق، بىلسەڭ، ئۈمىد، ھىجران تۈپەيلى دىلدا يانغان ئوت،
شۇ ئوتتا باغرى كۆيمەي كىم مۇھەببەت لەززىتىن تاپقان؟!

❋

بىر قاراپلا ئالمىنىڭ رەڭگىگە: «ئۇ تاتلىق» دېمە،
«كىم يېسە شۇ ئالمىنى، تاپقاي ھوزۇر-شادلىق» دېمە.
كەتتىمۇ قۇرتلاپ ئىچى، تۇرغان بىلەن پوستى ئېسىل؟
بىرنى چىشلەپلا: «ئىسسىت، گۈل بوپتىمەن قاقتىق!» دېمە.

❋

ئوقۇپ، تېخنىك بولۇپ كەلدى مۇشۇ چەت يېزىغا تۇردى،
بۈگۈن ئۇ تاڭ سەھەر بىردىن يېنىكلا ئورنىدىن تۇردى.
ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ ياتقان «كېرەكسىز» بۇ ماتور ئەمدى،
ئۇنىڭ ئالدىدا خوشلۇقتا گۈرۈلدەپ ماڭغىلى تۇردى.

❋

سەن ئۆزەڭنى بىغۇبار ئاق دەپ، ئۆزنى دەيسەن قارا،
سەنمۇ شەكسىز ئاق ئەمەس، ئەينەككە ئوبدانراق قارا.
بار ئۇنىڭمۇ ئاقلىقى، سالساڭ ئەگەر لىللا نەزەر،
ياخشىغۇ ھەركىم دىلىدا بولمىسا پىنھان قارا؟

❋

ئانىسى: «ئوبدان قىزىم، قىلماي ساراڭلىق، تەگ» دېدى،
قىزى: «ياق، ۋىژدانىنى قىلماي مەن ئاياغقا تەگ» دېدى.
ئانا: «ھەددىڭ يوق!» دېدى ھەم قولىغا ئالدى تاياق،
قىز ھودۇقماي: «ئەي تاياق، مەيلى بېشىمغا تەگ» دېدى.

❋

مەن تىلەپ كەلسەم مۇھەببەت، ئۇ ئىشىكنى ئاچمىدى،
ئۇنى مەن كۆرمەستە، كۆڭلۈم مۇنچە تەشنا، ئاچمىدى؟
ئاھ ئۇرۇپ مەن تۈن بويى، ھالىمنى ئىزھار ئەيلىدىم،
ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، ئەمما چېھرىنى بىر ئاچمىدى...

# قايناق سۆيگۈلەر

مۇھەممەتجان مۇلۇك

## سۆيگۈ

سۆيگۈ — دەريا، قىيالارغا ئۇرۇلۇپ،
شاۋقۇنلىرى قاپتاللارنى تىترەتكەن.
سۆيگۈ — قانات، بۈركۈتلەرنى ئۇچۇرۇپ،
چوققىلاردىن چوققىلارغا ئۆرلەتكەن.

سۆيگۈ — باھار، ئېچىلدۇرۇپ گۈللەرنى،
شامماللارغا قوشۇپ ئېپار تاراتقان.
سۆيگۈ — قۇياش، يورۇق قىلىپ تۈنلەرنى،
كۆڭۈللەرنى نۇر قوينىدا ياراتقان.

سۆيگۈ — ئانا، مېھرى بىلەن ئىڭلىغان —
بۆۋاقلارنى ئەركىلەتكەن، كۈلدۈرگەن.
سۆيگۈ — شەرەپ، ئېلىپ قاتتىق ئىمتىھان،
گېزى كەلسە جان بېرىشكە كۆندۈرگەن.

پەخىرلىنىمەن، سۆيگۈ بولغاچ دىلىمدا،
سۆيگۈم — مېنىڭ ھاياتىمغا كۈچ — مەدەت.
سۆيگۈ بىلەن دولقۇن ھاسىل قېنىمدا،
شۇڭا دەيمەن: «بەختىم — سۆيگۈ — مۇھەببەت»

## دەريا قەسىدىسى

ئانا دەريا — ئەزىم قىران دەرياسى،
سۈيۈك كەۋسەر، يۈرەكلەرنى ياشناتقان.
قىرانلىقنىڭ، جاسارەتنىڭ، شاشلىقنىڭ،
سەبىي دىلدا ئىلھاملارنى قوزغاتقان.

دولقۇنلىرىڭ نارتۆگىنىڭ ئۆركىشى،
چۇقانلىرىڭ تىترىتىمدۇ تاغلارنى.
ئويغىتىمدۇ زىلال، ئەركە سۇلىرىڭ،
تۈن ئىلكىدە ئۈگدەك باسقان باغلارنى...

ئانا دەريا — جۇشقۇن قىران سەن ئۆزەڭ،
ماڭا سۆيگۈ ھەمدە غۇرۇر ئۆگەتكەن.
ئانا يەردىن تۇغۇلۇپ ھەم يىللارنى —
يەنە يەرگە سىڭىش بىلەن تۈگەتكەن.

## ئېقىپ بارار تاڭغا ئەركىلەپ

شوخ ئەركىلەپ، ئاقار ھامان تاغ سۈيى،
جىرالاردىن جىرالارغا قۇيۇلۇپ.
پەسەيگەندە ھەر ئۆركىشى بىر نەپەس،
قورام تاشلار پارقىرايدۇ يۇيۇلۇپ.

شوخ ئەركىلەپ، ئاقار ھامان تاغ سۈيى،
ئۇخلىتالماس تۈنلەر ئۇنى پەپىلەپ.
ئانا يەرگە يۈرىكىنى يېقىشتا،
ئېقىپ بارار يەنە تاڭغا ئەركىلەپ.

## قارىشىڭدا باردەكتۇ بىر گەپ

ئاق ياغلىقنى تۇتتۇڭ قولۇڭغا،
«تەرىڭىزنى سۈرتەي» دەپ.
كۆزلىرىمگە تىكىلدىڭ، سەزدىم،
باردەك ماڭا كۆڭلۈڭدە بىر گەپ.

يا ھەۋەسلىك كەلدى، دىلبىرىم،
كەتمەننى چاپسام ئويىنىتىپ.
يا يۈزۈمگە سۆيگەن تامچىلار،
قويدى سەندە ھەسەت قوزغىتىپ؟!

## تەڭكەشتۈر يۈرەكلەر باھار كۈيىگە

ئادىل ئابدۇرېھىم

### ئاھ گۈزەل، مەن ئۈچۈن سېنىڭ بۇ باغرىڭ...

قار ياغقان شۇ كېچە ئايلىنىپ كوچا،
سوقۇقتا ياپراقتەك تىترىدىڭ جانان.
قۇچاقلاپ باغرىمغا باسقانىمدا سېنى،
دېدىڭسەن: «نەۋ باھار كېلىدۇ قاچان؟».

ئاھ گۈزەل! مەن ئۈچۈن سېنىڭ بۇ باغرىڭ،
باراۋەر ئەمەسمۇ نەچچە باھارغا؟.
تەڭكەشتۈر يۈرەكلەر باھار كۈيىگە،
تەشەككۈر ئېيتايلى بۈگۈنكى قارغا.

### سەھرادىن تاللىدىم شۇڭا جانانىنى

سورىدى بىر دوستۇم رەنجىپ مېنىڭدىن،
خوتۇننى سەھرادىن ئالدىڭ نېمىشقا؟.
شۇ بىلىم، شۇ ئابروي، ئىناۋەت بىلەن،
بولاتتى كۆكتىكى ئاينى ئېلىشقا.

دېدىمەن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ سوئال:
بىلەمسەن سەھرا ھەم سەھرا قىزنى؟.

گەر ھايات كارۋىنى يۈرسە ئۇلار سىز،
باسالامدۇ قوم - توپا ماڭغان ئىزنى؟.

ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى پادىشاھ،
تونۇيدۇ سەت- گۈزەل، ياخشى- يامانى.
ھەم مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئەمەستۇر پالەچ،
سەھرادىن تاللىدىم شۇڭا جانانىنى.

### ۋىسالىڭنى قويما نىسىيگە

سورىسام مەن نىگار سېنىڭدىن،
ۋىسالىڭغا يېتىمەن قاچان؟
جاۋابىڭ شۇ: تېخى ۋاقتى بار،
يېتىمىزغۇ بولسا قالا ئامان.

ساقلاپ مانا ئۆتتى تۆت باھار،
ۋەدىلىرىڭ ئاشماي ئەمەلگە.
يۈرىكىمدىن قىلاي ئىلتىجا:
ۋىسالىڭنى قويما نىسىيگە.

### ئەگەر

«سۆيەيمۇ» دەپ سورىسام نىگار،
دېدىڭ: «مەيلى، سۆيسەڭ سۆيەۋەر».

ئەگەر: «ئۆلۈپ كېتەيمۇ دېسەم»،
دەمتىڭ: «مەيلى، ئۆلسەڭ ئۆلىۋەر؟»،

## تۇرمۇش

«ۋاي ئانام» دەپ يىغلىسا بىرى،
بىرى تويدا مەي- شاراب ئىچەر.
بىرى سۆيسە نىگار لېۋىنگە،
يەنە بىرى نىگاردىن كېچەر.

بىرى يەيسە ھەسرەتتىن غىزا،
بىرى شادلىق پەيزىنى سۈرەر.
بىرى ۋاپا ئېتىغا مىنسە.
يەنە بىرى ئۇنىڭدىن چۈشەر.

بىرى ئۆرلەپ ماڭسا ئېگىزگە،
بىرى ئۇنىڭ پۇتىنى تارتار.
بىرى ئۆزى قىلسا خىيالەت،
چاتىقىنى ئۆزگىگە ئارتار.

بىرى بىغەم ئۇخلىسا كۈندۈز،
بىرى «ئاھ» دەپ ئۇيقىدىن بىدار.
بىرى پايدا - نەپنى قوغلىسا،
يەنە بىرى ئۇنىڭدىن بىزار.

بىرى تۇتسا مەنسەپ ئۇچىنى،
يەنە بىرى ئۇنىڭغا شېرىك.
بىرى كەتسە نامىن قالدۇرۇپ،
بىرى ئۆلەر بولسىمۇ تىرىك.

## ھال ئېيتىپ

ئىت ئېيتىدۇ قويغا ھالىنى،
«كۆن نۇرىدا ئىسسىقلاپ قالدىم».
دەيدۇ كالا تەستە پۇشۇلداپ،
«قوشنى سۆرەپ ئەجەپمۇ تالدىم».

---

# شېئىرلار

### يالقۇن ياقۇپ

## تاپتىم جاۋاب

كاج پەلەككە نالە قىلىمەن،
بىر ئوت ئىچرە ئازابلىنىمەن.
بىلەلمەي بۇ كۆيۈش ۋەجىنى،
دائىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىمەن...

تاپتىم مانا ئاخىرى جاۋاب،
ئويلاپ يۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق:
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن ئىكەن-
چېھرىڭدىكى شۇ بىر جۈپ بۇلاق.

## كۆڭۈلسىز كەچ

ھەر ئىككىمىز تۇراتتۇق جىمجىت،
سۆز قىلىشقا خۇشىمىز يوقتەك.
بەدەنلىرىم مۇزلىغانىدى ،
خۇددى ھاۋا شۇنچە سوغۇقتەك،

ئاخىرى سەن جىملىقنى بۇزۇپ،
«قارىغىنا، - دېدىڭ شوخلىنىپ، -
بۈگۈن ھاۋا نېمانچە ئوچۇق،
ئاي قارايدۇ بىزگە زوقلىنىپ...»

«يالت» قىلىپلا قارىدىم ساڭا،
سەزدىڭ بەلكىم كۆزۈمدىن تەنە.
دېدىم: «بىراق، كۆڭلىمىز تۇتۇق،
بىزگە بۇ كەچ شۇنچە بىمەنە.

راست، ئاشۇ كۈن بىزگە تولۇنئاي،
باققان ئىدى مەسلىكى كېلىپ.
ئەمدى بىلسەڭ، ئەي كېپىنەك قىز،
باقار بىزنى مەسخىرە قىلىپ.»

## بەختىم بۇ دەپ بىلىمەن

چېقىلغانىدا سەھەرگە،
شارتلا قىلىپ ئوت ئالدى.
يورۇقىدىن ئۇنىڭكى،
ئەتراپ شۇئان نۇرلاندى.

كۆل بولغۇچە ئۇ كۆيۈپ،
ئايرىلمىدى نۇرىدىن.

ئورۇن ئالدى سەھەرگە،
يۈرىكىمنىڭ تۆرىدىن.

مەنمۇ شۇنداق بىر ئۆمۈر،
ئەل-ۋەتەنگە كۆيۈمەن.
ئىش-ئىزىمدىن نۇر بېرىپ،
خەلقىمنى چىن سۆيۈمەن.

## پارچىلار

ئۆگەنگىن دوست ھەمىشە سەن،
ئىلىم-پەن ئابىدىن سۆزلە.
غەنىمەت بىل بۈگۈنىڭنى،
ئىرىشقىن ئەتىنى كۆزلە.

*

ھاياتقا ئۈمىدلىك، خۇشال باقىمەن،
ئىزدىنىش دېڭىزى ئىچرە ئاقىمەن.
ئەجرىمدىن يارالغان بەخت، ھوزۇرنىڭ،
قەنتىنى كەلگۈسى ھامان چاقىمەن.

*

بىر گۈزەلگە چىن دىلىڭدىن كۆيگىنىڭدەك.
ئىنتىزار بول رىشتە باغلا ئىلىم-پەنگە.
بىلىم ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز كۆيۈپ كۆل بوپ،
بارلىقىڭدىن نۇر-ھارارەت بەرگىن ئەلگە.

# شېئىرلار

**ھۈسەيىن ئەسئەت**

## ۋەتىنىمگە

ۋەتىنىم كۆكسۈڭگە گۈل تاقاي دەيمەن،
نەۋباھار ياشلىقىم گۈلىستانىڭدىن.
سەن ئۈچۈن تەرتۆكۈپ زادى ھارمايمەن،
دۇر سۈزۈپ ئىجادىنىڭ كەڭ ئوكيانىڭدىن.

تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم سېنىڭ باغرىڭدا،
بىر چىمدىم توپاڭمۇ تۇتىيا ماڭا.
جېنىمدىن ئەزىزسەن سۆيۈملۈك ۋەتەن،
بارلىقىم تاپشۇراي ئەختىيارىڭغا.

## باغۋەنگە مەدھىيە

نامىڭ يۈكسەك دىلىمدا،
ئەي قەدىردان مۇئەللىم.

سەن بەرگەن بىلىم بىلەن،
نۇرلاندى مېنىڭ قەلبىم.

پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۈك،
سانا قىسىز كۆچەتلەرنى.
مېۋە بەردى كۆچەتلەر،
ئېچىپ گۈل-چېچەكلەرنى.

مەنمۇ شۇ كۆچەتلەرنىڭ،
بىر تېلى، بىر نوتىسى.

ئەلگە مېۋە بېرىدەمەن،
چېچەك ئېچىپ كەلگۈسى.

كېچە-كۈندۈز كۈيلەيمەن،
تۈگىمەيدۇ تەرىپىڭ.
ئۇلغايما ۋەتا كۈنسېرى،
سېنىڭ ھۆرمەت، شەرىپىڭ.

## قار چۈشتى

ئاپئاق-ئاپئاق قار چۈشتى،
خۇددى كېپەك ئالتۇندەك.
يەر-زېمىننى پۈركىدى،
قۇياش سەپكەن چاچقۇدەك.

قار بوۋاينى ياسىدۇق،
بەستى گويا تەگرىتاغ.

تۇرار ئەنە خىزىردەك
خۇشخۇي چىراي، كەيپى چاغ.

بىز بەختلىك بالىلار،
دىلىمىز پاك، خۇددى قار.
شۇڭقار بولۇپ ئۆسىمىز،
جەسۇر-غەيرەت بىزگە يار.

## سالام يۇرتۇم

سالام ئەي جانىجان يۇرتۇم، بولاي ئىشقىڭدا پەرۋانە،
سېنىڭ يادىڭ بىلەن ئاتەش يانار قەلبىمدە ھەر ئانە.
يىغا بىرلە تۇغۇلغاندا، ئەزىز باغرىڭدا ئەللەيلەپ،
مېھىر بەردىڭ ماڭا بولۇپ ئەجەپ غەمخانە-غەمخانە.
قانات تالاندىم قۇچاقىڭدا ئېلىپ سەندىن ھېسابسىز كۈچ،
مېھىر-شەپقەتلىرىڭ مەنچۈن ئۇچۇشقا پەركى ھەريانە.
سېنىڭ كۈلكەڭ-مېنىڭ كۈلكەم، سېنىڭ قايغۇڭ-مېنىڭ قايغۇم،
ساڭا مەھكەم تۇتاشقان دىل بولۇپ مەردانە-مەردانە.
سېنى گۈللەش ئۈچۈن پەندىن قازارمەن ئۇشبۇ دەم گەۋھەر،
ئەقىدەمدىن يانار بولسام ئۆتەي ئالەمدە سەرسانە.

### چېچەنى كەستۈرۈش

ئېرى : شۇنداق ئۇزۇن چېچىڭنى نېمىشقا كەستۈرۈپ قىسقا قىلدۇردىڭ ؟
ئايالى : ئەرلىرى ھەمىشە « خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا »
دەيلا . شۇڭا « چېچىم قىسقا ، ئەقلىم ئۇزۇن » بولارمىكىن دەپ ......



يولداش ئەركىن مەتتۇرسۇن 1963-يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981-يىلى مەكتەپىمىزنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984-يىلدىن بۇيان چىرىيە ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

1982-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ھاراقكەش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سەپىگە كىرگەن.

1984-يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش، مۇكاپاتلاش يىغىنى» دا ئۇنىڭ «چىرايلىقتا ئامراق قىز» ناملىق ھېكايىسى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئاپتورنىڭ ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا بەش پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى

# بۇلاق ساداسى

ئەركىن مەتتۇرسۇن

## مېنىڭ يۈزۈممۇ گۆش ...

(ھېكايە)

— مۇسابىقىلىك بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە ئاۋۇ بېدىلەرنى ئورۇۋەتمەمسىز، — دېدى يېشى يېشىمنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان تىللا ئاپپاي ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرىمنى ئىما قىلىپ.

مەنمۇ چاقچاق بىلەن چېقىشتىم.

— يەنىمۇ بەكرەك ئۆسكەندە ئورۇپ باغ قىلايمىكىن دەيمىنا؟

— جاپا چېكىپ باغ قىلسىڭىز، بازىرى چىقماي قالارمىكىن؟

— كىم بىلىدۇ، بېشى تاز جۇۋانلار تالىشىپ ئىشكە كىلىرىمىدىن بىر تال-بىر تالدىن يۇلۇۋالارمۇ تېخى؟

«پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

كىمدۇ بىرى مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— چاقچاق قىلىشتۇق، مۇشۇنداق ساقال-بۇرۇتلارنى قويۇۋېلىپ دوستىمىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولساق، ئوقۇغۇچىلار نېمە دەر؟

بۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز ئىدى. ئەمدى مەنمۇ ئېغىز ئاچالماي قالدىم.

ئۆزۈمگە خېلى تۈزۈك يارىشىدىغان يىگىت، ئەمما ساقىلىمنى ئالدۇرۇشقا كەلگەندە بەكمۇ ئېرىنەتتىم. سەۋەبى، ساقىلىم «پەۋقۇلئاددە ساقال» ئىدى. خۇددى ئېگىزدەك كۆزلىرىمنىڭ ئەتراپىغىچە يېيىلغان. پولات سىمدەك تال-تال قاتتىق ساقال-بۇرۇتلىرىمغا، ھەر خىل ئاددىي، مۇرەككەپ ساقال ماشىنىلىرى كار قىلالمايتتى. خوتۇن بىلەن مۇشۇ كاساپەتنىڭ

سەۋەبى بىلەن تولا غىژ-غىژ لىشىپ قا-لاتتۇق ... سا قىلىمنى ئالدۇرۇپ ياش سا-تىراشنىڭ ئايلانما ئورۇندۇقىدىن تۇرغان كۈنۈم خۇددى مەھبۇسلارنى جازالايدىغان تولا ئورۇندۇقىدىن قۇتۇلغاندەك بېشىم كۆك-كە يېتەتتى. بىراق شۇ بىر كۈن خۇددى يۈزلىرىمگە لازا سۈركۈۋالغاندەك قىزىرىپ ئېچىشاتتى. بۇنى بىلمىگەن ئـا غىينىلەر «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك، «ــ ھەي ، كۆپكۈندۈزدە قىزىرىۋېلىپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ دوختۇر بۇيرىدىمۇ-يا ؟» دەپ چىشىمغا تېگەتتى. مەنمۇ ئا-مالسىز «پۇراپ بېقىڭلار» دەپ بۇرنىۇمنى سوزۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتىم. كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتىم. مەكتەپ دەرۋا-زىسى يېنىغا ئەپچىلىكىنە جايلاشقان بىر سا تىراشخانا كەچ سائەت 12 لەرگىچە 40 ۋاتلىق ئىككى دانە نوغۇچ لامپىنىڭ يورۇقىدا يـوپيورۇق تۇراتتى. مەن دەل مۇشۇنداق ۋاقىتلارنى پايلاپ تۇرۇپ سا-قىلىمنى ئالدۇرۇپلا قايتىپ ئۇخلاپ، ئاغىي-نىلەرنىڭ چاقچاقلىرىدىن قۇتۇلۇپ يۈزۈم-نىڭ ئېچىشىشىنى ئۇيقۇ بىلەن سـەزمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولدۇم.

بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپلا بايام گېپى بولۇپ ئۆتكەن «بىندىلەر» نى پۇل تۆلەپ سېتىۋېتىش ئۈچۈن خۇددى بوينى باغلىنىپ قوشخانىغا ئېلىپ ماڭغان قويدەك سا تى-راشخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئىشىكتىن كې-رىپ كەلگىنىمدە، ئۇستام شاگىرتى بىلەن ئىككى خېرىدارنى ياتقۇزۇپ ئىشنى باش-لىماقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئادەتتە شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ئىشـكتىن كىرى-شىمگىلا «كەلسىلە ئەپەندىم، مانى غاچ-غۇچ قىلىپ ئاندىن سىلىنى ... » دەپ ئول-تۇرۇشقا ئورۇن كۆرسىتىدىغان كۆسا ئۇس-تامنىڭ ھازىر ماڭا قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇستامنىڭ «مەڭگە يېنىكلاشقان» قولىغا ماس ھالدا ئاغزىمۇ ھـەركەتتىدى . ھـاراق ھەققىدە گەپ-سۆز بولسا ، ھاراقنى ئۆمە-رىدە ھازىرغىچە ئېغىزىغا ئېلىپ باقمىغان-لىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدىغان. ئـەمما سۆزىنىڭ ئەكسىچە دائىم بىر ئاز مەستلىك-تىن خەۋەر بېرىپ تـۇرىدىغان كۆزلىرى كۆل-كىدىن يۇمۇلۇپ كەتكەنـدەك. ئاڭغا زە-چىنىڭ كەكىسدەك ئوشلۇق ئىگىكىگە ئۆ-قۇشماستىن ئۈنۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان سانا قىلىق تۈت تال ساقىلى قايسى تەرەپ-كە ئىگىلىشىنى بىلمەي، يىگىنىدەك تـۈپتۈز تۇراتتى. ئىشقىلىپ بىزنىڭ بۇ سا تىراش ئۇستام چىراي شەكلىنى قىياس قىلىش تو-لىمۇ تەس بولغان بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇستامنى ئۆزۈم بىلەن تەڭ دېمە تىلىك چاغ-لايتتىم. شۇڭلاشقىمۇ ئاشۇ «جازا» ئورۇن-دۇقىغا ئولتۇرغۇچىلىك بولغان ئارىلىقنى بەزىدە ئۇستامغا، بەزىدە تونۇش خېرىدار-لارغا چاقچاق قىلىش بىلەن ئۆتكـۈزۈپ «پالتا» چۈشكىچە «كۆتەك»نى ئارام ئال-دۇراتتىم. بۈگۈن ئىشىكتىن كىرىپلا سوپۇن بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى ئاقارتىپ قازاندەك يوغان قورسىقىنى تار ئورۇندۇقتا جايلاشتۇ-رۇپ، ھاسىرىغىنىچە ئاق خالاتقا پۈركىنىپ، ياتقان مامۇتكامنى بىر قاراپلا تونۇۋال-دىم، بىز مامۇتكام بىلەن تولا چاقچاقلى-شاتتۇق، شۇڭا مەن ئۇستامنىڭ ئۇستىلىدىن بىر ئۇستۇرىنى ئالدىم-دە، خۇددى ئانـ-سىنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بو-ۋاقتەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان مامۇت-كامنىڭ پايىنەك بېشىغا تۇتۇپ چاقـچاق قىلدىم.

— ھەي مامۇتكا، بۈگۈن مەن سىزنىڭ ساقىلىڭىزنى شۇنداق بىر ئېلىۋېتەيكى، قايتا ساقال چىقمايدىغان بولسۇن.

سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئورۇندۇقتىن ناتونۇش بىر كەۋدە، ياق، تونۇش بىر كەۋدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ھەي، كۆرۈك بۇدۇ تالىكىمنى. مەكتىپىمىزدە يوغان قورساقتىن يەنە بىرسىنىڭ بارلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمە؟ بۈگۈنكىدەك مامۇتكىغا ئوخشاش چاقچاق قىلغىلى بولمايتتى.

ئۇ — مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى سەيپىدىنىدى.

«ئويناشماڭ ئەرباپ بىلەن، ئەرباپ سالۇر ھەر باپ بىلەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

مەن دەرھال ئۈستىرىنى ئورنىغا قويۇپ، ئارقامغا ياندىم.

ئىككىنچى قېتىم كىرگىنىمدە، خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. بۇ قېتىم چاقچاق قىلىشمىدۇق. مەن باياقى چاقچاقنىڭ بىئارامىي ۋە يېتىپ كېلىدىغان «دوزاخ» ئازابىنىڭ ئەندىشىسى بىلەن ئۇستامنىڭ گال ئۈستىرىسىنىڭ خۇددى ياغاچنىڭ رەندىسىدەك ھەرىكەتكە چۈشۈپ، يۈزلىرىمنى «رەندىلەش»نى كۈتۈپ ياتتىم، ئۇستام يۇندىلىرىنى قولاق، بويۇنلىرىمغا ساقىشتۇرۇپ 1—2 مىنۇت ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن، كىر سوپۇنىنى كۆزۈمدىن باشقا يەرنىڭ ھەممىسىگە بۇلۇشقىچە سۈركىدى، ئاندىن كېيىن قولىغا ئۈستىرىنى ئېلىپ، ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا باغلاپ قويغان كىرلىشىپ قېتىپ كەتكەن كاپقا «پاق-پۇق» قىلىپ بىر-ئىككى قاپلىدى-دە، «بىسمىللا» دەپ ئوڭ يېنىمغا ئۆتتى. «يا خۇدا، ئۆزەڭ بار، يۈزۈمنىڭ تېرىسى شىلىنىپ كەتمىسىلا بولدى» دېدىم ئىچىمدە.

بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم، بۇ قېتىم ئۇستامنىڭ ئۈستىرىسى يۈزۈمگە تەگكىشى بىلەن ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇ ئېلىكىدە، ئۆزەمنى ئۇستامنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ مۈگدەشكە باشلىدىم... ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن-تاڭ، قۇلىقىمغا ئۇستامنىڭ سۆزلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن سۆزلىرى ئاڭلاندى.

— مانا ئەپەندىم، كەمپۈتتەك بولۇپ كەتتىلە.

ئاجايىپ ئىش، بۇرۇن چىشىمنى چىشلەپ ھەر بىر مىنۇتنى ساناپ ئۆتكۈزىدىغان يېرىم سائەتنى بۈگۈن ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئۇدۇلۇمدىكى ئەينەكتە ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بۇرۇنقى ھەر بىر تال ساقال ئورنىدىن تەپچىپ چىقىدىغان قان چېچەكلىرى كۆرۈنمەيتتى. يۈزۈممۇ ئېچىشمايتتى. بىر سائەت ئىلگىرىكى ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاغزىم يەنە چاقچاق بىلەن ئېچىلدى:

— كۈن قايىتتىن چىقتى ئۇستام؟ ئەجەپ پەيزى ئېلىۋەتتىلە، شۇنداق سىلىق.

— ھى... ھى... «تىغىڭ ئۆتكۈر بولسا، ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق».

— بۈگۈن پىچاق ئۆتكۈر دېسىلە؟

— شۇنداق، ئۈستىرىنى چاق، بىلەيدىن ئېلىپلا سەي شوجاڭنىڭ ساقىلىنى ئېلىشمىدى. مانا سىلە ئىككىنچىسى...

شۇنداق، ئۇدۇل كەپقالدىمۇ ياكى ئۆزى بىلمەي سۆزلەپ سالدىمۇ، ساتىراش ئۇستام ئۆز كۆڭلىدىكىنى دېيىتتانىدى. چۆچۈپ كەتتىم، ئۇستامنى گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇ ماڭا ناتونۇش، ئىنتايىن بىچارە ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى...

— ياخشى كەچقۇ ئۇستام، بۇندىن كېيىن مۇدىرنىڭ كەينىدىن ساقال ئالدۇرسام بولغۇدەك.

— ھى... ھى، ئەمدى...

باشتا كىشى بولسا ھەر ھالدا تەسىر قىلار ئىدى. ئەمما يۈزى «نېپىز» ئۇستام «ھى... ھى، ئەمدى...» بىلەن گەپنى تۈگەتتى.

ساتراشخانىدىن كېيىن تولىمۇ ئۈچقان ھالدا قايتىپ چىقتىم. كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق خىياللار كېزەتتى.

«ھەي ساتراش، خۇشامەت قىلمىغان ئەمدى سەن قالغانمىدىڭ؟... مۇدىر بىلەن مەن ئوخشاش ئادەممۇ؟ توغرا، ئۇ رەھبەر، مەن پۇقرا، لېكىن ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئوخشاشلا گۆشتىن پۈتكەن. مېنىڭ يۈزۈممۇ گۆش، ساقال - بۇرۇتلىرىمنى قىرىپ پاكىزە قىلىپ قويدۇڭ. بۇ نۆۋەت يۈزۈممۇ ئېچىشمىدى، بىراق ساتراش ئۇستا شۇنى بىلەمدىكىن: بۇ قېتىم مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىشتى».

# بۇلاق ساداسى

«ھاياتقا پاسكىنا بەدەن كۈچەيدىكى پاك روھ كېرەككى، ناچار بەدەن كۈچەيدىكى پاسكىنا روھنىڭ لازىمى يوق».

— ئېھتىمال ئىزدىنىش «ساكەرك سادەن»دىن.

قويۇق مەجنۇنتاللار ئارىسىدىكى پىنھان بۇلاقنىڭ يالغۇز قالىدىغان چاغلىرى تولىمۇ ئاز بولاتتى. گاھىدا ئۇنىڭغا قىزىلگۈلەرنىڭ ئوتلۇق پېچىرلاشلىرى، سۆيۈشۈشلىرى ھەمراھ بولاتتى. گاھىدا ئاچچىق پۇشايمان ياشلىرى بىلەن دەرت تۆكۈۋاتقان غۇنچە بوي قىزلار ھەمراھ بولاتتى.

بۈگۈن بۇلاق باشقىچىرەك بىر مېھماننى كۈتۈۋالدى. يوغان يىلتىزلىرى بۇلاق سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغان قېرى مەجنۇنتالغا يۆلىنىپ يىغلاۋاتقان بۇ ياش قىز تاڭ سۈزۈلمەستىنلا بۇلاق تۈۋىدە پەيدا بولغانىدى. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش خۇددى ئاشۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك تاھازىرغىچە توختىغىنى يوق، قىزنىڭ ئويما ياقىلىق نېپىز ئاق شايى كۆينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان تال-تال چاچلىرى قىزنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ، خۇددى ئۇچلىرى بۇلاق سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغان مەجنۇنتال تاللىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قىزنىڭ بۇ خىل ھالەتتە بۇلاققا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشى گويا داڭلىق رەسساملارغا مودا بولۇپ تۇرۇپ بەرگەن ھۆسن جامالدا تەڭدىشى يوق قىزلارنى ئەسلىتەتتى.

ۋاقىت مىنۇت، سائەتلەپ ئۆتمەكتە. كەچ كىرىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى. ئەتراپتىن پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىزنىڭ يىغىسى بولسا بىر خىل رىتىمدا ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىدەك توختاۋسىز داۋاملاشماقتىدى.

قىز ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى، شۇ زامان ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىمۇ بىر جۈپ ئاي پەيدا بولدى.

— ئاھ...ھا!

قىزنىڭ خىيال ئارىلاشقان كۆز يېشىغا پەس، ئەمما ئېنىق بىر پىغان قوشۇلۇپ كەتتى

× ×

— ئاھ گۈلزەپەر، سىز بەك چىرايلىق! بۈگۈن سىز تانىسىنى شۇنداق چىرايلىق ئويىنىدىڭىزكى، پاھ... ھەممىنىڭ كۆزى سىزدە قالدى...

بۇ مەردانىنىڭ تانسا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن گۈلزەپەرنى «مەسلىھە تىلىشىدىغان بىر ئىش بارىدى» دەپ، بۇلاق تۈۋىگە باشلاپ كېلىپ ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزى ئىدى. قىز بىر نېمە دەپ بولغىچە مەردان قولىنى قىزنىڭ بېلىگە ئاپىرىپ بولغانىدى.

— ئۇھ، مەردان... بۇ... مەن...

— جېنىم چىرايلىق، مەن سىزگە كۆيۈمەن... ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، گۈلزەپەر سىز بەك چىرايلىق، بولۇپمۇ كۆزلىرىڭىز خۇددى مۇشۇ بۇلاقتەك...

يىگىت يېڭىلا قىرغان ئېڭەكلىرىنى قىزنىڭ يۈزىگە، بويۇنلىرىغا كۆچەپ سۈركەندى، ئاندىن قىزنىڭ لېۋىنى بېسىپ سۆيدى، قىز تولغان كۆكسىنى ئىتتىرىپ كۈچلۈك ئۇرۇلۇۋاتقان يۈرىكىنى توختىتىشقا قادىرسىز ئىدى. يىگىتنىڭ «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن سۆزلىرى قوشۇلغان ھەر بىر جۈملە سۆزى ئۇنى خۇددى شامغا ئوخشاش ئېرىتىپ تاشلىدى...

شۇ تاپتا قىزغا يىگىتنىڭ بىلىكىدىن ئارتۇق پەي ياستۇق، يۇمران چىملىقتىن ئۆزگە ھۇزۇرلۇق ئورۇن يوقتى.

— ئاھ ...ھ

قىز بىر يېرى كۆيۈۋاتقاندەك ئىڭىراپ سالدى...

شۇندىن كېيىن ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمىدى. ئەمما ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ (يەنە بۈگۈن) ئۆزى مەردانىنىڭ «بۇلاق بېشىدا مەسلىھەتلەشكەن» قىزنىڭ مانچىنچى قېتىمقىسى ئىكەنلىكىنى سەزدى... بۇلاق بىر خىل رېتىمدا ئۇرغۇپ ئاقماقتا. مەجنۇن تاللارغا يۆلىنىپ تۇرغان قىز ئاخىرقى مىنۇتتا مۇنداق نىدا قىلدى:

— ئاھ... بۇلاق، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پاكتىم... بۇلاقنىڭ ئۈنسىز رېتىمىغا «بۇلدۇق» قىلغان بىر سادا قوشۇلدى....

— ئەي پەرى! كۆزلىرىڭنى يوغان ئاچ، ئەتراپقا باق! پاكلىق ئىنساننىڭ ئېسىل كىيىم - كېچەك ھەم زىبۇ - زىننەت بىلەن ئورالغان تېنىدە ئەمەس، بەلكى قەلبىدە!... تېنى ساغلام ئادەمنىڭ ھەممىسىدىن پاك قەلب ئىزدىگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، مەجرۇھ بەدەننىڭ ھەممىسىدە ناپاك قەلب بار دېگىلى بولمايدۇ. ساغلام بەدەن بىلەن پاك قەلب ئىككىسى ئىككى دۇنيا ...

...ياش تۆكمە قىزىم! بۇنداق ئىشلارغا كۈلۈۋەت! قاقاقلاپ كۈلۈۋەت! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ناپاك قەلبى، ناپاك تېنى بىلەن ھايۋانى تۇرمۇشىنى مېڭىپ باقسۇن، سەن پاك قەلبىڭ بىلەن ياشا!، قەلبىڭنىڭ پاكلىقىنى قوغدا!، پاك قەلب يارات!.— قىز چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى ۋە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزى ئاي نۇرىدا يالتىيۇلت قىلىپ چاقناپ ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى ئۈستىدە توختاپ قالدى...

بۇلارنى قىزنىڭ خىيالى دېگەندىن كۆرە، چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىن سۇ پۈركۈپ سۇلار بىلەن قوشۇلۇپ چىققان بۇلاق ساداسى دېگەن تۈزۈكتى...

# ئېسكى ھېكايە

ئابدۇللا جامال

## تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدىكى پاراڭ

ئاكېچاڭ بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ، ئۇيەر-بۇيەردىن پاراڭلاشقاچ تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرسىتىلىۋاتقان «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»نى كۆرۈۋاتاتتىم. قىزىقارلىق خەۋەرلەر كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئاكېچاڭنىڭ كېيىن نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن. لېكىن تېلېۋىزور ئېكرانى «شىنجاڭ خەۋەرلىرى»گە ئۆزگىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاكېچاڭنىڭ كۈلكە قەلىرى ئېچىلىپلا كەتتى. دىققىتىم ئۇنىڭ سۆزىگە مەركەزلەشتى.

— قارا، ئۇكام داۋۇت، — دېدى ئاكېچاڭ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پۈتۈنلەي پەسەيتىپ قويۇپ، — ئاۋۇ سۆزلەۋاتقان ئادەم مېنىڭ تاغام بولىدۇ. سەنمۇ تونۇيسەنغۇ دەيمەن؟

— ياق، تونۇمايدىكەنمەن.

— ھازىر ئۇ نازىر. ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىمۇ ئۇنچىلىك بىلىملىك ھەم تەجرىبىلىك ئادەملەر ئاز تېپىلىدۇ. ئىسمىنى سورىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى سەيدىنەۋۋ. ئەگەر ئاشۇ تاغام بولمىغان بولسا، مېنىڭ نېفىتلىكتە كادىر بولالىشىم، ھازىرقىدەك بىر بۆلۈمگە باشلىق بولالىشىممۇ مۇمكىن ئەمەستى. ئەنە قارا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چىمەن دوپپىلىق كىشى مېنىڭ نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىمى. قارا، ئۇلار چوڭ يىغىندا بىرى توختىسا، بىرى سۆزلەۋاتىدۇ. ئەتراپىدا ساقچىلارمۇ تۇرىدۇ، بەلكىم ساقچىلار ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتسا كېرەك. — ئۇ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بارغانسېرى ئەزۋەيلىگىلى تۇردى، — مەن ئاددىي ئادەم ئەمەس جۇمۇ، ئارقا تېرەكىم خېلىلا مۇستەھكەم. ھا...ھا...ھا...ھا......

— شۇڭا ئىسمىلىرىمۇ «ئامەت» قويۇلۇپتىكەندە؟ تۇغقانلىرىڭىزنى تېلېۋىزوردا كۆرۈۋاتىمىز. سىلىمۇ ئاددىي ئادەم ئەمەسكىن بىلىمىز، ئەتە-ئۆگۈن سىلىمۇ تېلېۋىزوردا كۆرۈنەرسىزمۇ تېخى.

مېنىڭ بۇ سۆزۈم بىلەن ئامەت كېچاڭنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— ھوي، ماڭا قارىغىنا، سەن چۆلدە نېفىت چارلاش قۇدۇقى قازىمەن دەپ ئاكتىپلىق قىلىپ، ھەممىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن ئوخشىمامسەن؟ ئۆتكەندە «8-مارت» ئاياللار بايرىمىغا بېغىشلاپ تەبرىك سۆزى قىلغانىدىم. مېنى تېلېۋىزوردا ئالاھىدە

دە كۆرسەتتى. يېڭى يىل بايرىمىدىكى زىـ
ياپەتتە قەدەھ سۆزى قىلسام، ئۆزئەينى
كۆرسەتتى. ئاخشاممۇ مەللەتلەر ئىتتىپاقـ
لىقى بويىچە ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنى توغـ
رىسىدىكى خەۋەردە ئۆزەمنى كۆرۈپ خۇشالـ
لىقىمنى باسالماي قالدىم. چۈنكى، مەللەتـ
لەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە قولغا كەلگەن
نەتىجىلەرنى سۆزلىگەنىدىم. بەزى چاغـ
لاردا سالۋا تىۋماق دېھقانلارمۇ، قوي،
كالا قوتىنىدا يېتىپ-قوپىدىغان چارۋىچىـ
لارمۇ تېلېۋىزورغا چىقىدۇ. لېكىن، ئۇلار
بەربىر پۇقرا، بىز دېگەن......ئۇكام
داۋۇت، سەن ئىشچى بولساڭمۇ، سېنىڭ پەملىك
بار، «نەمۇنىچى» دېگەن نامىڭ بار: مېنىڭ
سېنى كادىرلىققا ئۆستۈرۈش دېگەن ئارـ
زۇيۇممۇ بار. چۈنكى سەن مېنىڭ يۇرتـ
داشىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە نازىر تاغام بىلەن
ھاكىم ئاكىلارمۇ سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى
قىلىدۇ.- گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈۋەتـ
كىلى تاسلا قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ نازىر،
ھاكىم تاغىلىرى مېنى تونۇمايدۇ-دە،-
سەن مېنى يوقلاپ كەلمىسەڭمۇ، مېنىڭ سېـ
نى ئۆيۈمگە مېھمانغا چاقىرىشىم شۇنى مەقـ
سەت قىلغان. ئەگەر ئالدىنقى سەپتىن قايـ
تىپ كېلەي دېسەڭ، ئىشنى ئۆزەم توغـ
رىلايمەن. سەندىن كەتسە 1-2 قوي ياكى
بىرەر پارچە گىلەم كېتەر. ئۇنىڭ كارى
چاغلىق، بىر ئايغا قالماي يىلا سېنى قايـ
تۇرۇپ كېلىمەن. بۈگۈن بازىغا ئىشچىـ
خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ
كېلىپسەن، ئالدىڭغا ئالاھىدە باردىم. قالـ
دىسىنى ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر. ساڭا قويۇدىـ
غان بىرلا شەرت: سەن يۆتكىلىپ كەلـ
گەندىن كېيىن، چوقۇم مېنىڭ سىزغان سىـ
زىقىمدىن چىقمايسەن. سەن ماڭا يۆلەنـ
سەڭ، مەن سېنى يۆلىسەم، قانداق ياخشىـ
ھە؟! ئۆسۈشىڭمۇ تېز بولىدۇ.

مېنىڭ كۆڭلۈم قىستىدى. چۈنكى، مەن
ئامەت كېچاكىنىڭ ياردىمىسىزمۇ يېقىندىلا
دۆيىمىزنىڭ دۆيجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىـ
دىم. ئامەت كېچاك پولتىيىپ چىققان كۆزـ
لىرىنى سۈيۈق ئاشنىڭ ئۈستىدىكى مايدەك
پارقىرىتىپ، ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن
تىكىلدى. مەن زورغا كۈلۈمسىرىدىم:

— سىلىگە مېھمان بولۇش، سىلى بىلەن
بىللە تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ ئۆزى مەندەك
بىر ئاددىي ئىشچى ئۈچۈن چەكسىز بەخت،
ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. مەن بۇرـ
غىلاش دۆيىگە كۆنۈپ قاپتىمەن. شۇڭا بۇ
توغرىدا ئاۋارە بولمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن
سىلىنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىمەن.

ئامەت كېچاك بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. ئۇ
مەندىن رەنجىدى بولغاي، گېلىنى قىرىپ
قويۇپ، جىم بولۇپ قالدى. مەن ئۆز پىكـ
رىمدە چىڭ تۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ
كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زورغا چاقچاق
قىلدىم. شۇندىلا ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ
گەپ قىلىشقا تەمشەلدى. بىراق، تېلېۋىـ
زوردىكى كۆرۈنۈش ئۇنى سۆزلەشتىن توختـ
تاتتى. چۈنكى، بىر توپ كىشىلەر ئالدىدا
ئۇنىڭ نازىر تاغىسى بىلەن ھاكىم ئاكىـ
سىنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىنغانىدى.

— بۇ...قا......قا...نداق گەپ ؟- ئامەت كېـ
چاك توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتىـ
دە، لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇ تېلېۋىزورـ
نى ئۆچۈرۈشكە تەمشەلدى-يۇ، ئىختىيارسىز
ئولتۇرۇپ قالدى. چۈنكى بۇ چاغدا، ئېكـ
راندا «رەنانىڭ تويى» باشلانغانىدى.

1988-يىل، 1-مارت، پوسكام نېفىتلىكى.

# مەنسەپنىڭ كارامىتى

كۆز پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدى. ئۇن پونكىتىدىن ئالتە خالتا ئۇن ئېلىپ قاتناش ساقلاپ تۇرغىنىمغا خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردىن بىرەر تونۇش شوپۇرنىڭ ماشىنىسى تۇگۈل، ئېشەك هارۋىسىمۇ ئۆتمىدى. شۇڭا مەن تازا جىلى بولۇپ، ئۇنغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىرەر ماشىنا ياكى ئېشەك هارۋىسى ئۇ قوشۇپ قويمىغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم.

«بىكار چاغدا ماشىنىدىن تولا نېمە يوق، ئەمدىچۇ؟». خىيالىم بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن «ئازاد» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل سىگنال بەرگىنىچە پونكىت ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مەن شوپۇر بىلەن تونۇشمىسامۇ، ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىدىم:

— ئۇستام، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئېغىر كۆرمەي مۇشۇ ئازغىنا ئۇنۇمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرگەن بولسىلا، سىلىدىن كۆپ خۇرسەنت بولسام...

شوپۇر سۆزۈمگە جاۋابەن بىر نېمە دېمەكچى بولدى- يۇ، سەل تېگىرقاپ گەپ قىلمايلا ئۇن پونكىتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تېگىرقاپ قېلىشىدىن«بەلكىم گېپىمنى تولۇق ئاڭلىيالمىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇن پونكىتىدىن تېزرەك قايتىپ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم.

ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە، شوپۇر ئۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى ۋە يېنىمدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ما- شىنىسى تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنىڭ تەل مىتىدىن قورۇنۇش هېس قىلغان بولسامۇ، ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ۋە پۇر- سەتنى غەنىمەت بىلىپ باياتقى سۆزۈمنى قايتا تەكرارلىدىم:

— ئۇستام،ماۋۇ ئالتە خالتە ئۇ- نۇمنى ...

شوپۇر گېپىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا كۈتكىنىمنىڭ تامامەن ئەكسىچە چېقىر كۆ زىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ هېلىدە قېقىقب رى، ئادەمگە ئەجەب بۇدۇقشاقتەك چاپلى شىۋالدىيا، مەن بىر كىمنىڭ مالىيى ئەمەس دۆلەتنىڭ شوپۇرى...

مەن ئۇزۇنتۇرا كەلگەن 40 ياشلاردى كى بۇ چېتىر كۆز شوپۇرنىڭ بۇنداق قو پال مۇئامىلىسىگە زادىلا چىداپ تۇرال مىدىم، شۇڭا ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قايناپ سالدىم:

— قېرىنى ئاپىڭىزدىن سوراڭ. مە سىزگە چاپلىشىۋالىدىغان بۇدۇقشاق ئە مەس. سىز دۆلەتنىڭ شوپۇرى بولسىڭىز مەنمۇ دۆلەتنىڭ كادىرى...

شۇ ئارىلىقتا كىمدۇر بىرسى شوپۇر نىڭ يېنىغا كېلىپ: «روزى شوپۇر، بۇ ئا يال هېلىقى ئىدارە پارتكومىمىزدىكى ئەينىدىن شۇجىنىڭ ئايالى بولىدۇ» دې پىچىرلىدى.

شوپۇر «ئەينىدىن شۇجىنىڭ ئايالى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ دەرهال يولدىشىمنى ماختىغىلى تۇردى، - ئەينىدىن شۇجى قال تىس ئادەم. ئۇ ماڭىمۇ كۆپ ياخشىلى قىلغان. ئەستا، باياتىن ئۇقۇشماسلى

بوپتۇ. مەن... مەن، مېنى كەچۈرسىلە. مەن ئەينىدىن شۇجىغا بەك ئامراق... — ئۇ دۇدۇقلاپ سۆزلىگىنىچە كۆزىنى قىسىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە پايپېتەك بولۇپ، ئۇنۇمسىنى ماشىنىسىغا بېسىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەردى ھەمدە ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي كېگىمىز-كىلەملىرىمنى قېقىپ، ئەسلىدىكى ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن يەنە شىددەتلىكى بىلەن ھويلا - ئاراملارغا سۇ سېپىپ بولۇپ، مەن بىلەن خوشلاشمايلا غىپپىدە تىكىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ھەيران قالدىم. «توۋا، يولدىشىم شۇجى بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەنسەپنىڭ كارامىتىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدىكەن - ھە؟». مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمچە بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ قالدىم.

1988 - يىل، ئاپرېل، پوسكام نېفىتلىكى.

# يېلىنىش

## جېلىل مۇھەممەت

(ھېكايە)

بۆلۈم باشلىقىغا يېرىم سائەتتىن بېرى يېلىنىپ ئولتۇرغان قەييۇم سوجاڭ ئەمدى يېلىنىش ئورنىغا تەھدىت بىلەن ئىش كۆرۈش باسقۇچىغا ئۆتتى.

— سىزگە ياخشى گەپ ياقمايدىغان ئوخشايدۇ، بىلىپ قويۇڭ: مەنمۇ خېلى ئىشلاردا ئۆز كۈچۈمنى جارى قىلدۇرالايمەن. سىز بالامنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلمىدىڭىز، ئەگەر باشقا بىرەر جايدىن ئىشقا ئېلىندۇرسام، ئۇچاغدا سىز بۇ قىلغان ئىشىڭىزغا خېلى ئوبدان پۇشايمان قىلىسىز، — دېگىنىچە قەييۇم سوجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بۆلۈم باشلىقى يەنە سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئورۇنلاشتۇرۇشقۇ ئادەتتىكى بىر ئىش، بىراق بىز ئاشۇ جاپاكەش دېھقاننىڭ شادلىقىنى قايغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويساق ياخشى بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېھقان ئاكىمىز ئاللىقاچان ئوغلىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە كىرىپ كەتتى، — دەپ تۇراتتى، بۆلۈم ئىشىكى يېنىك چېكىلدى.

بۆلۈم باشلىقىنىڭ رۇخسىتى بىلەن 50 ياشلار چامىسىدىكى ئاددىي كىيىنگەن بىر دېھقان كىرىپ كەلدى.

بۇ كۈتۈلمىگەندە كىرىپ كەلگەن دېھقاننى كۆرگەن قەييۇم سوجاڭ بىر ئاقىرىپ، بىر قارىيىپ، ئاران دېگەندە ئولتۇردى.

ئەسلىدە بۇ دېھقان قەييۇم سوجاڭنىڭ يېزىسىدىكى قوشنىسى بولۇپ، قەييۇم سوجاڭ بايا تىن بېرى بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ كادىرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بالىسىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جېدەللىشىپ ئولتۇراتتى، ئەمدى بۇ دېھقاننىڭ كىرىپ قېلىشى ئۇنى تېخىمۇ ئوڭايسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

بۆلۈم باشلىقى كىرگەن دېھقاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، چاي تۇتقاچ،

— قانداق ئاكا، رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولالمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر كۈن ئىچىدىلا بېجىرىپ بولدۇم، ھازىرقى كادىرلار بەكمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، — دېدى مىننەتدار بولغان دېھقان، ئاندىن — بىز يېزىدا بولغاچقا شەھەرگە كىرىش تەس تۇرىدىكەن، شۇڭا ئوغلۇم قاچان ئىشقا چىقىدىكەن، شۇنى بىلگەچ ياناي دەپ كىرىشىم، — دەپ بۆلۈم باشلىقىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئوغلىڭىز كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ ئىشقا چىقسا بولىدۇ. كونكرېتنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىمىز، — دېدى بۆلۈم باشلىقى تەمكىن ھالدا. دېھقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شادلىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتى.

دېھقاننى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن بۆ لۈم باشلىقى قەييۇم سوجاڭدىكى ئۆزگىرىش نى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكا چاي ئەكىلىپ قويدى. قەييۇم سوجاڭمۇ جايىدا ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ پايدىسى قالمىغا لىقىنى پەملىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرغا

— سىزمۇ بۇ قېتىم ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسە تىڭىز، ماڭىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالار، شۇ سەھرال نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ سىزگە؟ ئۇنى كۆرەر تېخى، — دېگىنىچە سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا قا ماڭغاندا، بۆلۈم باشلىقى ئۈستىدىن ئې بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىك نەپەس ئالدى.

# تاغ باغرىدىكى گۈلزارلىق

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئالتۇنگۈل مۇھەممەتكېرەم

مەن بۇ يىل يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئايرىلغىلى يېرىم يىل بولغان تاغلىق يېزامغا قاراپ يولغا چىقتىم. ئۆيگە بېرىشىمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ، بىلمەيمەن — نېمە ئۈچۈندۇر بارغانسېرى ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم.

ماشىنا ناھىيە بازىرىدىن يۈرۈپ دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ بەش يۈز مېترغا يېقىن ئېگىز بولغان كوئېنلۇن تېغىغا قاراپ يىلان باغرى تاشيول بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. مانا ئېگىز — ئېگىز ھەيۋەتلىك تاغلار، تىك قىيالار، يول بويى قار — مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئاپئاق چوققىلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۈگۈن ھ سەل تۇتۇق بولغاچقا ئېگىزلىكلەرنى، دىرلىق باغرىدىكى بۈك-باراقسان دە لەرنى ئاپئاق شايىغا ئوخشاش بىر قە تۇمان قاپلىغانىدى.

مەن كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كە يېزامنى ئېنىقراق كۆرۈش ئۈچۈن، ما دېرىزىسىدىن بېشىمنى چىقاردىم. چىقار يۇ، ئەندىكىپ كەتتىم. مۇزدەك سو يامغۇر بىلەن — كۆزلىرىمگە ئۇرۇلۇ بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا چاچلىرىمنى، يۈ رىمنى ھازىرلا يۇيۇنغاندەك ھۆل قىلىۋە دەسلەپتە سەل چۆچىگەن بولسامۇ، ل

...ەھەرلىنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدىن تازا زېرىكـ
...ەن بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇرنۇمغا ئۇرۇلـ
...ان ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ پۇرىقى بىلەن
...ەم ھاۋا قوشۇلۇپ، يېزامنىڭ سالقىن
...اۋالىق باغلىرىنى ئەسلەتتى.

بارا-بارا كەنت ئىچىگە كىردۇق. ئېگىز-
...ېگىز تېرەكلىك يوللار، جىگدىلىك باغلار،
...ۈپـۈزۈك تاغ سۈيى شارقىراپ ئويناقـ
...ىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ، ئېگىز-پەس ئې-
...ىزلىقلار، ئېتىزلىقلاردىكى ئادەمنىڭ ھەۋە-
...ى كەلگۈدەك بولۇق زىرائەتلەر، قاتار
...ەتكەن ئۆيلەر، تىنچ كۆل سۈيى، كـۆل
...ويىدىكى يېشىل ـــ مەخمالدەك چىمەن.....
...اڭا شۇنداق گۈزەل كۆرۈندىكى، ئىلگىرى
...ۆرۈپ ـ باقمىغاندەك ئـاغزىمنى ئېچىپلا
...الدىم.

ئاتا-ئانام، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بىلەن
...ىزغىن كۆرۈشتۈم. ئۇلار مېنى خۇشچىراي،
...ىللىق مېھرى بىلەن قىستا، ئەمما كۆڭۈلـ
...ى سۆيۈندۈرىدىغان ھاردۇق سوراش سۆز-
...ىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. مەن ھـاردۇق
...ېيى ئىچىپ، بىر پەس ئارام ئېلىۋالغانـ
...ىن كېيىن ھويلا ئالدىغا چىقىپ ئىختىـ
...ـارسىز يىراق-يېقىنغا نـەزەر سېلىشقا
...شلىدىم.

تۆت ئەتراپى ئېگىز-پەس تاغلار بىلەن
...پلانغان بۇ تاغلىق كەنت ياز كۈنلىرى
...قىـقەتەن گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ھەر قانـ
...دىمىق بولغان شارائىتتىمۇ تاغ تەرەپـ
...ن كەلگەن سالقىن شامال كىشىنىڭ يۈز-
...زىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، جانغا ھۇزۇر بېـ
...شلايدۇ. بۇ يىل ياغمۇر ئۆتكەن يىللارـ
...كىگە قارىغاندا كۆپ ياغقاچقا، ياغمۇرـ
...ىڭ سۈيى بىلەن ئىدىرلىقلار، جىرالار
...ېشىل ھەم يۇمشاق ئوت-چۆپلەر بـىلەن

قاپلانغان، ھەممىلا نەرسە گۈزەل، ھەممىلا
نەرسە يېقىملىق، ھەممىلا نەرسە يېڭى.

تۆت كۈندىن كېيىن دادام يايلاق تەكـ
شۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن يولغا چىقتى.
ئېگىز دۆڭلەرگە چىقىپ يېزىنىڭ گـۈزەل
مەنزىرىسىدىن قانغىدەك ھۇزۇرلىنىش ئۈـ
چۈن، دادامدىن مېنىمۇ ئېلىپ چىقىشنى
ئۆتۈندۈم. دادام باشتا سـەل نـارازى
بولغان بولسىمۇ، كېيىن ماقۇل بولدى. بىز
يولغا چىقتۇق. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە،
يايلاقتا ھەر خىل دورا ئـۆسۈمـلۈكلىرى
ئۆسىدىكەن.

كەنت ئىچىدىن يوقىرى ئـۆرلىگەنسېرى
ئۆزەمنى شۇنچە روھلۇق سېزىشكە باشلىدىم.
ئەگەر كەينىمىزگە قايرىلىپ قـارىسىڭىز،
تاغلىق كەنت سۈس تومان ئىچىدە يىراقـ
تىن كۆرۈنگەن كىچىك باققىلا ئوخشايدۇ.
يۇرتۇمنىڭ بۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى
بۇرۇن ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. گۈزەل،
نەپىس ئىشلەنگەن بىر سۈرەت كـۆز ئالـ
دىمدا نامايەن بولدى.

پاھ! بۇ يايلاقنىڭ گۈزەللىكچۇ تېخى!
يـاپېيشـىل بىر دۇنيا، ياپېيشىل دۇنياـ
دا يايلاۋاتقان ئاپئاق قـويلار، سـېمىز
كالىلار، مەغرۇر قوتازلار، شوخ يىلقىلار...
كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشـ
لىرىمۇ كىشىگە بۇ گۈزەل مـاكاندا يېقىمـ
لىق ناخشا بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

خۇددى كىچىك بالىدەك سەكرىدىم، ناخـ
شا ئېيتتىم، دادام مېنىڭ بـۇ بالىلارچە
قىلىقلىرىمغا زوقلىنىپ كۈلۈپ قويدى.

ئوت-چۆپلەر بولۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن.
ئەگەر پۇتىڭىزنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئاۋايـ
لاپ دەسسەپ ماڭمىسىڭىز، ئـوت-چۆپلەرگە
چىرمىشىپ يىقىلىسىز، ئوتلار ئارىسىغا چۆـ

كۆپلا كېتىمىز. بۇ مەزگىلدە ھەر خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. ئاق، سۆسۈن، قىزىل، سېرىق گۈللەر ئۆزگىچە خۇش پۇراقلىرى، گۈزەل رەڭگى بىلەن ئالاھىدە مەغرۇر، ئالاھىدە جەزبىدار!...

مەن يۇرتۇمنىڭ تەبىئى گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغىچە ھۇزۇرلاندىم. يوللىرىدا ماڭدىم، سۇلىرىنى كەچتىم، يايلاقلىرىغا چىقتىم. يۇرتۇمنىڭ ھەققەتەن تاغ باغرىدىكى گۈلزارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئېخ، يۇرتۇم! سەن ھەققەتەن گۈزەلسەن! مەن سېنىڭ پەرزەنتىڭ! پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى چوقۇم ئاقلاپ، تۇپرىقىڭدا مۆئىڭگە ھۆسىن قاتقۇچى بىر تال گۈل بولۇپ قالىمەن.

# دولقۇنلا يۈرۈڭقاش دەرياسى

## تاھىرجان رەجەپ

مەن — يۈرۈڭقاش دەرياسى دەپ سېنىڭ نامىڭنى تىلىمغا ئالغىنىمدا، سېنىڭ نامىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەل ئىچىدە مەشھۇرلۇقى يادىمدىن كېچىدۇ.

سەن شوخ، ئويناق ئۆركەشلىرىڭ بىلەن يېڭى زامانىمىز بەختىيارلىقىنى كۈيلەۋاتىسەن. سەندىن ھامان پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ، ئارزۇ - ئۈمىد، ئىنتىلىش ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

يۈرۈڭقاش دەرياسى، سېنىڭ زۇمرەتتەك سۈيىڭدىن قانغان ئورمان بەلباغلىرى سېنىڭ ساخاۋىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇماقتا. سۈزۈك قاشتېشى، ئېسىل يىپەكلىرىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ، سېنى بىر كۆرۈش تەشنالىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا. سېنىڭ قوينۇڭدا تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىزارلىقلار بار. بۇلار سېنىڭ قوينۇڭنى جەننەتكە ئوخشاش بېزەپ تۇرماقتا. ئېخ يۈرۈڭقاش، بۇ خىسلىتىڭنى كىممۇ كۈيلەپ تۈگىتەلىسۇن؟!

ئېخ يۈرۈڭقاش، نۇرغۇنلىغان بۈيۈك كىشىلەرنى ئىللىق قوينۇڭدا ئۆستۈردۈڭ. ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى ئۆزەڭنىڭ ئابى ھايات سۈيۈڭ بىلەن قاندۇرۇپ، ئۇخچۇپ تۇرغان قەلبىگە ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنلىرىڭ بىلەن ئىلھام بېرىپ، ئىجادكارلارنى، تۆھپىكارلارنى، قەھرىمانلارنى بارلىققا كەلتۈردۈڭ.

مەن ھەر قېتىم سېنىڭ بويۇڭغا كېلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا، سېنىڭ دولقۇنلىرىڭ كۆتۈرۈلۈپ شاۋقۇن ھاسىل قىلغىنىدا، سەن بەختىيار ھاياتىڭ ئەھمىيەتلىك كۈنلىرىنى قوشاق قېتىپ جاراڭلىق دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك يۈرىكىمگە ھۇزۇر بېغىشلايسەن. مەن، سېنىڭ ئۆركەشلىمەك دولقۇنلىرىڭغا قاراپ ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولۇپ، جاسارەت بىلەن سەندەك دولقۇنلۇق، غەيرەتلىك، خىسلەتكە ئىگە بولۇشنى ئىنتىلىمەن.

ئېخ! يۈرۈڭقاش دەرياسى، سەن ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىل، مەن سېنى داۋاملىق كۈيلەيمەن. سېنىڭ توختاۋسىز ئۆركەشلىرىڭگە، دولقۇنلىرىڭغا قېتىلىپ كېتىمەن.



يولداش رىزۋانگۈل ھۆسەيىن 1962- يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1979- يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1983- يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئاپتورنىڭ 1983- يىلى ۋە 1986- يىلى نەشر قىلىنغان «ئانىلار قەلبى»، «بۇلبۇللار نەزمىسى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىغا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# قەلبىم مېنىڭ گۈزەل بىر باھار

رىزۋانگۈل ھۆسەيىن

## كەلدىم

يىپەك يۇرتى بۈگۈن سېنى كۆرەي دەپ كەلدىم،
خىسلىتىڭنىڭ سىرلىرىنى بىلەي دەپ كەلدىم.
داڭلىق گىلەم، ئەتلەس، يىپەك، قاشتاشلىرىڭنى،
شېئىر قىلىپ مىسرالارغا تىزاي دەپ كەلدىم.

چېۋەر قوللۇق يىپەكچى ھەم خالۋاپ دوستلارغا،
ھۆرمەت بىلەن گۈل دەستىلەر تۇتاي دەپ كەلدىم.
قىزىلگۈل-لالەر بىخلار سۈرۈپ خۇش پۇراق چاچقان،
باغلىرىڭغا بۇلبۇل بولۇپ قوناي دەپ كەلدىم.

ساپ ھاۋالىق يۈرۈڭقاشنىڭ ۋادىسىدىكى،
چىمەنزارنى سەيلە قىلىپ كېزەي دەپ كەلدىم.
تۈرۈپ يەڭنى شېرىن بولۇپ سەپنىڭ ئالدىدا،
كانلىرىڭدىن گۆھەرلەرنى قازاي دەپ كەلدىم.

سەندە ياشناپ، سەندە كۈلگەن ئۆمۈر غۇنچە مېنىڭ،
باھارىڭنى ساڭا تەقدىم قىلاي دەپ كەلدىم.

# ئاشىدۇ ھۆرمىتىم ئۇستازىم ساڭا

ئالغاندا ھەر قېتىم نامىڭنى تىلغا،
ھۆرمىتىم ئاشىدۇ ئۇستازىم ساڭا.
ئۆستۈردۈڭ كۆيۈنۈپ مىڭلاپ كۆچەتنى،
بوپ گويا مېھرىبان مۇقەددەس ئانا.

ئەجرىڭدىن يېتىلگەن كۆچەتلەر بۈگۈن،
مېۋىلەر بېرىشچۈن ئاچتى گۈل- چېچەك.
چاقنىغاچ چېچەكتە كۈمۈش تەرلىرىڭ،
مەھلىيا بولىدۇ ئاڭا ھەر يۈرەك.

چاچلىرىڭ ئاقارغان گويا پاختىدەك،
ۋە لېكىن ئۇرغۇيدۇ سەندە جاسارەت.
ئۆتكۈزدۈڭ ئۆمرىڭنى ئەلگە بېغىشلاپ،
بولغاچقا سېنىڭدە ئۇلۇغۋار خىسلەت.

ئەي ئۇستاز نامىڭنى ئالسام تىلىمغا،
سېزىمەن تېنىمدە ئىللىق بىر ئېقىم.
كۈيلىسەم تۆھپەڭنى يۈرەك قېتىمدىن؛
شادلىقتا ئۇخچۇيدۇ تومۇردا قېنىم.

# تۇتىمەن شەربەت

چىقسام مەن ھەر قېتىم مۇنبەر ئۈستىگە،
تىكىلەر ھۆرمەتتە قانچىلاپ كۆزلەر.
دىلىمغا يېقىملىق تۇيغۇ سالىدۇ،
غۇنچىدەك قىپقىزىل خۇشچىچەم يۈزلەر.

ھاياجان ئىلىمگە چۆمەر ۋۇجۇدۇم،
«ئۇستازىم ـ باغۋىنىم» دېگەن شۇ سۆزدىن.
كۆرىمەن بىلىمگە تەشنا قەلبىنى:
ئۈمىدلىك تەلپۈنگەن نۇرانە يۈزدىن.

تاپشۇرۇق تەكشۈرسەم چىراق نۇرىدا،
ئون ئىككى رەقەمنى كۆرسىتەر سائەت.
شۇندىمۇ چارچاشنىڭ ئورنىغا شۇ چاغ،
سېزىمەن ئۆزەمدە شادلىق ۋە راھەت.

چۈنكى، شۇ ئۈمىدلىك تىكىلگەن كۆزلەر،
بەخش ئېتەر ماڭا زور غەيرەت- جاسارەت.
شۇڭلاشقا تۇتىمەن ئەجىر جامىدا،
شۇ تەشنا دىللارغا بىلىمدىن شەربەت.

# قەلبىم مېنىڭ گۈزەل بىر باھار

كەلگەچ باھار يېشىل تون كېيىپ،
«خەير» دېدى ئاق لىباسلىق قىش.
قۇياش كۈلۈپ تۆككەچ نۇرىنى،
دېرىزىدىن ئېرىدى نەقىش.

بۇلاقلارمۇ كۆزىنى ئېچىپ،
زەپ يېقىملىق ناخشا باشلىدى.
مەجنۇن تالمۇ چېچىنى تاراپ،
سۇ بويىغا سايە تاشلىدى.

باغ ئېتىدىن بوينىنى سوزۇپ،
قاراشتى شۇ ھالرەڭ گۈل- چېچەك.
كۆرىنىدۇ تويغا ماڭغاندەك،
بىر توپ جۇۋان ئارتىشىپ لېچەك.

كۆزىڭىزنى قاماشتۇرىدۇ،
تەبىئەتنىڭ كۆركەم چىرايى.
ئەپسۇس باھار تولىمۇ قىسقا،
خوشلىشىدۇ پۈتسە قارايى.

بىراق مېنىڭ قەلبىم بىر باھار،
تۆت پەسىلدە تۇرىدۇ ئوخشاش.

ئۇندا ئۆسكەن ئۈمىد گۈللىرىم،
بەرق ئۇرار بوپ گويا ئوتتاش.

## باھار بىلەن قوزغالغان تۇيغۇ

ئۇيقۇسىنى ئېچىپ تەبىئەت،
كۆتۈرگەندە گىيا يەردىن باش.
قېن - قېنىغا پاتمىغان كۆكمۇ،
شادلىقىدىن تۆككىنىدە ياش؛

باغۋارانىدا ئالما، ئۆرۈكلەر،
چېچەكلىگە قىسقاندا غۇنچە؛
باغۋەنلەرمۇ ماڭلاي تەرىدىن،
غۇنچىلارغا تاققاندا ئۇنچە؛

قاپلاپ كېتەر بىر يېقىملىق كۈي،
شۇ دالانى ئاشۇ باغلارنى.
ياشانغانلار شۇ ناخشا بىلەن،
ئەسكە ئالار ياشلىق چاغلارنى.

ياش قىزلارنىڭ قۇلاقلىرىغا،
كىرسە ناخشا قاشادىن ھالقىپ.
توختاپ قالار قوللىرى ئىشتىن،
كېتەر قەلب كۆلى داۋالغۇپ.

ئاشۇ ناخشا ئەكس ئەتسە ھەم،
يىگىتلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە.

ئەتتىگە كېچە تۈنۈلۈپ كۈندۈز،
چېچىشىدۇ بۇلاق تۈۋىگە.

ھەيران بولۇپ ئاخىرى بىر كۈن،
سورىدىممەن باھاردىن سوئال:
«سېنىڭ بىلەن باشلىنار نېچۈن،
باغدا ناخشا، دىللاردا خىيال؟».

جاۋاب بېرىپ سۆزۈمگە باھار،
دېدى: «ئەي قىز ئەستە تۇتقەر چاغ.
ياشلىقىڭغا قويغاندا قەدەم،
سەنمۇ ناخشا ئېيتىسەن شۇ چاغ.

شۇڭلاشقا مەن كېلىمەن ھەر يىل،
تەبىئەتكە خۇشچىراي بېرىپ.
قىز - يىگىتنىڭ يۈرەك باغرىغا،
چىن سۆيگۈنىڭ ئوتىنى يېقىپ».

ئاڭلاپ باھار سۆزىنى شۇ دەم،
يۈرىكىمدە سەزدىم بىر تۇيغۇ.
باھار بىلەن ياڭرىغان ناخشا،
بەرمەس بولدى ماڭىمۇ ئۇيقۇ.

## تىرىلگەن ۋالاقتەككۈرۈپ

(مەرھۇم ئۇستازىم تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ شۇ ناملىق ھەجۋىي شېئىرىغا تەقلىد)

بىلىمىز: ئۆلگەنتى ۋالاقتەككۈرۈپ،
ھەم ئۇنى خۇش كەيىپ ئۈزىتىپ قويغان.
زامانە چېھرىگە يېگىرۈپ كۆلكە،
يېڭى بىر ھاياتقا قەدەممۇ قويغان.

ۋەلېكىن دوستلىرىم، ئىدارىمىزدا -
تىرىلدى يېڭىدىن ۋالاقتەككۈرۈپ.
بىلمەكچى بولساڭلار ئەگەردە ئۇنى،
ئىشخانا مەسئۇلى، ئىسمى ئاسىموپ.

ئاسەوپ كېلىدۇ ئىشىغا نىسىغا،
ھەپتىنىڭ بېرىدە ھەممىدىن سەھەر.
ئارقىدىن كىرگەنلەر كېچىككەن ھېساب،
سانجىيدۇ دەرھال زەھەرلىك نەشتەر.

ھەپتىنىڭ ئىككىسى ھەممىدىن كېيىن،
كېلىدۇ تەييارلاپ بىر توقاي پاراڭ.
كېچىكىش سەۋەبىن سۆزلەپ تۆت سائەت،
قىلىدۇ ھەممىنىڭ بېشىنى گاراڭ.

شۇنداق قىپ ئاسەوپ ئۆتكۈزەر كۈننى،
ھېچ ئىشنى چىقارماي ۋۇجۇتقا پۈتۈن.
نەدە بار سۆزلەشكە ئەپلىك سورۇن دەپ،
يۈرىدۇ ھەمىشە ماراپ ئۇ تۈتۈن.

ئالدىراش ماڭسىمەن ئەگەر بىر يەرگە،
گەر ئۇچراپ قالسا ئۇ قاتىدۇ بېشىڭ.
چۈنكى مۇرەڭگە ئۇرىدۇ پاق- پاق،
سۆزلەيدۇ كەچكىچە، ئۆلىدۇ ئىشىڭ.

چىققانىكەن بىر كۈنى قوشنىسى ئۆيىدىن،
ئۇچراپتۇ دەل شۇ چاغ ئاسەوپ ئاكا.
بۇرناكۈن ئېچىلىپ بولغان يىغىننى،
ئېچىپتۇ بۇ يەردە قايتىدىن يەنە.

تاقىتى تاق بولغان قوشنىسى شۇ چاغ،
تىت - تىت بوپ زادىلا تۇزالماي قاپتۇ.
قازانغا قويۇلغان مايىنىڭ پۇرىقى،
كۆڭلىگە خىلمۇ- خىل ئەندىشە ساپتۇ.

ئۇ ئۆيىدىن چىقىپتۇ ئەنسىز بىر چۇقان،
ئاشۇ دەم ماي قىزىپ كەتكەن ئىكەن ئوت.
بالىسى ئۆچەرمەك بولۇپتۇ ئوتنى،
ۋە لېكىن ئوت ئۆچمەي كۆيۈپ قاپتۇ پۈت.

قاغىشلار يېغىپتۇ ئۇنىڭغا شۇ چاغ،
(بۇ سۆزمەن ھۆل خىشقا دەسسەتكەنلەردىن).
غەم تارتماي دەپتۇ ئۇ: «چاققا ئىلىق كىرەلە،
مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغىلار ئالدىن».

رەھمەتلىك تۇغقىنى ۋالاقتەككۇرۇپ،
بۇ «خىسلەت» مىراس بوپقالغان ئىكەن ئاڭا.
ئاسەوپ «كاس-كاس» دەپ ئالغانغۇ لەقەم،
لەقەمنىڭ ئۈستىگە قوشۇپ ئۇ يەنە.

كار قىلماس ئۇنىڭغا تەربىيە - تەنقىد،
سانايدۇ ئۆزىنى جاھاندا بىرلا.
ئەجەپقۇ قالغىنى ئۇنىڭ تىرىلىپ،
نە ئىلاج دېمەكتىن خۇداغا تۈۋا!

# ئىككى شېئىر

مۇھەممەتئىمىن مۇھەممەتتۇرسۇن

## ئىسسەت ياشلىقىم

خۇش چىراي باقىمەن ئەينەككە، لېكىن،
تېگىرقاپ بىر ھازا تۇرۇپ قالىمەن.
ئىگىمكىم ئۈستۈنى باسقان ساقالدىن،
ئىزىمغا قارايمەن، غەمگە پاتىمەن.

ئاھ، كەتتى ياشلىقىم، كەتتى بىھۇدە،
شۇنچە كۆپ ماڭسام قالماپتۇ ئىزىم.
غۇرۇرۇم پۇشايمان، ھەسرەت ئىلكىدە،
خەلقىمنىڭ ئالدىدا ئېگىلدى بېشىم.

ياشاندىم چېكەمگە قوندى قىروۋلار،
ئۆششۈگەن گۈلگىلا ئوخشايدۇ چېھرىم.
قىلسامۇ ئاللاغا قانچە ئىلتىجا،
كەلمەسكەن قايتىپ شۇ گۈزەل ياشلىقىم.

## خەلقىمگە

سەن گويا قارىغاي، قەھرىمان خەلقىم،
بولمايسەن دالىمدىن دەقىقە نېرى.
ھۆرمىتىڭ ئاشىدۇ قەلبىمگە ھامان،
ئىگىلمەس روھىڭنى ئەسلىگە نېرى.
سەن گويا قارىغاي، مەن بىر ياپرىقىڭ،
يېتىلدىم تاۋلىنىپ ئىسسىق-سوغۇقتا.
ياشايمەن سەن بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ،
تا ئەبەت ياپېشىل، سولاشماي جۇتتا.

## شېئىرلار

ئېزىز ئابدۇللا

## ھايات-مۇھەببەت

ۋاپا، ئەخلاق، ۋىجدان، ساداقەت.
ھايات-ئۆمۈر، سۆيگۈ لەززىتى.
ھايا، نومۇس، سەممىي، پاكلىق،
مۇھەببەتنىڭ كۆركى — زىننىتى.
گەر بۇلاردىن چەتنىسە قەلب،
كۆڭۈللەردىن يوقىلىپ ئاقلىق؛
ئارزۇ-ئىستەك گۈللىرى توزۇپ،
ئىسكەنجىگە ئالار دىشۋارلىق.

## ئۇستاز

سىڭگىنسىز ئىلىم-پەن ھېكمىتى،
چاقنىماس، تۇرالماس نۇر-زىيا.
ئەجرىڭىزسىز ياشىماس، گۈللىمەس،
مەرىپەت بېغى ھەم بۇ دۇنيا.

## تەسادىپ سۆيگۈ

گۈل بەرگىدەك رەڭدار، يۇمران لىۋىڭگە،
لەۋ ياقالىدىم كېچە كۆرگەن چۈشۈمدە.
تاڭ ئاتقاندا دىدارىڭغا تەلمۈردۈم،
ئىشتىڭنىڭ ئوتى يالقۇنجىغاچ كۆكسۈمدە.

## سۆيگۈ

سېنىڭدە يوق سېھىرلىك چىراي،
نازۇك بەدەن، سەرۋى بوي-قامەت.
لېكىن نىگار بېغۇبار قەلبىڭ،
مېنى كۈن-تۈن ئەيلەر بىتاقەت.

## تەۋەرۈك كەتمەن

ئابدۇغېنى قۇربانىياز

قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدا،
شۇنچىلىك كۆپ مېھنەتكەش لەر-دېھقانلار.
كەتمەن چېپىپ قارا يەرگە تەر تۆكۈپ،
ياشاپ كەلگەن كۆپتىن ئۇلار-ئىشچانلار.

شۇڭا كەتمەن تۇرار ھەر بىر ھويلىدا،
غادىيىپ شاھ ـ سۇلتانلاردەك بەخۇدۇك.
ئاشۇ ھالەت كەلگەن ئۇزاق تارىختىن،
بۈگۈنگىچە بولۇپ مىراس ـ تەۋەرۈك.

•

شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئويلاپ ھەر كۈنى،
غەرق بولىمەن تەگسىز چوڭقۇر خىيالغا:
ياپ ئەمەسمۇ مېنىڭ خەلقىم ـ ئۇيغۇرلار،
ئۇندىن ئۆزگە زامانىۋى قورالغا؟!

بىلگەنتۇقتۇ يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرى،
تۆمۈر تاۋلاپ، كەتمەن ياساپچىقىشنى.①
بۈگۈنمۇ شۇ ئەھۋالدىلا تۇرىمىز،
ماشىنىدا قىلمايمىز دان ئېكىشنى.

بۇ نېمىشقا زادى شۇنداق بولىدۇ؟
بولماس بۇنى «تەقدىر» دېسەك ئورۇنلۇق.
بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب مۇشۇلا:
ئىلىم ـ پەننى ئۆگەنمەسلىك، ھورۇنلۇق.

قۇتمايمىز بالىلارنى مەكتەپتە،
نكى بىزلەر دېھقان، سەۋەب بەك ئاددىي.

شۇنداق ئىكەن، نەسلىمىزمۇ ئۆتمەمدۇ،
كەتمەن چېپىپ، دېھقان بولۇپ ئەۋلادى؟!

قاچانغىچە قاششاقلىقتا ياتىمىز،
قاششاقلىقتىن قاقشاپ، قىلماي ھەرىكەت؟
تىرىلگەنگە قۇۋەت بەرمەيدۇ تەڭرىمۇ،
ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ ھەم بەرىكەت.

ۋاقىت يەتتى چۆكمەيلى بىز غەپلەتكە،
نادانلىقتىن قول ئۈزەيلى تامامەن.
كونا ئاڭنى چۆرۈۋېتىپ يىراققا،
يېڭى ئاڭغا ئېرىشەيلى پەن بىلەن.

پەقەت شۇندا بولار بىزگە نىجاتلىق،
تاپالايمىز تەرەققىيات، ئاسايىش.
ئەل قاتارى قەددىمىزنى كۆتىرىپ،
قىلالايمىز ئۆزىمىزنى نامايىش.

مانا شۇلار ئارمان بولۇپ ئورناشتى ـ
يۈرىكىمگە، قۇتۇلايلى جاپادىن!
يۈزىمىزنى يورۇق قىلىپ يۈرەيلى،
ئورۇن ئېلىپ روناق تاپقان قاتاردىن!

✧✧✧✧✧✧✧✧✧✧

## ئىككى شېئىر

### رازىگۈل مۇھەممەتئىمىن

# ۋەتەن ئۈچۈن

مەرىپەتنىڭ بۇلىقىدىن ئىچىپ بىلىم،
نۇرغا تولدى ئىرپان بىلەن ئوتلۇق دىلىم.
كۆز يۇمسامۇ قالماس ئەمدى قانچە ئارمان،
ئەجرىم بىلەن كۈلسە ئۇلۇغ ئانا ئېلىم.

چۈنكى، ئىدىم دەسلەپ بىر تال يۇمران كۆچەت،
ئۆستۈم ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئىچىپ شەربەت.
ئىگىلمەيمەن ئۇرسا جۇدۇن شاخلىرىمغا،
ۋە ياشايمەن بۇلۇق مېۋە بېرىپ ئەبەد.

---

① تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلار، بۇندىن تەخمىنەن 7000 يىللار ئىلگىرى تۆمۈر قورال ـ سايمانلارنى ياساپ، ئورۇش ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلەتكەن.

ۋەتەن مېھرى ۋۇجۇدۇمدا ياسايدۇ سەل، ئاقلاش ئۈچۈن مەندىن كېتكەن ئۈمىدىنى،
ئۇنى كۆلگە ئوراش ئۈچۈن باغلىدىم بەل. رازى ئىدىم ياشلىقىمنى قىلسام بەدەل.

## ۋاي ئەسسەت ...

«ئاھ! ساڭا كۆيدۇم» دېسە، راست ماڭا خۇشتار، دەپتىمەن،
قىلسا ئىزھار سۆيگۈ ئۇ، ئالدىراپ يار، دەپتىمەن.

«يار تېپىلماس بۇ جاھاندا ماڭا سەندەك ئۆز» دېسە،
بېۋاپا ئالدامچىنى، بىلمەي ۋاپادار، دەپتىمەن.

ئىشىنىپ شېرىن سۆزىگە ھۆسنىگە مەپتۇن بولۇپ،
ئىزدىسەم بۇنداق جۇرا چىقمايدۇ زىنھار، دەپتىمەن.

بىر تالاي ۋەدە بېرىپ، مەدداھقا ئوخشاش ساتسا گەپ،
بىرگە يۈرسەم سەن بىلەن چۆل-دەشتۇ، گۈلزار، دەپتىمەن.

ئاخىرى بىلدىم ئۇنىڭ شەرمەندە ئىپلاس تەكتىنى،
ۋاي ئەسسەت، گۈل ياشلىقىم، ئەسكىنى مەن يار، دەپتىمەن.

## شېئىرلار

### تۇرغۇن مۇھەممەتسىيىت

## چېچەك

ئىللىقتى جاھاننى قۇياش نۇر چېچىپ، چېچەك ئۇ كۆچەتنىڭ زىننەت- بايلىقى،
چېچەكلەر ئېچىلدى نەۋباھار كېلىپ. ئۇرۇلار دىماققا لەززەت-پۇرىقى.
ئەمما ئۇ تۈگەيدۇ، توزۇيدۇ تامام، قۇۋۋەت ئەپ تۇپراقتىن ئېچىلار چېچەك،
دەرەخنىڭ شېخىدا مېۋىسى قېلىپ. چىقىدۇ ئۇنىڭدىن شېرىن ئوزۇقى.

## كۆڭۈل

بىلەلمىدىم ئۆزگە بىرگە تارتىدۇ كۆڭۈل، بىرسى ماڭا تۇرىدۇ تەلمۈرۈپ قاراپ،
بوي بەرمەستىن ئۆزەمگىمۇ ئاغىدۇ كۆڭۈل. نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرمەي قاچىدۇ كۆڭۈل.

# پارچىلار

ئەي تەڭرى، ھەممىنى ئۆزەڭ ياراتقان،
نېمىشقا تەڭ ئەمەس ھەممىلا ئىنسان؟!
دەيدىكەن دانىشمەن كۆرسىتىپ قولنى،
بارماقلا ئوخشىتىپ: «تەڭ-تۇش قىلمىغان».

دېمىگىن ئۆزەڭنى: كىشى يوق مەندەك،
چاغلىماي ئۆزىڭنى بولمىغىن تەنتەك.
كىشىنىڭ دىلىغا بەرمىگىن ئازار،
بولسۇن ھەمدىلىڭ ئاق، سۆزۈڭمۇ قەندەك.

# شېئىرلار

ئابدۇرۇسۇل تۇنىياز

## مېھنىتىم شۇندىلا قالماس مېۋىسىز

تاۋلىنىپ كۈرەشنىڭ قاينىمىلىرىدا،
يېتىلدىم زەبەردەس ئەقلىمگە تولۇپ.
ئاتلاندىم سەپەرگە، ئەۋلادلىرىمغا -
ئۆچمەس بىر نۇرلۇق ئىزقالدۇرماق بولۇپ.

بارىمەن يولۇمدا يېقىلسام قوپۇپ،
تەرىمدىن ياسايمەن چۆللەردە گۈلباغ.
مېھنىتىم شۇندىلا قالماس مېۋىسىز،
ئەۋلادىم ياد ئېتىپ ئەسلىسە ھەرچاغ.

## چېچەككە قاراپ

پۈركۈنگەن باغ ئىچى گۈل - چېچەكلەرگە،
زوق ئىلھام قوزغايدۇ خۇشبۇي ھاۋاسى.
چېچەكلەر بەرگىدە ياڭرايدۇ شۇ دەم،
قۇشلارنىڭ يېقىملىق نەغمە - ناۋاسى.

چېچەكلەر مېۋىگە كىرەر يېقىندا،
ئۇنىڭدىن كىشىلەر ئالىدۇ ھوزۇر.
ئويلاندىم چېچەككە قاراپ خوپ ئۇزاق،
قەلبىمدە ئۇرغىدى ئاجايىپ غۇرۇر.

مەنمۇ ھەم چېچەكلىك پەسلىمدە تېخى،
قۇتلايمەن ئەتەمنى مېۋەمدە ھامان.
شادلىقىم ئالەمنى قۇچىدۇ دوستلار،
مېۋەمدىن ئەل - خەلقىم بولسا بەھرىمەن.

## ياشلىقىم خىسلەتلىرى ئالدى ئۆلگە

قاشتېشى ھۆسنىڭ گۈزەل شۇنچە نەپىس،
قارايمەن چېھرىڭگە تويماستىن بېقىپ.
شۇ سۈزۈك ئاقلىقىڭ ھەم پاكلىقىڭغا،
باردۇ ھۆرمىتىم دەريادەك تېشىپ.

بۇ قەدىم گۈزەل يۇرتنىڭ شۆھرىتىسەن،
سەن بىلەن نامى ئۇلۇغ پۈتۈن ئەلگە.
شۇ نۇرلۇق خىرەلەشمەس خىسلىتىڭدىن،
ياشلىقىم خىسلەتلىرى ئالدى ئۆلگە.

## چۈشىمدە

خۇشاللىق ئىلكىدە ياشاپ ھەر ۋاقىت،
ۋاقىتلىق ئايرىلدۇق ئاشۇ سەھەردە.
تۈنجى كېچىدىلا ئويغا تىتىڭ سۆيگۈ،
بىلمىدىم، جىسمىڭمۇ ئورناپتۇ تەنگە.

ئويغانسام يوقالدى ھەممە كۆرۈنۈش،
شاھىدى، ئامچە ياش قالدى كۆزۈمدە.
كۈندۈزى سېغىنىش، ھىجران ئازاپى،
لەۋجامىڭ ھەمراھدۇر ماڭا چۈشىمدە.

# ھاكىمنىڭ ئەسلەمىسى

( ھېكايە )

غالىپجان ئوسمان

ــ شۇنداق، بۇ ئىش بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش يىل مۇقەددەم يۈز بەرگەن،ــ دەپ
سۆزىنى داۋام قىلدى ئىكرام ھاكىم تەنتەكلىكىنىڭ يالدامىسى بولغان مۇنداق بىر-
ئىشنى خىجىللىق ئىچىدە ئەسكە ئېلىپ،ــ ئۇ كۈنى ھاۋانىڭ سوغۇقلىقى جاندىن ئۆتەت-
تى. ھەممىلا جاينى قار قاپلىغان، سىرتقا چىقسىلا، چىقمىغان بۇرۇتلىرىڭىزدىمۇ مۇز پار-
چىلىرى پەيدا بولاتتى. بىز بىرسىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىمىزغا قويۇلغان كىچىك مەش-
كە توغراق ئوتۇنلىرىنى سېلىپ، ئوت تالىشىپ ئەتراپىدا دۆگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇ-
شاتتۇق، ھېچكىم ئەتىكى ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندىن خەۋىرى يوقتەك بىخارامانىدى. «قىش-
نىڭ كۈلى ئوت» دېگەن راست گەپكەن. بىز مەشتىكى ئوتنىڭ ئۆچىشىگە ئەگىشىپ،
بىر-بىرىمىزنى ئىتتىرىپ مەشكە مەيدەمىزنى قاقلايتتۇق. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى
ئارقامدىن ئىتتىرىۋەتتى، مەن دۈگجۈيۈپ بارغىنىمچە يان تەرىپىمدىكى تاپچىقا سوقۇ-
لۇپ كەتتىم. ئۇ چوغدەك قىزىپ كەتكەن مەشكە ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى-دە، چاچراپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ، يۈزۈمگە كېلىشتۇرۇپ ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتتى. يۈزۈمدىن ئوت چىقىپ
كەتكەندەك بولدى. تايىپ تۆگە (ئۇنىڭ بويى ئېگىز، تەتۈر ئۇستىخان بولغاچقا،
تۆگە دەپ ئاتايتتۇق) شۇنچە يالۋۇرغىنىمغا قارىماي، پاختىلىرى تىتىلىپ كەتكەن چا-
پىنىمنى سالدۇرۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ، مەشكە يېقىلىپ پىشى كۆيۈپ كەتكەن چاپىنىنى
«تۆلەپ بەر» دېمىگىنىگە خوش بولۇپ ھېچنەرسە دېمىدىم.

ھاكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ ئاخىرى قانداق بولدى؟،ــ سورىدى بىرسى.

ــ مەن شۇ كۈندىكى ئاچچىقىمدا ،ــ دېدى ھاكىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،ــ ئۇنداق

تۆگىلەرگە بوزەك بولۇپ ئوقۇغىچە، قوچقاچىمنى تۇتۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ، تاماشا يېمىنى قىلماي يەنمۇ- دەپ ئويلىدۇم-دە، چۈشتىن كېيىن بەدەر تىكىۋەتتىم. يول بولسا يول بىلەن، يول بولمىسا ئۇدۇل كەلگەن جىرغا نالىق، تىكەنلىك بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. تۇساتتىن چاقىرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم. مەندىن يۈز مېتىر يىراقلىقتا سىنىپ مۇدىرىمىز ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتىمدۇ. يۈرىكىم جىغ-غىدە قىلدى - دە، ھېلىقى ئىنچىكە قىياق، قۇمۇش قاپلىغان جاڭگال تەرەپكە قاچتىم. تايچاق-تەك چاپچۇپ - چاپچۇپ قېچىۋاتىمەن. مۇئەللىم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئارىلىقىمىز يېقىن-لاشقانسېرى دەككە-دۈككە بولۇپ كەتتىم. ئەندى تۇتۇۋالىدىغان بولدى، دەپ تۇرۇشىم-غا «چولتوك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسام مۇئەللىم قىياق ئىچىدىكى كىچىك بو-لاققا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ بولاقتىن دەرھال چىقىپ يەنە قوغلىدى، يېرىم سائەت قېچىش - قوغلاش داۋاملىشىپ، ئاخىرى قولغا چۈشتۈم. مۇئەللىمنىڭ پاختىلىق شىمى، بەتتىنكىسى ھۆل بولۇپ، چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنتى. مېنى تۇتقان قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى.

— ھە... قاچە. قەيەرگىچە قاچساڭ، شۇ يەرگىچە بارىمەن. جۈر مەكتەپكە، - دېدى مۇئەللىم قولۇمنى تارتىپ،

— بارمايمەن، تايىپ تۆگە ئوقۇۋالسۇن، - مەن قاتتىق تىرەجەپ تۇرۇۋالدىم.

— ھىم... ماڭە، سەنمۇ ئوقۇيسەن، ئۇمۇ ئوقۇيدۇ، ئوقۇش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ، ئوقۇتۇش مېنىڭ ۋەزىپەم، - مۇئەللىم كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى- دە، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

مەكتەپنىڭ قارىسى كۆرۈنگىچە جىمجىت ماڭساقمۇ، ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن شىمىنىڭ بىر-بىرىگە سۈركىلىشى، ئايىغىنىڭ ئىچىدىكى سۇنىڭ شىلىپلىشى ئاڭ-لىنىپ تۇراتتى. مەكتەپكە يېقىنلاشقانسېرى قورسىقىمغا جىن كىرىپ، يەنە قېچىشنى ئوي-لىدىم - دە ، يول بويىدىكى كونا تاملىقنىڭ ئارقىسىغا تەرەت قىلىشنى باھانە قىلىپ ماڭدىم. مۇئەللىم نىيىتىمنى بىلگەندەك، تام كەينىدە ساقلاپ تۇرۇۋېلىپ پۇرسەت بولا-مىغاندىن كېيىن، يالغان تەرەت قىلغان ئورنۇمدىن چىقىپ، يەنە «مەكتەپكە بار-مايمەن» دەۋەتتىم . مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى بولغاي ، بىلىمىدىن دەس كۆ-تۈرۈپ ئۆشنىسىگە ئالدى- دە، چوڭ قەدەم بىلەن مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. تېپچەكلەپ كۆرۈشۈم، تىللاشلىرىم كارقىلماي، ئاخىرى ياتاققا كەلدۇق.

ساۋاقداشلىرىم مېنى چۆرىدەپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى؛ مۇئەللىم قاچ-قانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تايىپنى قاتتىق تەنقىد قىپتۇ. تايىپ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، سىنىپتا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ماڭا ئاما قول بولماقچى بوپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ساۋاقداشلىرىم، ئۇستازىم ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل بولدۇم- دە، مۇئەللىمنى ئىزدەپ ئىشخانىغا ماڭدىم... ھازىر شۇ ئىشلارنى ئوي-لىسام، ئۇستازىمنى تولىمۇ سېغىنىمەن، پۇشايمان قىلىمەن. ھازىر شۇ قەدىرلىك ھامۇت مۇئەللىم قەيەردىكىن، بىلمەيمەن. ماڭا ھازىر بۇ يۇرتقا كەلگىلى ئونبەش يىل بولدى،

ئىكرام ھاكىمنىڭ ھېكايىسى تۈگەپ-تۈگىمەيلا، سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يا يىزسۆز-قىستۇردى:

— ھامۇت مۇئەللىم ھەقىقەتەن ياخشى كىشى ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىل سەن ئوقۇغان شۇ مەكتەپتە ئۇچرىشىپ قالدىم. ئاپەتلىك يىللارنىڭ «سوغىسى» ئېغىر كەلگەنچىقى، بىر ئاز تارتىلىپتۇ، ئېغىررىما تىزىم كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ.

— ھوي ئىكرام، — دېدى ياندا ئولتۇرغان تۇرسۇن جۇيجاڭ جىددىيلىشىپ، — ھېلىقى كۆلباغ مەكتەپتە ئىشلىگەن ھامۇت ئەقىل ئەمەستۇ؟

— دەل ئۆزى شۇ. سەن قانداق بىلىسەن؟ — دېدى ئىكرام ھاكىم ھەيران بولۇپ.

— ئۇمۇ ھازىر مۇشۇ دوختۇرخانىدا، مەن ھېلىراقتا مۇشۇ ياتاققا كىرىۋېتىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم.

ئۇچەيلەن ئالمان-تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھامۇت مۇئەللىمنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتى، سۈرۈشتۈردى. ئاخىرى سېستىرالارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ياتقان ياتاقنى تاپتى.

ھامۇت مۇئەللىم ھەقىقەتەن جۈدىگەن، رېماتىزىم كېسىلى ئازابىدىن كارىۋاتتىن چۈشۈش ئىمكانىيىتى قالماي داۋالىنىۋاتقانىدى. ئۇ، ئىكرامنى تونۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئىكرام تېز بېرىپ ئۇنى ئارام ئېلىشقا، جىددىيلەشمەسلىككە دەۋەت قىلدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەشتى، بىر-بىرىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ھۆرمەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

— بولدىلا، ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى سۆزلىمەيلا قويايلى! — دېدى ئىكرام ھاكىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ؛ چۈنكى، مۇشۇ ئىشنى ھەرقېتىم ئېسىمگە ئالسام، ئۇستازىم ئالدىدا تولىمۇ خىجىلمەن.

— ئىكرام ھاكىم، بەكمۇ ئاشۇرىۋەتتىلە. ئۇسمۇرلەرنى تەربىيىلەش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز، — دېدى ھامۇت مۇئەللىم كەۋدىسىنى رۇسلاپ.

— ياق-ياق مۇئەللىم. مېنى ھەرگىز ھاكىم دەپ ئاتىمىسىلا؟ مەن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئادىدىي ئوقۇغۇچىلىرى. «سەن، سىز» دەپ ئاتاۋەرسىلە، — ئېتىراز بىلدۈردى ئىكرام ھاكىم ئۇستازىنىڭ قولىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، — ئۇنىسى توغرا. بىراق، سىلەر ھازىر جەمئىيەت ۋە خەلقىمىزنىڭ مۇشكۈل ۋەزىپىسىنى ئۈستۈڭلەرگە ئالغان رەھبىرىي كادىرلار، دېمەك، «ئۇستاز» دېيىشكە توغرا كەلسە، پۈتكۈل خەلق ئاممىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، پاك، دىيانەت بىلەن ئادىل خىزمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزەمگە كەلسەم، مېنىڭ ئادەتتىي دوسكا ئالدىدا تەربىيەمنى كۆرگەن شاگىرتلىرىمنىڭ ھەرقايسى سەپلەردە ئىنتايىن شەرەپلىك خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن، سۆيۈنىمەن. بۇماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئىنئام.

ئىكرام ھاكىم، ئۇستازىنىڭ قەلب سادالىرىدىن بۆلەكچە يايراپ كەتتى. ساپ، پاك ئۈمىدلىرىگە ئاپىرىن ئوقىدى. ھامۇت مۇئەللىممۇ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياراملىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئېلىپ، 30 يىللىق مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەجرىسىدىن مەمنۇن بولدى.

# كەچۈرۈم

(ھېكايە)

ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت

مېھرىگۈل خاپا ھالدا پېرتالىرىنى ئاران سۆرەپ ئۆيگە كىردى-دە، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئىككى قوللىنى بېشىغا قويۇپ ياشقا تولغان بۇلاقتەك كۆزلىرىنى تۇرۇسقا تىكتى.

× ×

كىچىكىدىن ئاق خالات كىيىشنى ئارزۇلاپ كەلگەن مېھرىگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بەردى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك مېھرىگۈلنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومنىڭ سېستىرالىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ ئوكۇل بۆلۈمىگە تەقسىملىنىپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ئاق پوسما، ئاق خالاتنى تۇنجى كىيگەندە ئىككىنچى قېتىم خۇشال بولۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى. يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېھرىگۈل بارغانسېرى ھۆسنىگە تولۇپ، خېلى-خېلى يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ساھىبجامالغا ئايلىنىپ قالدى. ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان قايسى بىر قىزنىڭ يۈرىكىدە كۈچلۈك ھېس-ياتقا تولغان شېرىن مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجىمايدۇ دەيسىز؟ ئەنە شۇ يالقۇنجاپ تۇرغان سېھىرلىك مۇھەببەتنىڭ سۆيگۈ شارابى مېھرىگۈلنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ مەس قىلىۋەتتى. بىمارلارغا گەپ-سۆز قىلىشى، خۇددى شېخىدىن تۆكۈلگەن غورىغا ئوخشاش تورۇك-تورۇك قىلىدىغان، بىمارلارنىڭ قولىدىن ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ئالا-ئالمايلا ئىشپىرىتسقا تېزلا قاچىلاپ سۇيۇقلۇقنى تېز-تېز ماڭغۇزۇپ، بىردەمدىلا تۈگىتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر-ئىككى قېتىم ئوكۇل سالدۇرغان كىشىلەر ئىمكان بار ئۇنىڭغا يولۇقماسلىقنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىۋالىدىغان بولۇشتى، لېكىن مېھرىگۈلنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. بۇنداق چاغلاردا باشقىلار بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى ياكى بولمىسا مۇھەببەتتىن ئىبارەت سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىدىن سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېرەتتى. ئۇ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەمچەك ئىمىۋاتقان بالىسىغا ئوكۇل سالدۇرغىلى كەلگەن بىر ئايال بىلەن سوقۇشۇپ قالدى. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىدى: مېھرىگۈلنىڭ قوپال ھەرىكىتى بىلەن، ئوكۇلنىڭ ئاغرىقى

جېنىدىن ئۆتكەن بالا يىغلاپ تىلىقىپ، بىر ئازدىن كېيىن شۈك بولۇپ قالدى. دۇنيادا قايسىبىر ئانا يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىگە ئىچ ئاغرىتمايدۇ؟ ئانىلىنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ بالىسىنىڭ يۈزىگە چۈشتى.

— ئوكۇلنى ماۋۇ پەللىكىگە سالغان بولسىلىمۇ، — دېدى ئانا بالىسىنى باغرىغا بېسىۋېلىپ، — بىچارە بالام بۇھالغا كەلمەستى.

— يىغلاش، تىلىقىش كىچىك بالىنىڭ ئادىتى، — دېدى مېھرىگۈل ئىشىپىرىس قويىۋېتىپ زەردە بىلەن.

— شۇنداقتىمۇ...... — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىغان ئانا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— يەنە نېمە دەيلا، مەن قاتتىق سالغان بولسام، ئۆزلىرى سېلىۋالسىلا بولمامدۇ.

ئانا گەپ قىلماي بولۇۋېدى، ئوكۇل سالدۇرغىلى كەلگەن كىشىلەر نەسىھەت قىلىپ گەپ قىلدۇرمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ نەپرەتلىك كۆزلىرى مېھرىگۈلگە نەشتەردەك قادالغانىدى.

× ×

مانا بۈگۈن دوختۇرخانا بويىچە ئېچىلغان كەسپىي يىغىندا، مېھرىگۈل ئاشۇ ئىش توپەيلىدىن ئۆزىنى تەكشۈردى. بىر قىسىم بىمارلارنىڭ پىكىر دەپتىرىگە ئۆزى ئۈستىدە يازغان پىكىرلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلگەندە، ئۇ خىجىللىق ئىچىدە قىزىرىپ كەتتى.

— مېھرىگۈل، تامىقىڭنى يەۋال، — دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئانىسى تاماق كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— تاۋۇڭ يوق كۆرۈنىسەنغۇ قىزىم، — ئانىسى تاماقنى تومپۇچكا ئۈستىدە قويۇۋېتىپ سورىۋېدى، مېھرىگۈل ئۈندىمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە ياش ئەگىشكە باشلىدى.

— ئەمىسە نېمە بولدۇڭ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتۇڭمۇ-يە، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ.

مېھرىگۈل قەلبىدىكى ئازابلارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق بىر نەپەس ئالدى-دە، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى. ئانىسى بىر كىچىك تىنىۋېلىپ مېھرىگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ياخشى قىلماپسەن قىزىم، ئېغىر-بېسىق بولۇشىڭ كېرەكتى. ھەدەسىگىللىرىنىڭ كېپىگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ، ھېلىقى ئايالدىن ئەپۇ سورا.

مېھرىگۈل ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۆز-ئۆزىگە: شۇنداق، مەن توغرا قىلمىدىم، كىچىكىمدىن ئارتىپ دوختۇر بولۇپ، ئاق پوسما ۋە ئاق خالات كېيىشنى ئارزۇ قىلىشىم ئۇنى ئۆزەمنىڭ ئاشقى گۈزەللىكىگە بېزەك قىلىش بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا بەخت يارىتىش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە تارتقان ئازابىغا روھىي ئازاب قوشۇپ قويدۇم، مەن ئۇلاردىن چوقۇم كەچۈرۈم سورايمەن.

(بېشى 81-بەتتە)

بەلىسىدى. بوۋاينىڭ ئايالسۇ مېنىڭ ھۇشۇمغا كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. مەن بولسام، ئۆشنەمدىكى جۇل-جۇل چاپان ئىچىدە تەرلەپ ھۇزۇرلانماقتىدىم. ھايات شامىمنى 2-قېتىم ياندۇرغان بۇ جۇل-جۇل چاپان ھەققەتەن ھارارەتلىك ئىدى.

# سالام ! گۈل زېمىن

( نەسر )

**ئامىنەگۈل مۇھەممەت**

سالام زېمىن ، مەندىن ساڭا تۈمەنمىڭ سالام ... ...

مەن سېنىڭ ئەسلى قىزىڭ ئەمەسمۇ ؟ مانا ئەمدى سېنى قايتىدىن يوقلاپ كېلىۋاتىمەن .

مەن سېنىڭ باغرىڭغا بۈگۈن قەدىمىمنى باسقىنىمدا گويا كى ئۆزەمنى بىر خىيالى جەننەتكە كىرىۋاتقاندەك ئىنتايىن خۇشال سەزمەكتىمەن . ئاھ! زېمىن ، مەن كەتكەندە ، سەن مېنى ئۇزىتىپ ، كۆزۈمنى ياشلاپ ئايرىلغان ئەمەسمىدۇق ، ئۇ ۋاقىتتىكى سېنىڭ تارتقان جەبرى ـ جاپالىرىڭ ، كۈلپەتلىرىڭ ئازمۇ ؟

ئاڭلا زېمىن ، قىش زېمىستانىنىڭ ھولاشلىرى ساڭا ئارام بەرمەي، بەزىدە ئۆزىنىڭ پاسىق قوللىرى بىلەن سېنىڭ باغرىڭنى رەھىمسىزلەرچە چاڭ سېلىپ، خەلقىڭنى زارزار قاقشاتقان ئەمەسمىدى ؟ ئەينى ۋاقىتلاردا سەن مۇشۇ ئازابلارغا چىدىيالماي ئازكۆزيېشى ئاققۇزغانمۇ؟ ئاز قايغۇرغانمۇ؟ مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ساڭا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشىدۇ .

ئەمدى كۈل ، ئۇسسۇل ئوينا ، ناخشا ئېيت . ئەي زېمىن ، سېنىڭ ئۈستۈڭگە زۇلۇم سالغان ، سېنى قاقشاتقان ۋاقىتلار كەلمەسكە كەتتى ، باھار كەلدى .

مانا ئۆزەڭمۇ كۆرۈپ تۇرغانسەن ، باغلىرىڭ ، يوللىرىڭ ، قىسقىسى ھەممە جاي يېشىللىق دۇنياسىغا ئايلاندى، تەبىئەتكە قايتىدىن جان كىردى ، سەن مەن بىلەن ئايرىلغان ۋاقىتتىكىدىن يۈزمىڭ ـ تۈمەنمىڭ ھەسسە گۈزەللىشىپ كېتىپسەن ، مەن سېنى تېخىمۇ بېزەيمەن ، ماڭا ئىشەن ، مېنى قۇچىقىڭغا ئال .

---

# شام

( نەسر )

**گۈزەلنۇر ماخمۇت**

«شام» دېگەن بۇ سۆز قارىماققا ناھايىتى ئاددىي سۆز . ئۇ « ش . ئا . م »دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرىپنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن . ئادەتتە ئۇ ماگىزىنلاردا كۆرى سېتىلىدىغان، باھاسى ئەرزان ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ھەر قاچان ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە . كىممۇ ئۇنى ئۇنىداق ئەمەس دېيەلىسۇن ؟

« شام »ــ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بىرقەدەم ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئې-

تىبارسىز ھەم ئەھمىيەتسىز قارىلىدۇ. ئۇلار «شام» نىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشكىمۇ قىزىقمايدۇ. ئەي دوست، قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇڭ؟ مەن سىزگە «شام» ھەققىدىكى مۇنۇ تەسىراتىمنى سۆزلەپ بېرەي:

بىر كۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدىم. توك سىمى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كېتىپتۇ، يېتەرلىك سايمانلار بولمىغانلىقتىن سىمنى ئۇلاشقا ئىمكانىيەت بولماي قالدى. ئەتە ئىمتىھان بار، مۇزاكىرە سوئاللىرىنى تېخى تەكرارلاپ بولالمىغانىدىم. مانا قېيىنشقانىدەك توك چىراقنىڭ ئۆچكىنىنى دېمەمسىز؟ ئەتە ئىمتىھاننى قانداق بېرەرمەن، قانداق ئامال قىلسام بولار؟ مەن تىت-تىت بولۇشقا باشلىدىم. دەل مۇشۇ پەيتتە «شام» دېگەن سۆز مېڭە ئېكرانىمدا ئەكس ئەتتى-دە، ماگىزىنغا ئۇچقاندەك بېرىپ شام ئېلىپ كەلدىم. سەرەڭگىنى قولۇمغا ئېلىپ «شام»نى ياندۇرماقچى بولۇپ ئۇنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتىم. بۇنىڭ بىلەن قوتاز تېرىسىدەك قاپقاراڭغۇ ئۆي ئىچىنى ھەم مېنىڭ تەشنا كۆڭلۈمنى سۈتتەك يورۇقلۇق قاپلاپ كەتتى. مەن مۇزاكىرىگە كىرىشتىم، «شام» ئۆزىنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى ئارقىلىق يورۇقلۇق چىقىرىپ مېنىڭ تەلپىمنى قاندۇرماقتا. مەنمۇ رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا پات-پات قاراپ قويماقتىمەن. ئۇ گويا ماڭا «ئەي ياش دوست، تىرىش-تىرماش، ئۆگەن، بوشاشماي ئۆگەن» دېگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىدىن روھلىنىپ يۈز-كۆزلىرىمنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇدۇم، ئۇيقۇم قاچتى. ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم. ئاخىرى ئىمتىھاننى غەلىبىلىك تاماملىدىم. شۇندىن باشلاپ «شام»غا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەي قەدىرلىك دوست، بەلكىم سىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن كىچىككىنە پاكىتتىن «شام» نىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىۋالغانسىز. مەن شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىمكى، «شام» مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەم بېرىپ قاراڭغۇلۇقنى يورىتىدىكەن. كۆيۈپ تۈگەپ كېتىشتىن قورقمايدىكەن.

ياش دوستلار، بىزمۇ «شام»غا ئوخشاش ئەل غېمىدە كۆيۈپ يانساق، ئىنسانلار بىزگە قانداقمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالىسۇن؟!

# كېچىكىپ چۈشەنگەن قەلب

(ھېكايە)

**ئەسقەر ھوشۇر**

كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، كوچا چىراقلىرى شەھەرنىڭ كەڭ ئاسفالت يوللىرىنى، قەۋەت-قەۋەت بىنالىرىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ يورۇتۇپ تۇراتتى. قەيسەر بىلەن رەشىدەم قەدەملىرىنى يېنىكلىتىپ كەڭ ئاسفالت يولدا ئۆز ئارا پاراڭلاشقاچ «شەھەرلىك سودا يەرمەنكىسى» بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا قەدەملىرىنى توختىتىپ، سېھۋىنتۇ-

رۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى، ئارىدا بىر ئاز سۈكۈتلۈك ھۆكۈم سۈردى. قەيسەر رەشىدەنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئازابلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەر خىل خىياللارنى ئويلىدى. چۈنكى رەشىدەم ناھايىتى شوخ بولۇپ، ھەرقاچان چىرايىدىن خۇشاللىق جىلۋىسى يېغىپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ ھالەت قەيسەردە ھەرخىل گۇمانلارنى پەيدا قىلدى، ئۇ رەشىدەدىن سورىدى:

— رەشىدەم، بۈگۈن باشقىچىلا كۆرۈنىسىزغۇ، چىرايىڭىزدا قانداقتۇر بىر خىل خاپىلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرۇدۇغۇ؟ بۈگۈن زادى سىزگە نېمە ئىش تەسىر قىلدى؟

رەشىدە قەيسەرگە ئوتلۇق كۆزى بىلەن قارىدى، قەيسەر بولسا قىزنىڭ تېزدىن جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، رەشىدەم ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى ئېيتىش لازىملىقىنى سۆزلەشكە كىرىشتى:

— قەيسەر، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، پەقەت ئۆزەمنىڭ ھازىرقى ھاياتىمغا ئېچىنىپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىم. سىزنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىڭىز مېنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى.

قەيسەر رەشىدەنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇ سۆزلەشكە كىرىشىپ قىزدىن سورىدى.

نېمە دېدىڭىز؟ مەن سىزگە بىرەر قېتىم قاتتىق گەپ قىلمىدىمغۇ؟ ياكى سىزنى رەنجىتىپمۇ قويمىغان تۇرسام-يا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئازابلانغىدەك ئۇنداق ئاغرىق ئاداۋەتلەرمۇ يۈز بەرمىدىغۇ؟

— بۇ سىزگىمۇ ئايان.— رەشىدە سۆزىنى داۋام قىلىپ ھەممە ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەشكە كىرىشتى:

بىز تونۇشۇپ مۇھەببەت رىشتىسى ئورناتقىلى تۆت ئاي بولدى، لېكىن سىزنىڭ مەن بىلەن تۈزۈك كارىڭىز بولمىدى، ھەر كۈنى خىزمەتتىن قايتقاندا ئىزدەپ بارسام، گەپ-سۆز قىلماستىنلا شېئىر يېزىپ ئولتۇرۇسىز. نەچچە قېتىم تانسا-كىنولارغا بېلەت ئېلىپ بىللە كۆرۈپ كېلەيلى دېسەم، رەت قىلدىڭىز. بىرەر قېتىممۇ قوشۇلمىدىڭىز، سىز ئويلاپ بېقىڭ، مۇشۇمۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ خاسىيىتىمۇ؟ بەلكىم سىز مېنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتا قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، مەن ھاياتىمدا تۇنجى بولۇپ سىزگە كۆڭۈل بېرىپ، ساپ ۋىجدانىمنى، پاك قەلبىمنى ئاتا قىلغان. لېكىن سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇھەببەت ئوتىنىڭ قانچىلىك ئۇلغۇيىۋاتقانلىقىنى، يالقۇنجىۋاتقانلىقىنى، مېنى قانچىلىك قىيناۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىسىڭىز كېرەك، قىزلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك نازۇك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمىسىڭىز كېرەك. — ئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئۆزگىنىڭ ئازابلىنىشى بىلەن ھېسابلاشمىسا كېرەك. رەشىدە سۆزىنى توختىتىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، قەيسەر رەشىدەنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۆزى ئۇچقۇن پەرۋانىدەك بۇنداق ئۆچۈپ يۈرگەن، بارلىقىنى ئاتا قىلغان ھەمشىرە-

نى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرۇشنى ئويلاپ، ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— رەشىدە، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى تولۇق چۈشەندىم. مەن راستىنلا ئەيىپلىك، لېكىن «شائىرلىق» تۇيغۇسى مېنى قورشىۋالغان. پۈتۈن جىسمىم يېڭى- يېڭى پىكىرلەر بىلەن قاناتلانغان. شۇڭا سىزنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرىڭىزنى رەت قىلغان. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر ئىجادىيەت جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسەم، شۆھرەت قازانسام، شان- شەرەپ ئىككىمىزگە ئورتاقتۇ؟ نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، شائىرلار نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئالايلى، نىكولاي ئوستروۋىسكى پالەچ ھالىتىدە يېتىپمۇ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنى يېزىپ، كىشىلەر ئارىسىدا زور ئالقىشقا ئېرىشتىغۇ؟ بىزنىڭ ھەممە ئەزايىمىز ساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلىق زېھنىمىز پىشىپ يېتىلگەن تۇرسا، بۇ پۇرسەتتىن مۇۋاپىق پايدىلانماي بەھۇدە ئۆتكۈزىۋەتسەك ياشلىقنىڭ قىساسىغا قالمامدۇق؟ شۇڭا مەن ئۆز ھاياتىمدىن بىر ئاز ئىز قالدۇرۇشنى دىلىمغا پۈككەن، مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزنىڭ ئىلھامىڭىز يەنىلا مۇھىم، چۈنكى ھازىر سىز مېنىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم ھەم كەلگۈسىدىكى ئايالىم ...

رەشىدىگە قەيسەرنىڭ بۇ سۆزلىرى تازا ياقمىدى بولغاي تېخىمۇ قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— قەيسەر، سىزنى ئورىۋالغان «شائىرلىق» تۇيغۇسى مېنىڭ مۇھەببىتىمدىنمۇ غالىپ كەلگەن بولسا، قەلبىڭىزدە ماڭا ئورۇن قالمىغان ئوخشايدۇ. مەن سىزنىڭ بۇنداق رەھىمسىزلىكىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن، مۇھەببەتنىڭ بۇنداق ئېغىر ئازابلارنى ئاتا قىلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن، ئىست ياشلىق باھارىم، ئىست قىلغان ئەقىدەم......

رەشىدەم سۆزىنى توختىتىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

* * *

ھايات سەھىپىدە بىر- بىرىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر بەزى ھاللاردا ئەڭ يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالىدۇ. قەيسەر بىلەن رەشىدە بىر شەھەردە ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىر- بىرىنى ئۇچرىتىپمۇ باقمىغانىدى. پەقەت تۆت ئاي ئىلگىرىلا بىر- بىرى بىلەن تەساددىپى تونۇشۇپ قېلىپ، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل بەيگىگە قەدەم باسقانىدى.

رەشىدە ئوقۇش پۈتتۈرگىنىگە بىر يىل بولغان بولۇپ، شەھەرلىك سودا ئىدارىسىدا كاسسىرلىق قىلاتتى. ئۇ كېلىشكەن قىز بولۇپ، تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى تەبەسسۇم ئىلكىدە چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى، ئويماقتەك ئېغىزى، سۈتتەك چىرايى گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

قەيسەرمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىققىنىغا ئەمدىلا يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ خېلىلا كېلىشكەن بولۇپ، باشقىلارنى ئەسىر قىلغۇدەك سالاپەت بارىدى. ئۇ ھاياتىدىكى تۇنجى قې

تىملىق قوشۇلۇش شادلىقىغا پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، رەشىدە-
دىلىك تەشنالىقتا تۇرغان يۈرىكىگە مۇئەييەن جامىداسۇيىكۇ شارابى ئاتا قىلىپ، قەلبىنى
ئەللەيلىتاتتى، بىراق قەيسەر كەمسۆز، ئېغىر بېسىق بولۇپ، ئويۇن-تاماشىنى ئانچە كۆپ
خالاپكەتمەيتتى، بوشۋاقىت تاپسىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ بۇنداق
مىجەزى رەشىدەگە تازا ياقمىدى.

* * *

قەيسەر، رەشىدەنىڭ يىغىسى توختىغاندىن كېيىن قايتا سورىدى:

— رەشىدە، سىزنىڭچە قانداق ياشىساق، قەلبىڭىزدىكى ئازاب تۇتۇنلىرى غايىپ بو-
لۇپ، خۇشاللىققا تولىسىز. بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىڭىز بولسا ئېيتىپ بېقىڭ.

ئۇ، قەيسەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئويلىغانلىرىنى
بىرمۇ-بىر دېيىشكە كىرىشتى.

— ئەگەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى دېسىڭىز مۇنداق قىلايلى: ھەر ھەپتىنىڭ 1-كۈنى تانسا كې-
چىلىكىگە بارايلى، 2-كۈنى كىنو كۆرەيلى، 3-كۈنى باغ سەيلىسى قىلايلى، 4-كۈنى كو-
چىلارنى ساياھەت قىلايلى، يەنە باشقا ۋاقىتلاردا دوستلارنىڭكىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ
كېلەيلى، شۇنداق قىلغاندا بىز تېخىمۇ خۇشاللىققا چۆمۈپ، بەختلىك بولالايمىز، كىش-
لەرمۇ ھاڭ-تاڭ قېلىشىدۇ. قانداق، سىزنىڭچە بولارمۇ؟

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قەيسەرگە كۈلۈپ قارىدى، بىراق قەيسەر رەشىدەنىڭ بۇنداق ئورۇنسىز
تەلەپلىرىنى قويۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇڭا قىزنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ چىرايى
بىردىنلا ئۆزگەردى. ئەگەر داۋاملىق بىرگە ئۆتسە، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ
كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزغا تىكىلدى ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى قىزغا ئېيتتى:

— رەشىدە، مەن سىزنىڭ بۇنداق شەرتلەرنى قويۇشىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىكەن-
مەن، سىزنىڭ جامالىڭىزدىكى گۈزەللىك قەلبىڭىزدىنمۇ ئورۇن ئالغاندۇ دەپ قىياس قىلغان،
بىراق، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم ئەكسىچە بولدى، مەن سىزگە ھەمراھ بولالمىغۇدەكمەن، سىزنى
بەختلىك قىلالمىغۇدەكمەن، كەچۈرۈڭ، بىز بىر-بىرىمىزنى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى،
باشقا بىرسى بىلەن بەختلىك ئۆتۈڭ، تەلەپلىرىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئورۇندى-
يالمايمەن، ھەقىقىي ھايات ئۇنداق چاكىنا ئىشلارنىڭ قۇربانى بولۇشنى خالىمايدۇ،
خەير-خوش، سىزگە بەخت تىلەيمەن.

قەيسەر سۆزىنى تۈگىتىپلا ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن كېتىپ قالدى، رەشىدە بىرھازا قەي-
سەرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرىدىن ياشلار تامچىلاپ مەڭزىدىن تۆ-
ۋەنگە ئېقىشقا باشلىدى، ئۇ ئاشۇ مىنۇتلاردا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قەدىر-قىممىتىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كېچىككەن بولۇپ، كېيىنكى ھاياتى
توغرىسىدا چوڭقۇر خىياللارغا پاتقانىدى.

## ئىككى نەسر

### ماخمۇت قادىر

## سەۋدايى سۆيگۈ

ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى بىلەن ئىشقىنى ئىزھار قىلىشلىرى، ئۇنى قىز قەلبىدە مۇھەببەت داستانلىرىنى دېكلىماتسىيە قىلىشتا مۇيەسسەر قىلدى. كۈچلۈك مېھرى-مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن قانماي قاراشلىرى ئەمدى قىز قەلبىنى ئەسىر قىلماقتىدى.

ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قەددى-قامىتى نېمە دېگەن ئوتلۇق ھەمسېمىرلىك-ھە! تېنىقلىرىدىكى ھارارەتچۇ تېخى؟!.

قىزنىڭ سۆيگۈ شەربەتلىرىدىن خۇمارلاشقان يېقىملىق، تېنىق كۆزلىرى يۇمۇلدى، ئۇ ئۆزىگە سۇنۇلغان ۋىسال گۈلدەستىسىنىڭ خۇش ھىدىدىن ھوشسىزلىنىپ يىگىت كۆكسىگە تاشلاندى.

ياھ، نېمە دېگەن لەززەتلىك سېزىم-ھە! قىز بۇ خىل سېزىمنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئۆزىگە جەننەت ھۇزۇرىدىنمۇ لەزىز تۇيغۇلارنى ھاسىل قىلغۇچى ۋۇجۇدىنى كۈچ بىلەن سىققانىدى بىردىنلا يۈرىكى پارتلاپ، نېرۋا پاتالىيەتى توختاپ قالغاندەك كۆڭۈل كۆكىدە ئازابلىق ھىجران بۇلۇتى پەيدا بولۇپ قەلب كۆزلىرى ھەسرەت ياشلىرىغا تولدى...

قاتتىق سىقىلىشتىن يىغلىۋەتكەن بوۋاق قىزنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزىۋەتكەنىدى.

## ئىككى خىل تەقدىر

دەريا ھاياتلىق ئېقىمى سۈپىتىدە ئۆزىگە مەنسۇپ نىسبەتلەرگە ئىگە بولماق ئۈچۈن، ئۇزۇن يوللۇق مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقىنىدا، مەن يورۇقلۇق ئىلاھىنىڭ زەررەڭ نۇرلىرىغا ئولتۇرۇپ، رىئاللىقتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىۋاتقانلىقىنى ۋە قۇنىڭغا نېمىلەرنىڭ سەۋەب بولىۋاتقانلىقىنى كۈزەتمەكتىدىم.

... بوش قوم ۋە قىرلار شىددەتلىك ئېقىنلارنىڭ تەھدىتىدە ساراسىمگە چۈشۈپ، قاتتىق زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، دولقۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاندى، دەريا قايناملىرى بىلەن ئۇلارنى يېگىپ يالماپ يۇتىۋەتتى.

ئاھ، ئۇيۇشالمىغان ئاجىز، بىچارە قۇملار...

دەريا مۇساپىسىنى مەغرۇرانە داۋاملاشتۇردى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، مەغرۇر تۇرىۋاتقان قۇدرەتلىك قورام تاشلارغا دۈچ كەلدى. دەريا غەزەبتىن ھۆركىرىدى. دەھشەتلىك ئورۇلىۋاتقان ئۇپقۇنلار باغرى يېرىلىپ، سانسىز ئۇنچىلەرگە ئايلانغىنىچە چاچراپ كەتتى.

(ئاخىرى 136-بەتتە)



ئۈمىدلىك ياش ھەۋەسكار مۇھەممەت سالىم 1970-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدە تۇغۇلغان، 1988-يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

ھازىر بۇ فاكولتېتنىڭ 88-قارارلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر مەزمۇنى يېڭى، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئۈزمەي ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

# ياشلىقتىكى ياشانغان ھېسلار

## مۇھەممەت سالىم

## ياشلىق، ياشلىق، چېقىنمۇ سەن ئېقىنمۇ

ياشلىق، ياشلىق، سەن كۆكتىكى چېقىنمۇ،
ھە دېگەندە يېنىپ- ئۆچۈپ كەتكىلى؟
ۋە ياكى سەن يۈگەنسىز، شوخ ئېقىنمۇ،
ئالدىرايسەن قاي مەنزىلگە يەتكىلى؟

قاچان، قايان كەتتىڭ مېنى ئېتىپ تەرك،
سەن مېنىڭدىن شۇنچىۋىلا بەزگەنمۇ؟
يا مەن ساڭا بەرمەي قىلچە مەيل، ئەرك،
رەھىم قىلماي ئىشقا سېلىپ ئەزگەنمۇ؟

«باھار» دېگەن ساڭا بەرگەن پەردازمۇ؟
جاۋاب بەرگىن سوئالىمغا ئەي تىلسىز!
كېتىپ قاپسەن زېمىستان- ئايازمۇ،
چاچلىرىمغا قىراۋ تاشلاپ مەزگىلسىز؟

رەنجىتكەنمۇ يا مەن سېنىڭ دىلىڭنى،
يولسىزلارچە گەپ تالىشىپ- تەگىشىپ؟
باشقا بىرسى تارتقانمۇ يا مەيلىڭنى،
كېتىپ قالدىڭ نەگە، كىمنى ئەگىشىپ؟

مېنى تاشلاپ تەنھا ئۆزۈڭ كەتكۈچە
بولماسمىدى ئېلىپ كەتسەڭ مېنىمۇ؟
ھەمراھ بولار ئىدىم بەلكى يەتكۈچە-
مەنزىلىڭگە، زېرىكتۈرمەي سېنىمۇ.

كېلەرسەنمۇ غالىب ئۈندە توۋلىسام،
«ياشلىق» دېسەم تۆكۈلىدۇ كۆز يېشىم.
ئىجاد ئاتلىق قىز كۆڭلىنى ئوۋلىسام!
قېرىغاندا تەستۇ كۆڭۈل ئوۋلىشىم.

ھەي، ھەممىسى بىكار قىلغان ئىشىمنىڭ،
كېلەلمەيمەن ئەمدى سېنى ياندۇرۇپ.
كاشكى، ئۆتكەن بولساڭ ئوتلۇق دىلىمنىڭ
ئارزۇسىغا مېنى راسا قاندۇرۇپ!

نۇرلىرىنى ئېلىپ قاچتىڭ كۆزۈمنىڭ،
بەرگەنسەن ئەندۇر كۆزلىرىگە دىلبەرنىڭ.
بۇدۇر- قورۇق، ساق يېرى يوق يۈزۈمنىڭ،
شاھىدىدۇر بەلكىم ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ؟

كېچىلەردە ئاخشا تۇۋلاش يوق ئەمدى،
خالايىقنىڭ ئىپتىۋسىنى بۇزمايمەن.
بەل مۈكچىيىپ بولدى خۇددى بەردەڭگى،
جانانلارنىڭ نازلىرىغا تۈزمايمەن.

كەتكەن چېغى سەن بىلەنلا شوخلىقىم،
سۆزلىرىمگە ئارىلاشماس چاقچاقلار.
قەيەرگىدۇر يېتكەن ھەممە خۇشلىقىم،
كۆلەي دېسەم چىقار پەقەت ئاھ-ۋاھ...لار.

ئەيىب مەندە يەتمەي سېنىڭ قەدرىڭگە،
سېنى ئويناپ-كۈلۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن.
ئىز قالغۇدەك ئىش قىلماستىن، بېھۇدە-
كۈن ئۆتكۈزۈپ، سېنى قولدىن كەتكۈزگەن.

ھەق جازا بۇ دەل جايىدا بېرىلگەن،
مېنىڭ ئۈچۈن بۇ جازامۇ يەنە ئاز.
ياشلىقىمدا ماڭا ئوخشاش كېرىلگەن،
بۇ قىسمەتتىن ئۆزگىسىگە ئۇچرىماس.

ئىسىت، ئىسىت! ئىسىتلەردە چەك بارمۇ؟
ئىسىتلەردىن كۆر قازىمەن ئۆزۈمگە.
ھايات دېگەن مۇشۇندا قىممىزبولارمۇ؟
ئىچىنىمەن ئۆتكەن ياشلىق ئۆمرۈمگە.

قالدى ئەمدى مېنىڭ پەقەت تۆرت كۈنۈم،
ئۆتتى ئۆمرۈم قاراپ يۈرۈپ سايەمگە.
ئىسىت، بىكار تەلەپلىكتە ئۆتكىنىم!...
كېتەر بولدۇم ھەسرەتتە ئۇ ئالەمگە.

## ئىككىمىز دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى

قەلبىمىز سۆيگۈنىڭ پۈتمەس بۇلىقى،
مېھرىمىز مىسالى بىر ئەزىم دەريا.
ئىككىمىز دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى،
رىشتىمىز ئۈزۈلمەس ئىپىندۇر گويا.

تۇرىدۇ ئارىنى توسۇپ شۇ ئېقىم،
ئاققانچە بىزلەرنى سۆيۈپ-باغاشلاپ.
شۇڭلاشقا ئارىمىز بولسىمۇ يېقىن،
قۇچالماي ۋىسالنى كېلىمىز قاقشاپ.

تەگداشىمىز قۇدرەتلىك بولسىمۇ ئىلاھ،
كەلمىدى قولىدىن بىزگە ياخشىلىق.
نېمە دەي تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە، ئاھ!
مۇمكىنمۇ ئۇنىڭغا قىلىش قارشىلىق؟!

سەن ماڭا، مەن ساڭا تەلمۈرۈپ شۇڭا،
دەرد-ئازاب ئىلكىدە ئۆتمەكتە پۇرسەت.
ۋىسال يۈز ئاچامسۇ بىر كۈنى ماڭا،
ھىجراننىڭ ئۈستىدىن قازىنىپ نۇسرەت؟!

## ياش بوغۇنلار

خۇشال كۈلۈپ كىرىپ كەلگەن يېڭى يىل،
بارار ھامان ھەر ئىنساننى چوڭا يېتىپ.
ئارمانلارغا تولغان دىلدا يېڭىدىن،
ئارمانلارنى ئويغىتىپ ھەم ئۇلغايتىپ.

ئۇ ئۆتىدۇ ھەر ئىنساننى قېرىتىپ،
قېرىغانلار ھامان سەپتىن بوشايدۇ.
لېكىن دىلنى سۆيگۈ بىلەن ئېرىتىپ،
ھايات ھامان ئۈزۈلمەيدۇ، ياشنايدۇ.

سەپتىن بوشاش تەبىئەتنىڭ قانۇنى،
ئەمەس بىزمۇ بۇ قانۇندىن مۇستەسنا.
قايغۇرمايمىز بىز بۇنىڭدىن، ھە، چۈنكى،
ئىشىمىزنى داۋام قىلار سىلەر بار.

ياش بوغۇنلار، سىلەر ئىزچى-ئىز باسار،
بىز يەتمىگەن ئارمانلارنىڭ ۋارىسى.
تەسۋىرىگىلار شۇنچە گۈزەل، جەزبىدار،
كەلگۈسىنىڭ خوجايىنى، ئىگىسى.

شۇڭا سىلەر دادىل قەدەم بېسىڭلار،
ئىلگىرىلەڭلەر، مەنزىلىرى بېرىڭلار.
يوللۇڭلاردا گەر توسالغۇ ئۇچرىسا،
باغرىنى ئۇنىڭ چاك قىلىڭلار، يېرىڭلار.

يېڭىلىقتا ئىنتىلىڭلار ھەر قاچان،
كونىلىقتا ئەجەللىك ئوق ئېتىڭلار.

پېشقەدەملەر كۆز سالمىغان، چېقىلمىغان،
چوققىلارغا سىلەر بېرىپ يېتىڭلار.

كېيىن قالماي تەلەپىدىن دەۋرنىڭ،
تەرەققىيات ئېقىمىدا ئېقىڭلار.
سىرلىرىنى ئېچىپ سىرلىق تىلسىمنىڭ،
كوھىقاپنىڭ قولپىسىنى چېقىڭلار.

ھېسسىڭلارغا چەك قويماڭلار، مەيلىگە-
قويۇڭلار، ئۇ سۆيسۇن بېرىپ كەڭلىكنى.
تىرىشىڭلار، ئۆرلەپ يۈكسەك پەللىگە،
تالىشىڭلار ياتلار بىلەن تەڭلىكنى!

## مەن ئۆلگەندە

چۈشۈرۈلمەس بەلكىم مېنىڭ نامىزىم،
مەن ئۆلگەندە، ئىمانسىز ھەم جەدىت دەپ.
نېمە بولسا بولسۇن، ھالال ياشىدىم،
مەن بىلىمەن ئاشۇنىمۇ بەخت دەپ.

چۈنكى، دەرگىز بوي بەرمىدىم قىسمەتكە،
ئۇنىڭ بىلەن باتۇرانە ئېلىشتىم.
ئاشنا بولۇپ يېڭىلىقلەرچە خىسلەتكە،
مۈشكۈل بىلەن كۈرەش قىلدىم، چېلىشتىم.

پىشانەمدىن تەر ئاققۇزۇپ، زورۇقۇپ،
ئەتراپىمنى كۆكەرتتىم ھەم ياشارتتىم.
ئەۋلادىمنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ،
زۇلمەت تۈندەك دىللىرىنى ئاقارتتىم.

تۆھمەتخورلار تۇرغاندىمۇ ئۈستۈمدە،
دىلدىكىنى ئىسى قويماي، نەق دېدىم.
قېلىچ-نەيزە تىرەلسىمۇ كۆكسۈمگە،
تىز پۈكمىدىم، ھەقنى ھامان ھەق دېدىم.

قورقۇتۇشسا دوزاخ بىلەن دىندارلار،
پەرۋايىمغا ئېپ قويمىدىم، قورقمىدىم.
شۇ تەرىزدە ئۆتتى كۈز-قىش، ياز-باھار،
ئىرادەمدىن تەۋرىنىشنى ئۇقمىدىم.

تەقدىرىمنى باغلىماستىن بىراۋغا،
بەختىمنى ئۆز ئەمگىكىمدىن ئىزدىدىم.
يۈركەنسىمۇ قۇندۇز چېچىم قىراۋغا،
چوققىلاردەك يۈكسەكلىكنى كۆزلىدىم.

ئۈككۈنمەيمەن بۇ ئىش ئۈچۈن، ئەۋلادنىڭ-
ئالدىدا تىل قىسىدىغان يېرىم يوق.
ئاقلاش ئۈچۈن ئۈمىدىنى ئەجدادنىڭ،
ھەرىكەت قىلدىم، شۇڭا ھامان كۆڭلۈم توق.

خالىمايمەن ئەقىدەمدىن يېنىشقا،
مەيلى لايىق بولسام بولاي گۇناھقا.
سەۋەب بولغان ئىشىم گۇناھ قىلىشقا،
كەلگۈسىدە ئېرىشەر ھەق ئىزاھقا ...

# يامغۇر

### ئەركىن ئىسرائىل

نە ئۈچۈن كۆز ياش تۆكىدۇ ئاسمان،
ئاھ! كىم بەردىكىن كۆڭلىگە ئازار.
تۇراتتى تېخى باياملا كۈلۈپ،
ئەمدى ھۆسنىدىن قايغۇ-غەم ياغار.

قارىسام بۇلۇت كىرىپ ئارىغا،
زېمىن يارىسىدىن ئايرىپتۇ ئۇنى.

يىغلامدىكىن تاڭ شۇنىڭغا ئاسمان،
تۆكۈپ كۆزىدىن دەريادەك سۈنى.

قارىسام زېمىن بېقىپ ئاسمانغا،
«كەلگىن دىري يار» دەپ ئاچىدۇ قۇچاق.
بۇلۇت ئارىدا كۆرسە تەمەس دىدار،
ئاسمان قىزىنىڭ كۆزى جىرىپ بۇلاق.

# غا...

### مۇھەممەت تۇرسۇن نىياز

كۈتمۇ ئالدىڭ گۈلدەك ئېچىپ،
ھۆددە ئالغان گۈزەل بېغىمدا.
ئېغىز تەگدىم شېرىن مېۋىگە،
ماڭا ھەمراھ بولغان چېغىمدا.

ئوخشاپ قاپتۇق قارىسام جېنىم،
بىر شاختىكى قوشماق گۈلگە بىز.
مېۋىگىنىمۇ تېتىمىدىم لېكىن،
قاچانلىققا ۋىسال قۇچىمىز؟!

# سۆيگۈم گۇناھمۇ؟

### ھەسەنجان تەۋەككۈل

كۆزلىرىڭگە باقسام تەلمۈرۈپ،
پەرۋايىڭغا ئالمىدىڭ نىگار.
«سېنى دىلدىن سۆيىمەن» دېسەم،
دېدىڭ «ساڭا بولمايمەن دىلدار».

ئەسىر قىلدى قەلبىمنى شۇنچە،
نۇر چاقنىغان سېھرى كۆزلىرىڭ.

تالاي گۈزەل كۆيسە ئوتۇمدا،
كۆيمىگەن ئىدىم، كۆيدۈردۈڭ ئۆزەڭ.

مەن يىغلىسام كۈلىسەن نىچۈن،
مېنىڭ دەردىم ساڭا داۋامۇ؟!
پاك سۆيگۈڭگە بولۇپ ئىنتىزار،
سېنى سۆيۈش ماڭا گۇناھمۇ؟!

# تۈن كېچىدە ياڭرىغان ناخشا

### تۇخان بارات

تۈن كېچىدە يېرىپ تۈننىڭ باغرىنى،
ئاڭلىنىدۇ يىراقلاردىن بىر ناخشا.

شۇ ناخشىنىڭ سېھرى كۈچى، ئىلھامى،
ئېپقاچىدۇ خىيالىمنى ھەرياققا.

«ئەللەي بالام»... ھەر كۈن تۈندە ئاڭلايمەن،
ناخشا ئېيتقان قايسى بوۋاق ئانىسى؟
بىلمىدىم مەن، بارمىدۇ بۇ جاھاندا —
«ئەللەي» دېگەن ناخشىلارنىڭ ياخشىسى؟!

تۈن كېچىدە ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا،
بالا چىراق، ئانا ئاڭا پەرۋانە.
شۇ دەم ئانا كۆزى بىدار ئۇيقۇدىن،
بالا ئۈچۈن يۈرەكلىرى سەكپارە..

مۇجەسسەمدۇر ئانا مېھرى، ئۈمىدى،
بۆشۈكتىكى ئاشۇ تىلسىز بوۋاقتا.
«ئاقلار بىر كۈن ئۈمىدىمنى بالام» دەپ،
تەلمۈردۇ كەلگۈسىگە يىراقتا.

بىلسەڭ دوستۇم ئانا مېھرى ئۇلۇغدۇر،
«ئانا» دېمەك قۇياشتىنمۇ نۇرلۇقتۇر.
بالا ئۈچۈن ئانا تاغدەك يۆلەكتۇر،
ئانىلارنى خورلاش كۆزى كورلۇقتۇر.

ھۆرمەتلەيلى ئانىلارنى دوستلىرىم،
ئانىلارنى پەرىشتىگە تەڭ كۆرۈپ.
بىر كۈنلەردە ئانا بولۇپ سىلەرمۇ،
قالىسىلەر بۇ ھېكمەتنى چۈشىنىپ.

## يۇمۇرلار

### پەرگە سالمىدىم

دادىسى : ھۇ كالۋا ، بۇ خەقنىڭ كەكىسى تۇرسا ، سەن ئۇنى نېمىشقا پەرگە سالدىڭ ؟

بالىسى : پەرگە سالمىدىم، سىم كەستىم .

### سىرتىدا يەمتىم

— ئاداش ، تاماق قاچاڭنىڭ سىرتى بەك پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ ، نېمىشقا يۇمايسەن ؟

ب : تاماقنى ئۇنىڭ ئىچىدە يەيمەن، سىرتىدا يەمتىم؟

### دادىسى بىلەن بالىسى

دادىسى : ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى !

بالىسى : ھۇ كۈچۈكنىڭ ئىتى !

### 我 (ۋو) نىڭ ئىشلىتىلىشى

خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى :

— 我 دېگەن سۆز قانداق يەردە ئىشلىتىلىدۇ ؟

— ئاتنى توختىتىدىغان چاغدا ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

### پىكىر دەپتىرى

خېرىدار : ماگىزىنىڭلاردىكى پىكىر دەپتىرى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

ماگىزىن باشلىقى : ھەممىسىنى ئېلىۋەتتۇق .

خېرىدار : نېمىشقا ؟

ماگىزىن باشلىقى : دەپتەر توشمايدىكەن .

# قۇياش ۋە مايسا

(شېئىرلار، ئەسىرلەر)

دولقۇن ياسىن

## مۇقەددەس ئىشتىن خاتىرىلەر

1

«ئۇلۇغ» لۇقنى بېرىۋەتتى ماڭا،
سېخى خەلقىم.
ئۇلۇغ بولدۇم،
«شەرەپلىك» ھەمدېدى پارتىيەم،
شادلىقتا تولدۇم.
سادىلىقىم سىياسىنى تەرك ئېتىپ،
تونۇدۇم مۇقەددەس بۇرچۇمنى،
ئەمدى چوڭ بولدۇم!!...

2

يانار ئۇچقۇنداپ،
كۆيەر يالقۇنلاپ،
لاۋۇلدار ھەرقاچان قەلبىمدە،
بىر سۆيگۈ،
بىر ئىنتىلىش،
بىر ئېتىقاد.
سورىما يەسەن «نېمە ئۇ؟» دەپ.
مېنىڭ سۆيگىنىم،
ئىنتىلگىنىم ھەم،
سەجدە قىلغىنىم-
شۇ! (پەقەت شۇلا!!)
مۇئەللىملىك بىلەن ئۆتكەن
ئاددىي،
مېھنەتلىك،
تېنىمسىز ھايات!!!

3

ئۆكۈنمە يەمەن ئورنۇمدىن ئەسلا،
«ھاكىم» لىقتا قىزىقما يەمەن ھەم.
كىتاب، دوسكا، يېزىق ئۈستەلى،
ھاياتىمغا بېرىدۇ تۈز-تەم.
چاچ-سا قىلىم ئاقارسا بىركۈن،
قەغەز، بورغا ھەم بولۇپ رەڭداش.
قەددىم يادەك ئېگىلسە رازى،
ئاددىيلىقىم «بۈيۈك»كە تەڭداش.
ئۆكۈنمە يەمەن ئورنۇمدىن پەقەت،
چۇقان سېلىپ قىلما يەمەن دەۋا.
بىللە ياتار قۇم-لاي ئاستىدا،
ئەخلەت-چاۋا، تاش ھەم قەھرىۋا.
ئويلاشقىمۇ ۋاقتىم يوق ھەتتا،
كىم قەدىرسىز، كىملەر ئەتىۋا!!.

## سازەندىگە

(مۇۋەششەھ)

دېلىمنىڭ مەيلىنى مەسخۇش قىلىپ بۇندا ناۋا ئەتتىڭ،
ئۆزەڭ كۆركەم، ئۈنۈڭ ياڭراق بىماراغا خۇپ داۋا ئەتتىڭ.
ئىلىم-ئىرپان، ھۇنەر-ھېكمەت، ئىجاد ئەمگەكنى دوست تۇتقان،

چەچەن ئۇيغۇر ئېلىنى سەن ھاۋاسى ساپ سابا ئەتتىڭ.
لەبى لەيلى مىسالى گۈل ئۈچۈن مەجنۇن بولۇپ ئابلا،
سېنىڭ ئىشقىڭدا جان بەرگەچ ئۇنى مەۋزە-پانا ئەتتىڭ.
تىلىڭ تەلۋە قۇيۇنلۇق شۇ جاھالەتنىڭ قولى بىرلە،
ئۈزۈپ تاشلاندى ئايرىلدىڭ، زاماندىن بەكخاپا كەتتىڭ.
ئاجايىپ دەرد-بالاغا مۇپتىلا بولغاچ شۇچاغ خەلقىم،
ساڭا قايتا قۇچاق ئاچتى يەنە ئەلنى ئانا ئەتتىڭ.
رىزا سەندىن جىمى دۇنيا بولۇپمۇ كۆيغۇرمار خەلقىم،
كۆيۈك ياڭرات، قارارىڭ شۇ: ۋىسالىڭغا مانا يەتتىڭ!...

## چۆل تەسىراتى

چۆلدە ئۆستۈم، چۆلدە يۇرتۇم، چۆل ئوغلىمەن،
تۇتسيا دۇر ماڭا ھەر بىركىيا، قۇم تاش.
بالىلىقىم ھېچ دەخلىسىز قويدى قەدەم،
ياشلىقىمنىڭ سەيناسىغا شۇنچە شوخ - شاش.

ئەجەپلەنمە قەدىرلىسەم چۆلنى ھەر ۋاق،

يا دېمىگىن «ئۇنىڭ نەرى كۆركەم، گۈزەل؟»
چۆلدە يوقتۇر ئاۋات كوچا - يا بىر باغچا،
دېمىگىن ھەم: «ئاڭلانمىسا ناخشا - غەزەل».

دېگەنلىرىڭ ھەقتۇر بىراق، ئۇ بىر ئۆتمۈش،
ھازىر دېگەن يېڭى ئەسىر- يېڭى زامان.
ھايات قايناق چۆلدە ياڭرار مۇقام ئۇنى،
بىنا بولدى ئۇندا گۈزەل ئاۋات ماكان.

## پارچە

«بىر تال تۇخۇم تۇغقىنىغا كۆرەڭلىدى»
دېدىڭ، توخۇ خۇشاللىقتىن قا-قا قىلسا،
كەمتەرلىكمۇ توخۇچىلىك «تۇغماي» تۇرۇپ،
ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋالاقلىسا؟!...

## قۇياش ۋە مايسا

«خۇشاللىقا ھەمراھ بولغىنىڭدا ھېس- تۇيغۇلاردىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن.»
مەن بۈگۈن ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن مۇشۇ ھەقىقەتنى تونۇدۇم. خۇشاللىقىم مادار،
ھاياجىنىم قانات، ئاقۇش تۇمانلارنى ئاستىدا قالدۇرۇپ، تېنىق ئاسماندا غۇرقىراپ

ئۈچۈۋاتىمەن. ھەر رەڭدىكى تۈمەنلىغان كۆرۈنۈش تىزىلىپ ئۆتمەكتە. يەردىكى ياپلاق، چارۋىلارمۇ كۆك قەھرىگە كۆچكەن... مەھەللىمىزنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە بىتاقەتلىك پاراشوتنى بىلەن پەسكە شۇڭغۇدۇم. ئانامۇ، دادامۇ بەك ھەيران قالدى. «ماڭا چاقىرىق كەپتۇ، بېيجىڭغا بېرىپ ئوقۇيدىكەنمەن!» خۇشاللىقىمنى جاۋاب ئورنىدا سۇندۇم. ئانام بىلەن دادام بۇنى تەپمۇ-تەك قىلىپ بولىشۋالدى. خىيالىلىرىم ئويغاتتى، شامالىلار ئەركىلەتتى. ۋادىلار چاقىردى، كۆچىنىپ يۈگۈردۈم. مەنزىلىم توختاتتى. ئاستىمدا يەر- ئانا تۇپراق؛ تۇپراق قوينىدىن تۆكۈلگەن مايسا، ئۈس- تۈمدە قۇياش! قولۇمغا چىڭقان بىر تۇپ مايسىنى ئاۋايلاپ يۇلۇپ ئالدىم. نېمە ھال؟ مايسا يىغىلىغاتتىرىدى. ئۈستى قۇياشنى، ئاستى تۇپراقنى سۆيۈپ يەلپۈندى. قەلبىمدە سوئال، زېھنىمدە مۇنۇ جاۋاب: مەن مايسا، دەۋرىم قۇياش!».

## ئاتا - ئانىلارغا ئاگاھلاندۇرۇش

(سۆز ئويۇنى)

ئاتا- ئانىلار ئاللانىڭ ئادىمىزات ئالەمدىكى ئانداق ئادەملىرىكى، ئاتا- ئانىلارغا ئاللادىن ئامانلىق، ئاقىللىق، ئاندىن ئالىيلىق ئاتالغاندۇر. ئالەمدىكى ئاڭلىق ئادەملەر- نىڭ ئالغا ئاتلىنىشىمۇ ئاتا-ئانىلاردىن ئايرىلىق ئاجرەدۇر. ئاندا ئىچىۈن ئارۇ- پاخۇن، ئايۇپاخۇن، ئاۋۇتاخۇن ئاندىن ئايىمخان، ئابىدەخان، ئايپاشاخانلار، ئا- لىمجان، ئادىلجان، ئاقىلجان، ئايجامال، ئايتۇرسۇن، ئالتۇن گۈللەرنىڭ ئائى- لىسىگە ئاللا ئامانلىق ئاتىغاي!

ئاخشام ئاسماندىكى ئاينىڭ ئايدىڭدا ئاڭلىغىنىمغا ئاساسلانغاندا، ئارۇپاخۇن، ئايشەمخانلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئاۋۇتاخۇن، ئايپاشاخانلارنىڭ ئالدىغا ئاپارغان «ئاقلىق ئاتىقى»، «ئانداق ئاتالغانمىش»، «...ئالتە ئاياغ ئالسۇن، ئالتە ئاياغنىڭ ئالتىلىسىنى ئالتىنچى ئايدا ئالسۇن، ئايدەك ئاق ئالتۇندىن ئاسقا ئالسۇن. ئال- تە ئات ئالغۇدەك ئاقچا ئاپارسۇن، ئالمادىس ئاپارمىسا، ئالتۇنگۈللەر ئائى- لىسىنى ئاللاغا ئامانەت ئاتىساق...

ئامالسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدە ئادەملىك ئارمىنىنى ئارتتۇرالمىغان ئالىمجان، ئالتۇنگۈللەر ئاۋام، ئابىرلەرگە ئاچچىق ئاھانەت، ئاداققى ئاغرىنىشلارنى ئالدى- راپ ئاشكارىلىدى. ئانداق ئالاھىدە ئاۋازلارنىڭ ئاشكارا ئاڭلىنىشى ئاتا-ئانىلار- دىكى ئاڭسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئايەمنىڭ ئالتىسىدە ئاتا-ئانىلارنى ئاگاھلاندۇ- رۇپ، ئارزۇ-ئارمىنىنى ئارمان ئايىقىغا ئالدىم. ئاللانىڭ ئالدىدا ئاسىيلىق ئاتال- ماس:

ئاپرېلنىڭ ئالدىدىكى ئاي. ئايەمنىڭ ئالتىنچى ئاخشىمى ئاخىرلاشتى. ئاپتور: ئاقسۇ ئايمىقى ئاقيار ئاھالىسىدىكى ئالتۇنئايدەك ئاقكۆڭۈل ئائىلە ئاۋامىلىرى.

# سۇلھىگە ئۇستا بۆرە

## (مەسەل)

بۇرۇنقى زاماندا تاغنىڭ بۆرىلىرى مەھەللىگە چۈشۈپ كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى يەپ، بەك ئاۋارە قىپتۇ، بۇنىڭغا قارشى ھەممە ئادەم ئىت بېقىپ، بۇ ئىتلارنىڭ ئىچىدىن تۆتنى تاللاپ بۆرە تۇتۇشقا چىقارتىپتۇ. بۇ ئىتلارنىڭ ئىچىدە بىرسى چارۋىچىنىڭ، بىرسى دېھقاننىڭ، بىرسى قاسساپنىڭ، بىرسى ئاشپەزنىڭ ئىتى ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىتلار سايغا چىقىپ بىر بۆرىنى تۇتۇۋاپتۇ، بۆرە ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىغا تەن بېرىپ «مېنى يېسەڭلار يەڭلار. ئەمما، سىلەر كىمنىڭ ئىتى؟» دەپ سوراپتۇ.

ئىتلار ئالدىراپ: «مەن چارۋىچىنىڭ، مەن دېھقاننىڭ، مەن قاسساپنىڭ، مەن ئاشپەزنىڭ» دەپ بەس-بەس بىلەن ئۆزلىرىنى مەلۇم قىپتۇ.

بۆرە دەرھال: «ئۇنداق بولسا، مەن ئاشپەزنىڭ قويىنى يېمىگەن، شۇڭلاشقا مېنى ئاشپەزنىڭ ئىتى يېسە، مەن رازى ئەمەسمەن» دەپتۇ. ئۈچ ئىت بىرلىشىپ ئاشپەزنىڭ ئىتىنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بۆرە بىر دەم تۇرۇپ: «مەن قاسساپنىڭمۇ قويىنى يېمىگەن» دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئىككى ئىت بىرلىشىپ قاسساپنىڭ ئىتىنىمۇ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بۆرە بىردەم تۇرۇپ يەنە «چارۋىچىنىڭ ئىتى مېنى قانداق يېسە مەيلى، جىم يېتىپ بېرىمەن. بىراق، مەن دېھقاننىڭ قويىنى زادىلا يېمىگەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

چارۋىچىنىڭ ئىتى دېھقاننىڭ ئىتىنىمۇ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. چارۋىچىنىڭ ئىتى يالغۇز قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۆرە ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ ۋە ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ ئىتنىڭ يېلىنىش، نالە قىلىشلىرىغا قارىماي يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى توختى ساۋۇت،
رەتلىگۈچى دولقۇن ياسىن.

(«خوتەن ئالىيسەپەن تېخنىكومى گېزىتى»نىڭ 1985- يىللىق 2- سانىدىن)

### يۇمۇرلار

— شۇنچە ئىسسىقتا كۆينەكچان يۈرۈۋەرمەي چاپان كىيىۋالغىنىڭنى قارا!؟

— «نەمۇنىچىلەر ئىزنىكى» نى مۇشۇ چاپىنىمغا قادىغانتىم، شۇڭا ...

غەيرەت ئوقۇتقۇچىغا ھەپتىلىك ئىشتىن دوكلات بېرىۋېتىپ:

— مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ سانى قىرىققا يەتتى، — دەپ دوكلات قىلدى.

— نېمانچە تېز كۆپىيىپ كەتتى! — ئوقۇتقۇچى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— ئۆزلىرى «ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەنتىلە، شۇڭا، ئەمەلىي ساندىن بىر نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتىم.

# پىچىم سودا

(ھېكايە)

گۈلبوستان مەمتىمىن

مەن ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغىنىمدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. مېنى بۇنچىۋىلا ھەيران قالدۇرغىنى — ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان تونۇش ئايالنىڭ كىيىنىشى بىلەن خۇشخۇي كەيپىياتى ئىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنى قارىلىق كىيىم كىيگەن، چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلىغان بىچارە قىياپەتتە ئۇچرىتارمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم. چۈنكى ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ يولدىشى قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقاندا، دىققەتسىزلىكتىن بىنا ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئايالىنى ۋە ئۈچ بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى.

ئايال ماڭا يېقىنلاپ قالدى. بىز تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. شۇ ھامان كۆڭلۈمدىن ھەر خىل خىياللار كەچتى. مەن خىيال دېڭىزىدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرىكى بىر كۆڭۈلسىز ئىشنى ئەسكە ئالدىم.

× ×

مەن تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدە يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بىر خىزمەتدىشىمنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن خوشلۇشۇپ قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، بالنىس كارىدورىنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، يىغا ئاۋازى قاپلاپ كەتتى. مەن ئالدىراپ ياتاقتىن چىقتىم-دە، كىشىلەر توپىغا قوشۇلدۇم. پول ئۈستىدە بىر ئەر كىشى سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىپقىزىل قان، تىترىلىپ كەتكەن كىيىملىرىنى بويىۋەتكەن بولۇپ، خۇددى جانسىز مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ كىشىنى كۆرگەن ئادەتتىكى ھەر قانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ ھازىرلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش مۇمكىنلىكىنى جەزىم قىلالايتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كۈز شامىلىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ياپراقتەك تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى.

— ئاھ... خۇدا...

ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟!...

بالىلىرىم «دادام قېنى» دەپ سورىسا نېمە دەرمەن؟!...

ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى كىشى باغرىنى ئېزەتتى. ھەر قانداق بىر ئادەم ئەزرائىلغا قەرزداردە. مەن ئايالنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى قىلدىم.

ئايال قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئىسسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

كىشىلەر توپىنى يېرىپ ياش بىر دوختۇر كەلدى-دە، ئايالغا قاراپ:

— ماڭا قارىسىلا ئاچا، ياتاقتا يېتىشقا خەت قىلىپ بەرگەن دەپ بۇ يەردە تۇرۇۋالسىلا بولمايدۇ. بۇ كېسەلنى دەرھال بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسىلە، بۇنداق غەۋغا قىلىپ يۈرسىلە، بىمارلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يېتىدۇ، دېدى.

دوختۇرنىڭ سۆزى تۈگەر - تۈگىمەيلا ئايال ئېتىلىپ كېلىپ دوختۇرنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى.

— مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، يولدۇشۇمنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا... بىز تۆت بىچارىگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن، ئۆزلىرىگە بىزدىن يانمىسا، ئاللا ئىگەمدىن يانار، جېنىم دوختۇر، ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالاپ باققان بولسىلا...

— بىمارلارنى داۋالاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇنى كېسەلخانىغا قوبۇل قىلىپ داۋالىغان بولاتتۇق. داۋالىغانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكەنلىرى تۈزۈك.

ئايالنىڭ نالىسى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. يېشى بىر- بىردىن پەرقلەنمەيدىغان، چوڭى بەش ياشلاردا بار ئۈچ بالا قورقۇمسىرىغان ھالدا ئانىسىغا يېپىشىپ ۋارقىراپ يىغلاۋاتاتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن بىر نەچچە كۈن، كېچە- كۈندۈز خىيالىم شۇ ئايال بىلەن بالىلاردا قالغانىدى. «ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شۇ بىچارە ئايال ئۈچ بالا بىلەن قانداق قىلغانىدۇ؟!...» ئايالنىڭ ياكى يولدىشىنىڭ بىرەر تۇغقىنىمۇ بولمىسا...» ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

× ×

— سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم-ھە؟

— ھېچقىسى يوق.

بىز ياندىشىپ ماڭدۇق. مەن سۆزۈمنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا، ئايال ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

«سىلە كەتكەندىن كېيىن، دوختۇر، سېستىرالار قايتا- قايتا سۆيلەپ كېتىشىمنى ئېيتىپ كايىپ كېتىشتى، ئۇنى قايتۇرۇپ كەتكىنىم بىلەن ئۆزەم يالغۇز نېمە قىلالايتتىم؟ قورۇلۇش ئەترىتىدىن ياردەم پۇلمۇ بەرمەيدۇ. شۇڭا مەن نېمە بولسا دوختۇرخانىدا بولسۇن دەپ زادى كەتكىلى ئۇنىمىدىم. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ساقىلىغا ئاق سانچىغان بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپ، «سىڭلىم، سەۋەب قىلسا بىر ئىش بولىدۇ، ئۆيلىرىدە ئېپچىرەك بىرەر نەرسە بولسا ئېلىپ، دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باققان بولسىلا، بەلكىم ئىش ئەپلىشىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس» دېدى. مەن دەسلەپ كاڭگىراپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، ئېيتقان سۆزلىرى خېلى ئورۇنلۇقتەك، يېنىمدا قورۇلۇش ئەترىتىدىن ياردەمگە كەلگەن بىرسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بالىلار بىلەن قوشۇپ ئۆيگە يولغا سالدىم. ئۇ ئۆيدىن بىر قوي ۋە ئۆينى يېڭىلاپ سېلىشقا تەييارلاپ قويغان ئون تال چوڭ ياغاچنى ھارۋىغا بېسىپ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىشنى ئەپلەپ كەتتۇ. شۇ كۈنى سائەت 12 لەردە،

يولدىشىمنى بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇش- تى. دوختۇر ماڭا يولدىشىمدىن ئۈمىد يوق- لىقىنى، شۇنداقتىمۇ كۈچ چىقىرىپ داۋالاپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇندىن كېيىن كې- چە-كۈندۈز ئاسما ئوكۇل سېلىنىدى. ناھا- يىتى كەم تېپىلىدىغان قىممەت باھالىق ئوكۇل، دورىلار ئىشلىتىلدى. بىزمۇ قاراپ تۇرماي ھالىمىزغا يارىشا دوختۇر، سېستى- رالارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ تۇردۇق. ما- نا بالىلارنىڭ دادىسى دوختۇرخانىدىن يې- ئىپ چىققىلى بەش كۈن بولۇپ قالدى، ھازىر ھاسىغا تايىنىپ ھويلىلارغا چىقا- لايدۇ. خۇدا ئىگەمۇ بىزگە رەھمى كەلگەن بول- سا كېرەك، بەندىسىنى يامان يولدا قويمىدى.

ئايالىنىڭ سۆزلىرىدىن تەئەججۈپلىنىپ قالدىم. ئىشەنمەسلىككە ئاساسىم يوق ئى- دى. بۇ مەن تۇنجى ئاڭلىغان بىر يېڭىچە سودا ئىدى. مانا بۇ سودا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ بىر ئادەمگە يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلغانىدى. كونىلار «جان بولسا جاھان» دەيدىغانىتى. مانا ئەمدى «پۇل بولسا جا- ھان» دېيىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ.

## ئەمدى يېڭىلىنىمەن

(ھېكايە)

رىزۋانگۇل ھوشۇر

مەن رومان ۋە ھېكايە ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق، پارتام ئەڭ ئارقىدا بولغاچقا، كى- تاب ئوقۇغىنىمنى مۇئەللىم كۆرمەيتتى، شۇڭا دەرس ۋاقتىدىمۇ كىتاب ئوقۇيتتىم.

ئالدىمىزدا باسقۇچلۇق ئىمتىھان ئېلىنى- دىغانغا پەقەت بىر نەچچە كۈن قالغاندا، مۇ- ئەللىم ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلىقى، شۇڭا بىز- نىڭ ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ياخشى نەتى- جىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى جېكىلىدى، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى قىزغىن دەرس تەك- رارلاشقا كىرىشتى، بىراق مەن بۇسورۇندىن نېرى ئىدىم، قولۇمدا يېڭى ھەم قىزىق بىر رومان. بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىۋېتىپ ئاندىن ئۆگىنەي دەپ ئويلاپ دەسلەپكى كۈن- لەرنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئىمتىھان ئا- لىدىغان كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىمۇ شۇ كى- تابنى ئوقۇيمەن دەپ دەرس تەكرار قىلمى- دىم. كۆڭلۈمدە «ئەتە ئىمتىھان باشقىلار- دىن بۇرۇن تۇرۇپ تەكرار قىلسام تۈگىتە- لەيمەن» دەپ ئويلايتتىم. لېكىن ئەتىسى ئويغىنىپ سائەتكە قارىسام، سائەت ئالتە- دىن 45 مىنۇت ئۆتۈپتۇ. ئاپلا! كىمناستىكا ۋە تاماق ۋاقتىنى چىقىرىۋەتكەندە، تەخمىنەن 40 مىنۇت ۋاقىت قالغانىدى. مەن ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ تەكرار قىلىشقا خېلى تىرىشىپ باقتىم. لېكىن ۋاقىت ئازقالغانىدى جىد- دىيلىشىپ مېڭەمگە ھېچنەرسە چۈشمىدى، شۇڭا ئۆگىنىشىمنى توختىتىپ دوستۇم پەرىدەنى ئىزدىدىم. ئۇ ئۆگىنىپ بولغان مەزمۇنلارنى قايتا تەكرارلاپ بولۇپ تۇرغانىكەن، مەق- سىتىمنى بىلگەندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ئىمتىھان ئالىدىغان ۋاقىتنى بىلگەن- دىن كېيىن بۇرۇنراق ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟ بۇ دېگەن دەرس، سەن ئوقۇغان رومانىدەك بىرلا ئوقۇسا ۋەقەلىكنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ، دېدي.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا خېلى تەسىر قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتنى ئويلاپ يەنە يالۋۇردۇم.

— بۇ قېتىم ياردەم قىلغىن پەرىدە، پەقەت بىرلا قېتىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتىھانلاردا چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن.

— ياق-دېدى ئۇ، مەن تۇتۇۋالغان قولىنى تارتىۋېلىپ.

— سەن يامان ئۆگىنىپ قالدىڭ، داۋاملىق شۇنداق دەيسەن، لېكىن ھەرگىز كېيىنكىدە تىرىشمىدىڭ، ساڭا ئەمدى ياردەم قىلالمايمەن، بۇرۇنقىغا بىرەر قېتىم سۆكۈرسۇن.

— ئۇنداق قىلمىغىن جېنىم دوستۇم، بۇ قېتىم ياردەم قىلساڭلا بولدى، قەسەم قىلاي، جەزمەن ئىككىنچى قېتىم ئۇنداق قىلمايمەن.

پەرىدە ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تۇرغان بىچارە ھالىتىمگە قاراپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي:

— بوپتۇ، بۇ قېتىم ئەڭ ئاخىرقىسى بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ كېيىمدە تۇرىمەن، سەنمۇ كېيىمگە تۇرۇشۇڭ كېرەك،-دېدى. بىز شۇنداق كېلىشىپ ئىمتىھان مەيدانىغا كىردۇق. ئەندىشە ئىچىدە ئىككىمىز ئەتىنى تولىمۇ تەستە توشقۇزدۇم...

نەتىجىنى ئېلان قىلغانلاردا شۇ قېتىملىق ئىمتىھاندا ئاران 60 نومۇر ئاپتىمەن، ئىمتىھانلار ئارقا-ئارقىدىن ئېلىنىۋەردى، مەن پەرىدىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەستە تۇتۇپ ئىمتىھانغا ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىق قىلدىم. مانا ئىمتىھان مەيدانىغا كىردۇق. مەن ھېچقانداق ھودۇقماي ئولتۇرۇپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ چىقىپ كەتتىم. باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئىمتىھاندىن توغرىلىق مۇنازىرىلىشەلەيدىغان بولدۇم. كېيىنكى ئىمتىھانلاردا نەتىجەم ياخشى بولدى.

بۇ نەتىجىلىرىمدىن مېنىڭدىن بەكرەك دوستۇم پەرىدە خۇشال بولدى، ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— يارايسەن، كېيىمدە تۇرۇپ مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم بولدۇڭ،- دېدى.

مەن ئىچ-ئىچىمدىن ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇنداق دېدىم: مەن بۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئوقۇسام، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئوقۇيمەن، ئىمتىھان ۋاقتىدا ياخشى تەييارلىق قىلىپ ھېچكىمگە «دەپ بەرگىن» دەپ يېلىنمايمەن...

# دادا، مەن ئوقۇيمەن

(نەسىر)

### ئابدۇن زۇبدۇن

دادا، سىزنىڭ ئاتىلارغا خاس كۆيۈمچان قەلبىڭىز ئۆز ئوغلىڭىزنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە تەشنا قەلب ئاسمىنىنى ناداانلىق تۇتۇنى بىلەن خىرەلەشتۈرۈشىنى راۋا كۆرەرمۇ؟ سىز ھەمىشە «ئوقۇپ ئەرشىلەرگە چىقاتتىڭمۇ؟ ھازىر سودىمىز بازار تېپىۋاتىدۇ، شۇڭا سەن مېنىڭ پېشىمنى چىڭ تۇتۇپ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئۆگەن» دەپ مېنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سېپىسىز.

سۆيۈملۈك دادا، سىز جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتە مەكتەپ يۈزى كۆرمەي، ئۆمرىڭىزنى پارچە نانغا زار بولۇپ نامراتلىقۋ

ئادالەتتە ئۆتكۈزدىڭىز، سىزنىڭ يۈرەك-باغرىڭىز مەرھەمەتسىزلىكنىڭ پوشايمان ئوتىدا داغلاندى. ئەپسۇسكى، سىز ھازىر تۇرمۇشىڭىز پاراۋان، قازىنىڭىزمۇ ماي، چۆمۈچىڭىزمۇ ماي دەپ، نادانلىق ياستۇقىغا قايتا باش قويماقچى بولۇۋاتىسىز. سىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان كۈرەشچان تارىخ ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى كۆرەلمەيۋاتىسىز، پۇل، مال-دۇنيا گويا ئېگىزدىكى تۇماندەك سىزنى نادانلىق چۆلىگە باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. سىز بۇنى ئاز دەپ، ماڭىمۇ مەنىۋى نامراتلىقىڭىزنى مىراس قالدۇرماقچى بولۇۋاتىسىز.

سۆيۈملۈك دادا، ئىلىم-مەرىپەت ئىنسانلارنىڭ ھايات يولىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراق. ئىلىم-مەرىپەت تەڭداشسىز كۈچ، ئۇ ئىنسانلارنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، سىز ئىشىنەمسىز؟ قاراڭ دادا! ئۆزگىلەر ئايغا ۋە مارسقا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ، نۇرلۇق تىلسىماتلارنىڭ سىرىنى ئېچىۋاتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئەمەسمۇ؟! دادا، بىز پۇلنى دەپ قاچانغىچە تەقدىرنىڭ ئاجىز قۇللىرى بولۇپ ياشاۋېرىمىز؟

سۆيۈملۈك دادا! سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى ئارزۇ-ئارمان، ئۇلۇغۋار غايەم، كۈچلۈك جەسۇرانە ئىرادەم بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتىرىپ، نادانلىق ۋە نامراتلىق ئاسمىنىنى يورۇتۇشۇمغا يول قويۇڭ. جېنىم دادا، مەن ئوقۇيمەن! سىز ھەرگىزمۇ مېنىڭ يولۇمدا توغرا تۇرىۋالماڭ. بۇ مېنىڭ سەممىي ئارزۇيۇم ۋە ئۆتۈنۈشۈم.

# ئەتىرگۈل

(نەسىر)

### روشەنگۈل ئەمەت

ھەممىلەنگە مەلۇمكى، ئەتىرگۈل ئەڭ گۈزەل گۈللەرنىڭ بىرى. مەن ئەتىرگۈلنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئەتىرگۈلنى تولىمۇ قەدىرلەيمەن. چۈنكى، ئەتىرگۈل دېگەن بۇ يېقىملىق، ئەمما كۈچلۈك ھېسسىياتلىق سۆز ئېغىزدىن چىققاندا، ئۆزەمنىڭ قانداق ھالغا كىرىپ قالغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېرەلمەيمەن ھەم تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىخ ئەتىرگۈل!، سەن نېمە دېگەن پۇراقلىق ھەم چىرايلىقسەن-ھە!

سەن باشقا گۈللەردىن رەڭ ۋە گۈزەللىك تالاشمايسەن. سۇمباتلىقىڭ ۋە پۇراقلىقىڭنى كۆز-كۆز قىلمايسەن، مەن ھەر قېتىم سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپ پۇرىغىنىمدا كىشىنىڭ نازۇك دىلىنى مەپتۇن قىلغۇچى ئاشۇ خۇشبۇي پۇراقىڭ ئارقىلىق، مېنى ئۆزەڭگە مەپتۇن قىلىۋالىسەن. قارىماققا سەن شۇنچە ئاددىي بولساڭمۇ، لېكىن، گۈل ئۈچۈن ئىنتىلگۈچى كىشىلەرنى ئۆزەڭنىڭ خۇشبۇي ھىدىڭ بىلەن مەس قىلىسەن.

شۇڭا، كىشىلەر ئۆزىنى ئاجايىپ شېرىن ھېس ئىلكىدە سەزگەندە، سېنىڭ سېھىرلىك گۈلچۈڭگە ۋە ئاجايىپ خىسلىتىڭگە مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالمايمەن.

ئىخ ئەتىرگۈل!، سەن نېمە دېگەن گۈزەل، خاسىيەتلىك ۋە قەدىرلىكسەن. سېنىڭ گۈزەل جامالىڭ، يوپۇرماقلىرىڭ ئۈستىدىكى ئۈنچىدەك شەبنەم تامچىلىرىڭ تەبىئەت ھۆس-

نىگە ھۆسىن قوشىدۇ، بۇنداق چاغدا كىشىمۇ ساڭا مەپتۇن بولماي تۇرالمىسۇن! ئەي ئەتىرگۈل، ئەگەر سەن خالىساڭ ئىدىڭ، مەن ساڭا كۆكتۈل كۆكسىمنى باغ، يۈرىكىمنى مېھرىمنى سۇ، مۇھەببىتىمنى ئوزۇق قىلىشقا قادىر ئىدىم. ئېخ ئەتىرگۈل! سەن مېنىڭمۇ ھاياتىم بې-
غىمدا (گۈلزارىمدا) ئەڭ خاسىيەتلىك گۈل سەن. مەن سېنى قەدىرلەيمەن. سېنى ۋەتەن، خەلق، ياش ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن سوغا قىلىمەن. شۇڭا، سېنى ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ، چىدام ۋە غەيرەتنىڭ، ئېسىل پەزىلەتنىڭ سىمۋولى دەيمەن.

# ئانا مېھرى

(نەسىر)

## مەريەم بەكرى

«ئانا» دېگەن بۇ ئىسىم تەكىتلىنىش بىلەن ئانا مېھرىنى چۈشەنگەن ھەربىر كىشىنىڭ يۈرىكى ھاياجان ئىلكىدە تىترەشكە باشلايدۇ. «ئانا» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. قولۇمغا قەلەم ئېلىشىم بىلەن، ئانامنىڭ مۇلايىم مېھرىبان سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ. قەلبىم ئانا مېھرىگە قانمىغان بوۋاقتەك مېھرىبان ئانامغا تەلپۈنمەكتە. كۆز ياشلىرىم دەريادەك دولقۇنلاپ، مېھرىبان ئانامغا بولغان سېغىنىشىمنى ئىپادىلىمەكتە، مېھرىبان ئانامىنىڭ مېنى تەربىيىلەش يولىدىكى بىر ئۆمۈرجاپالىرى شىرىن چۈشتەك كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ، قەلبىمنى ئۆرتىمەكتە. «ئانا، ئەقىدەڭنى يەردە قويمايمەن، ئەجرىڭگە جاۋاب قايتۇرىمەن» دېگەن خىتاب يۈرەك قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىقماقتا.

ئېخ ئانا! سەن قانچىلىغان كېچىلەرنى كۈندەك، مەسۇم پەرزەنتلىرىڭنى تەربىيىلەش، قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن، بۆشۈك يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنسەن!؟ قانچىلىغان تۈنلەرنى پەرزەنتلىرىڭنىڭ غېمىدە ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەنسەن!؟ ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۇرگەنسەن!؟ ئانا! سەن ئۆز پەرزەنتىڭنى ياخشى تەربىيىلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ بەردىڭ، ئۇلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈرجاپالىق ئەجىر سىڭدۈردۈڭ.

ئېخ ئانا! سەن جەمئىيەتتە ئۇزۇن يىللار باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن بولساڭمۇ، لېكىن، قىلچىلىك زارلانمىدىڭ. ئۆز ئەركىنلىكىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلدىڭ. ئۆز بەختىڭ قولغا كېلىپ، پەرزەنتلىرىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان شارائىتتا، خۇشاللىق، بەخت ياشلىرىڭنى تۆكتۈڭ. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئۇرغۇن ياراملىق ئىشلارنى قىلدىڭ.

ئېخ ئانا! سەن ھەقىقەتەن ئىنسان ئىچىدىكى قەدىرلەشكە، ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەردىنسەن، سېنىڭ تۆھپەڭ مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ، پەرزەنتلىرىڭ سېنىڭ جاپالىق ئەجرىڭگە جاۋاب قايتۇرىدۇ، سەن خاتىرجەم بول!

---

(بېشى 121 ـ بەتتە)

پاھ، نېمە دېگەن مەزمۇت ـ ھە!

دەريا خورسىنىپ قويدى. «مەن پەقەت چۈۋۋالچاق، بوشاڭراق مەۋجۇداتلارنىڭلا تەقدىرىنى بەلگىلىيەلەيدىكەنمەن.» ئۇ ئۆز قۇدرىتى يەتمىگەن مەۋجۇداتلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ، ئەبەدىي چوقۇنغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە، قۇرام تاشنى قايرىلىپ ئۆتۈپ چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقان مۇھىتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...



يولداش مەتتۇردى مىرزىئەخمەت 1961-يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1980-يىلى 9-ئايدا مەكتىپىمىزنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984-يىلدىن 1986-يىلغىچە فاكۇلتېتىمىزدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1986-يىلدىن ھازىرغا قەدەر «بۇلاق» ژۇرنىلىدا تەھرىرلىك قىلىۋاتىدۇ. 1984-يىلى ئۇنىڭ «ياخشىدۇر»، «يۈرىمىزمۇ» ناملىق شېئىرلىرى خوتەن ۋىلايىتى ئۆتكۈزگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتور، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

# ئۈچ شېئىر

## مەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## ۋەتەن مېھرى

ئېخ، ۋەتەن چىن مەھلىيا بولدۇم گۈلىستانىڭ كۆرۈپ،
كانۇ-كارخانا، زاۋۇتتىن زور شەرەپ - شانىڭ كۆرۈپ،
زوقلا تولدۇم مول ھوسۇللۇق باغۇ-خامانىڭ كۆرۈپ،
چىن يۈرەكتىن ئاپىرىن ئېيتتىم چەۋەندازىڭ كۆرۈپ،
دىل سۆيۈندى پەنگە مەپتۇن قىز ۋە ئوغلانىڭ كۆرۈپ.

تۆت ئۇلۇغ يول ئىچرە توسقۇنسىز يۈرەر كارۋانلىرىڭ،
گۈلگە پۈركەشكە بويۇڭنى تۇردى يەڭ پالۋانلىرىڭ،
كۆكلىدى مېھنەت بىلەن چۆل ئورنىدا بوستانلىرىڭ،
قۇچقىمىڭ رەڭدار گىلەم، كۆزچاقنىتار رەيھانلىرىڭ،
ئى ۋەتەن چىن مەھلىيا بولدۇم گۈلىستانىڭ كۆرۈپ.

خاڭدا ئىشچى غەيرىتى ئاشتى دىلىمدىن كەتتى غەم،
سېختا قىزچاق كۆڭلى خورسەنت تىنىمايىن ئىشلەر بۇدەم،
خاھ پولاتچى، خاھ نېفىتچىلار ساڭا بەردى قەسەم....
سوقتى شاتلىقتىن يۈرەك ئەتتى ئۇنى ئىزھار قەلەم،
كانۇ-كارخانا، زاۋۇتتىن زور شەرەپ-شانىڭ كۆرۈپ،

چېھرىدە دېھقان بوۋاينىڭ خۇش تەبەسسۇم بار بۈگۈن،
بەستىگە تاغلارنى تالقان قىلغۇدەك كۈچ يار بۈگۈن،

چۈنكى قانچە ئىشلىسە، شۇنچىكى ياغ چاينار بۈگۈن،
چەش قىلىندى مەھسۇلات، ئىلغارلىرى قاينار بۈگۈن،
زوققا تولدۇم مول ھوسۇللۇق باغۇ-خامانىڭ كۆرۈپ.

جەڭچى قوغدار چېگرىنى ئەل بەختىگە قورغان بولۇپ،
دوستىغا تاغدەك مېھرىبان، دۈشمەنگە شىر-ئارسلان بولۇپ،
مەيلى يەردىن، مەيلى كۆكتىن كەلسە دۈشمەن قول سۇنۇپ،
قودرىتىڭنى كۆرسىتەر ياۋنى سۈرۈپ شەمشەر ئۇرۇپ،
چىن يۈرەكتىن ئاپىرىن ئېيتتىم چەۋەندازىڭ كۆرۈپ.

باغلىرىڭدا خوپ ئېچىلدى مەرىپەتنىڭ گۈللىرى،
گۈل ئېچىلدۇرغان ئۇ شۇل باغۋەنلىرىڭ ئەجرى-تېرى،
قانچە ئوغلۇڭنىڭ ئىلىم - پەندىن نۇر ئالدى دىللىرى،
ساڭا تەقدىم ئەتتى شاتلىق بىرلە ئەقلىن ھەربىرى،
دىل سۆيۈندى پەنگە مەپتۇن قىز ۋە ئوغلانىڭ كۆرۈپ.

## ياخشىدۇر

قۇشقا ئىككى گاڭ قانات كۆكتە ئۇچۇشقا ياخشىدۇر،
بىزگە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق شان قۇچۇشقا ياخشىدۇر،
ئۆز ئارا جاڭجال رەقىپنى خوش قىلىشقا ياخشىدۇر،
چۈنكى بىرلىكسىز زېمىن ياۋ چاڭ سېلىشقا ياخشىدۇر،
باشتىن ئۆتكۈزگەن ساۋاق ئىبرەت ئېلىشقا ياخشىدۇر.

سال نەزەر ئۆتكەن كۈنۈڭگە تارىخىڭدىن ئاچ ۋاراق،
ئۇندىكى ھۆرلۈك-ۋەيرانلىققا زېھنىڭ بىرلە باق،
ھېس قىلارسەن قانچىلىك ئەۋزەل ئىكەن ئۆتمەك ئىناق،
پىتنە-ئىغۋا بىرلە ھېچ ئەل تاپمىغاي تېچلىق - روناق،
باشتىن ئۆتكۈزگەن ساۋاق ئىبرەت ئېلىشقا ياخشىدۇر.

بىل مۇھىم ھەر ئىشتا ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى ھامان،
بىرلىشىشتىن بولغۇسىدۇر ھەرنە مۈشكۈللۈك ئاسان،
كۆپ بىلەن ھەل ئارزۇ - ئارمان، كۆپ بىلەن ھەر ئىش راۋان،
يالغۇز ئاتتىن چىقمىغاي چاڭ، بولسىمۇ دۈلدۈل-قۇلان،
باشتىن ئۆتكۈزگەن ساۋاق ئىبرەت ئېلىشقا ياخشىدۇر.

بۇزمىغىن ئەل بىرلىكىنى پىتنە-غەيۋەتلەر بىلەن،
ئۆچ - ئاداۋەتلەر تېرىپ ئۈندۈرمە گۈللۈكتە تىكەن،

كونىلار «دوست ئايرىغان دوزاخ ئىزۋىدە» دەپتىكەن ،
(چۈنكى يۇرتتا كۆپ مالامەت ئايرىلىشتىن كەپتىكەن)
باشتىن ئۆتكۈزگەن ساۋاق ئىبرەت ئېلىشقا ياخشىدۇر.

ياشىسۇن خەلقىم ئەبەدكە بىر-بىرىدىن ھۆرمەت تىلىشىپ،
بىر نىيەتتە ئالغا باسسا كەتكۈسى تاغلار ئېشىپ،
دىلدا دوستلۇقنىڭ چىراغى مەڭگۈ تۇرسۇن نۇر چېچىپ،
ئۇ چىراق نۇر چاچمىسا دىلدىن كېتەر شاتلىق قېچىپ،
باشتىن ئۆتكۈزگەن ساۋاق ئىبرەت ئېلىشقا ياخشىدۇر.

## يۈرىيەمىزمۇ؟...

ئايا دوست، قانچە يىل ئۆتتى ئاداۋەت ساقلىماق بىرلە،
چىقامدۇ ياخشىلىق كونا ساماننى سورىماق بىرلە،
قەيەرگە بارىمىز زىتلىق ئېرىقىن ياقلىماق بىرلە،
بولايلى ئەمدى بىز دوستلۇق شارابىن ئوتلىماق بىرلە،
قىلايلى دىلنى كىردىن پاك شۇ مەي بىرلە يۇماق بىرلە،
باھار بولسا يۈرىيەمىزمۇ يەنە قىشلىق تۇماق بىرلە ؟

بورانلار قاپلىغان يىللاردا بىز بىلمەي بولۇشتۇق زىت،
ئېچىلغاندا ھاۋا كۆزىنى ئېچىپ بولدۇق ئەجەپ تىت-تىت،
پۇشايماندىن نېمە پايدا، قولنى چىڭ چىشلەپ دېيىشتۇق «ئىسسىت»،
جىمى دوستلار دىلىدا قايتا ئۇلاندى ئىناقلىق رىشت،
ئەجەپ يايرايدىكەن ئادەم ئىناق ئۆتسە داۋام بىللە،
باھار بولسا يۈرىيەمىزمۇ يەنە قىشلىق تۇماق بىرلە ؟

لېكىن سەندىن ئەپۇ سورسام چىرايىڭنى بىر ئاچمايسەن،
نەچچە يىللىق ئاداۋەت ئۆچىنى ھېچ تاشلاپمۇ ئاتمايسەن،
«كەچۈر ئۆتتى خاتا مەندىن» دېسەم پەرۋاغا ئالمايسەن،
پەيت كەلسە ئېلىپ يانپاشقا بىر سالماقنى ئويلايسەن،
جىمى شات - ئىتتىپاق، بىزلەر ياشامدۇق دام - تۇزاق بىرلە؟
باھار بولسا يۈرىيەمىزمۇ يەنە قىشلىق تۇماق بىرلە؟

ئۇ چاغ مەن بىلمىدىم دوستلۇق قەدرىنى ئېيتىمنىڭ ئوخشاش،
بىراق شۇ ئىشنى بانا قىپ كۆرەمسەن دۈشمىنىڭ ئوخشاش،
ئاداۋەت تاشلىماق — يۈكتىن ئازادە بولغىنىڭ ئوخشاش،
ھاۋا ئىللىق، لېكىن كونا چاپاننى سالمىدىڭ، ئوخشاش،
نەزەر سالغىن ئىناقلىق گۈل ئېچىپتۇ خوش پۇراق بىرلە،
باھار بولسا يۈرىيەمىزمۇ يەنە قىشلىق تۇماق بىرلە؟

1983- يىلى سېنتەبىر، خوتەن.

# شېئىرلار ۋە ئەسەرلەر

پەرھات ئىسلام

## كەپتەر

سېتىۋالدىم قارا گاال كەپتەر ،
ئاۋارە بولۇپ بىر قانچە ھەپتە .
دانىنى بېرىپ باقسامۇ ئوبدان ،
قويدى مېنى يامان بىر دەرتتە .

دانىنى چاچسام ئۇچۇپ كېلىشتى ،
قانات قېقىپ چوقۇپ يېيىشتى .

تويۇۋېدى شۇ تاپتا كېلى ،
قايا ققىدۇر ئۇچۇپ كېتىشتى .

ئۇچقىنىدا كەپتەر ھاۋاغا ،
پاتتىم ئاڭا قاراپ خىيالغا .
قورساق تويسا ئۇچۇپلا كەتسە ،
قايسى باھا لايىق ئۇلارغا ؟...

## گۈزەللىك

ھەر كۈنى دوستۇم ھاماقەت توزدەك ،
ئۆزەڭنى ھەر خىل رەڭدە بېزەيسەن .
گۈزەل بولسىلا سىرتى ئىنساننىڭ ،
بولىدۇ قانداق، بۇنى بىلەمسەن ؟

تاشقى گۈزەللىك ۋاقىتلىق نەرسە ،
گويا يوگۇمەچ گۈلگە ئوخشاش .
شۇ چىرايلىق گۈل قۇرۇيدۇ بىر چاغ،
بۇنىڭدىن نېمە ئويلايسەن يولداش؟!

تېشى گۈزەلنىڭ قىممىتى بولماس ،
ئىچكى گۈزەللىك ھەممىدىن ساپراق.
تاۋۇزنىڭ پوستى شۇنچە گۈزەلغۇ ،
بىراق ئىنسانلار ئىچىگە ئامراق .

شۇڭا سەن دوستۇم شەكىلنى تاشلاپ ،
ئىلىم- پەن بىلەن ئىچىڭنى بېزە .
شۇندا ھۆرمىتىڭ ئاشار ئەل ئارا ،
قۇچىسەن مېھنەت بىلەن مۆجىزە .

## يىغلاڭغۇ ئەمەسمەن

يىغلاڭغۇ ئەمەسمەن ئەمما يىغلايمەن ،
مەنىسىز لاي سۇدەك ئاققان ئۆمرۈمگە .
نەچچە كۈن، نەچچە تۈن مۇڭلۇق تەلمۈرۈپ. ،
توزىغان غۇنچىدەك ئۇشبۇ ئۆمرۈمگە .

يىغلاڭغۇ ئەمەسمەن ئەمما يىغلايمەن ،
نادانغا سۆزلىگەن ئۇشبۇ سۆزۈمگە .
بەختىمنىڭ مېۋىسىن تېتىپلا ئۇلار ،
ئاقىۋەت كۈل سەپتى مېنىڭ كۆزۈمگە.

يىغلاتقىنۇ ئەمەسمەن ئەمما يىغلايمەن ،
ياپراقتەك تۆكۈلگەن ياشلىق گۈلۈمگە .
مەنىلىك ئۆتسەمچۇ ئوشبۇ دۇنيادىن :
بىكارغا باسسام قەدەم ئۆلۈمگە !

## ياشلىققا نەزەر

تېخى مەن ياش ئىدىم ئوتلۇق يۈرەك ،
ۋە لېكىن بوشۇدۇم قېرى كەبى .
ياشلىقىم مەنىسىز تۆكتى چېچەك ،
چۈنكى مەن تۇرمۇشقا تېخى سەبى .

بېشىمدىن ئۆتتى كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ،
بەزىدە ياپىردىم، بەزى يىغلىدىم .
ئاھ ئۇرۇپ نالىدا كۆرمىدىم يوروق ،
ياشلىقىم قەدرىگىنى پەقەت بىلمىدىم .

قېنى سەن ياشلىقىم گۈلدەك چېغىم ،
قايانغا توزۇدۇڭ تۇمان كەبى .
كۆز يېشىم كۈن بويى گويا ئېقىم ،
قاچامسەن ياكى سەن مەندىن تەبى .

## نەسرلەر

بېلىق :
مەن سۇ ئىچىدە ئۈزۈشۈمگە قانائەت ئەيلىگىنىمدە ، ئەركىن ئۈزەلەيمەن ، غەپلەتكە يېتىپ ئازغىنام يەمگە ئالدانسىلا قارماققا ئىلىنىپ ھاياتىمدىن ئايرىلىمەن .

ھەقىقەت :
مەن ئىگىلىمەن، ئەمما سۇنمايمەن، ئىشەنمەسەڭلار مېنى سۇندۇرماق بولۇپ ئۆزى سۇنۇپ قالغانلاردىن سوراپ كۆرۈڭلار .

قۇياش :
مەن زېمىنگە ئىللىق نۇر چاچقىنىمدا ئىنسانلار شادلىنىدۇ ، ئەمما بەزىلەر ئازراق تەرلەنسىلا ، مەندىن بىزار بولۇپ چۇقان سالىدۇ . مەن شۇلاردىن سوراپ بىلگۈم كېلىدۇ: شىۋىرغاندىكى كۈنلىرىنى ئۇنتۇغانمىدۇ؟!

يۇلغۇن :
مەن ئانا تۇپراقنى قەدىرلەپ يىلتىز تارتىشنىڭ نەمۇنىچىسىمەن ، ئازراق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، پىتىراي كەتكەن قامغاقنىڭ ھالىغا قاراڭلار !

### كونا كىيىم كىيىپ كېلىش

ئوقۇغۇچى ئا : بۈگۈن يېڭى كىيىملىرىڭنى سېلىۋېتىپ ، كونا ھەم يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ كەپسەنغۇ ؟

ئوقۇغۇچى ب : چۈنكى بۈگۈن كىيىم پۇلى باھالايدۇ ئەمەسمۇ ؟!

# كەچۈر، ئوغلۇم

(ھېكايە)

قېييۇم توختى

ھەر كۈنى ئائىلىمىزدە بولۇۋاتقان جەدەل-ماجىرا مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— ھەي خوتۇن، سەن ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، ئۇلۇغ ئاللاغا ھاقارەت كەلتۈرمە، ئاغزىڭ ماياق بولۇپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى دادام ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — بالىنى مەن بېقىپ چوڭ قىلدىم، قانداق قىلسام سېنىڭ كارىڭ نېمە؟...

— بالىلارنىڭ كېيىنكى بەختىنى ئويلاش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزغۇ؟

— ھىم، بەختىمىش، مەكتەپتە ئوقۇتساق بەختلىك بولامدىكەن؟ كۆرۈۋاتىسەن، ئۇنىنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ كوچىدا لاغايلاپ يۈرمەمدۇ؟! — دېدى دادام ئاپامغا تىكىلىپ قاراپ.

بۇ تالاش-تارتىش ئاخىرى يېقىن تۇغقانلارنىڭ بىۋاسىتە ئارىغا كىرىشى ئارقىلىق ئايرىلدى. مەن مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇم، ئاكامنى بولسا مەھەللىمىزدىكى ھوشۇر قارىنىڭ قولىدا ئوقۇتۇپ «قارى» قىلماقچى بولدى.

ھازىرغىچە بىر ئىش مېنىڭ كۆڭلۈمدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىدى، بىر كۈنى مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ باھالانغان تەقدىرنامىنى دادامغا كۆرسەتتىم.

— دادا، دادا، مەن ئەلاچى بولۇپ باھالاندىم.

دادام ماڭا قاراپ قويۇپلا قولۇمدىن تەقدىرنامىنى تارتىپ ئالدى-دە:

— بۇنداق شەيتاننىڭ نەرسىسى قۇرۇپ كەتسۇن، — دېگىنىچە پارە-پارە قىلىۋەتتى. ماڭا ھېسداشلىق قىلغان ئاپامنىڭمۇ شۇ چاغدا بىر كاچات يېگەنلىكى خۇددى ھازىر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەك كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.

10 يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىغا مېگىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئاكامۇ مەھەللىمىزدە خېلى ئابرويلۇق ئادەم قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

مانا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى تۈگىتىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىشلىدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىز دادامنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قويۇپ، ئۆيگە قاراپ كەتتىم. بېكەتكە چۈشۈپ، ئۆيگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قالدىم. ئۆيگە كىرىپلا ئۆينىڭ تۆرىدە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان دادامغا ھەم ئۇڭ تەرەپتە ئاپام، سول تەرەپتە قولىدا بىر پىيالە نېمىنىدۇر دادام-

غا ئىچىشكە زورلاۋاتقان ئاكام كۆزۈمگە چېلىقتى.

— ئاپا، دادام نېمە بولدى؟ — ئاپام ماڭا لاپ قىلىپ تىكىلىپ قاراپ، كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا:

— بالام، دادىڭ سەن كېتىپ ئەتىسىلا يېتىپ قالدى. قانداق كېسەللىكىنى بىلەلمىدۇق...

— ئاپا، نېمىشقا دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلا؟...

— دادىڭ ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا؟ — ئاكام شۇ ئارىدا سۆز قاتتى.

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندە، ئاكام مەھەللىمىزدىكى مەسچىتتە ئىمام بولغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاكامنى ئۆيگە «خەتمە قۇرئان» قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىدىغانلار ھەم ئاكامنىڭ مۇڭلۇق «قىرائەت تىلەۋى»نى ئاڭلايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

— ھەي ئۇكام، دوختۇرخانىغا ئاپارغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ قىلىدىغىنى ھاكىغا ئوخشاش دورا، يەنە بەدەنگە سانجىپ ئاغرىتىدىغان زەھەرلىك ئوكۇل...

— ئاكا، قولىڭىزدىكى نېمە سۇ؟...

— نېمە سۇ بولاتتى، بۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ ئايەت بىلەن ئوقۇلغان «دەم—مىدە» سۈيى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدۇ، — دېدى ئاكام ماڭا تىكىلىپ.

مەن دەرھال بېرىپ دادامنىڭ سول قول تومۇرىنى تۇتتۇم. دادامنىڭ تومۇرى نورمالسىز سوقۇۋاتاتتى. دادامنىڭ چىرايىغا زەڭ سالدىم. دادامنىڭ ئىككى مەڭزىدىكى زەڭ سېلىپ قارىسا بىلگىلى بولىدىغان قىزىللىق ئاللىبۇرۇن يوقالغان. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى. مەن دوختۇرخانىدىن تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، دادامنى قايتا-قايتا تەكشۈردۈم، نەتىجىدە دادامنىڭ يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بايقىدىم.

— نېمە كېسەلكەن بالام؟

— يۈرەك كېسىلى...

— ۋايجان! — ئاپام قاتتىق ۋارقىراۋەتتى.

— بۇنىڭدىن نېمە قورقۇش ئاپا، — دېدى ئاكام ئورنىدىن تۇرۇپ، — ناھىيىمىزدە ھوشۇر قارى، سەلەي موللام، يەنە كېلىپ مەندەك قارىلار تۇرسا. بىر نەچچە سائەت ئوقۇتۇپ، سەللىمازا ساقايتىمىز. مەن ئۇلارنى دەرھال چاقىرىپ كېلەي، — ئاكام مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ئاكا، — شۇ چاغدا دادامنىڭ تۆۋەن ۋە زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دوختۇرخانىغا بارمايمەن. ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، كېسەلنىڭ ساقىيىشى خۇداغا باغلىق. ئۇلۇغ خۇدا بىزدەك بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم ۋە ئاكامغا قاراپ ۋارقىرىدىم:

— بولدى قوي ئاكا، مەن ئۆز قولۇم بىلەن داۋالايمەن.

ئاكاممۇ ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمەڭ بىلەن داۋالايسەن؟ ئاشۇ ھاكىغا ئوخشاش دورا بىلەنمۇ؟ بوپتۇ، داۋالاپ باقارسەن، ئەگەر دادام ساقىيالمايدىكەن، شۇ چاغدا سەن بىلەن ھېسابلىشى-

مەن، - دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەن دادامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، زورلاپ دوختۇرخانىغا يۆتكىدىم-دە، داۋالاشقا باشلىدىم.

ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دادامنىڭ كېسەلى بارا-بارا ساقىيىشقا باشلىدى. تالا-تۈزگە ھەم بازارلارغىمۇ بارالايدىغان بولدى. بىر كۈنى دادامنىڭ يېنىغا كەلدىم. دادام رۇجەك تەرەپكە قاراپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئولتۇراتتى، ئاپام بىلەن ئاكامۇ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە دادامغا قاراپ تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز دادا؟ - دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ. دادام ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى بارا-بارا قىزىرىپ خىجىل بولۇۋاتقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۈسكە كىردى. دادام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ رۇجەك تەرەپكە قارىۋالدى. مەن دادامنىڭ يۈزىدە سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن دادام يېڭى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ساقاللىرىنى تىترەتكەن ھالدا ماڭا قاراپ دېدى:

— ئوغلۇم، مېنى كەچۈرگىن! ...

# باھار

( نەسىر )

## جۇرئەت مۇھەممەت

باھار! ، سەن نېمە ئۈچۈن ئادەمنى خۇددى مۆر-پەرىلەردەك ئۆزەڭگە جەلپ قىلىپ سۆيۈندۈرۈپ كېلىسەن.

ياق، سەن مېنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەل-يۇرتنى، جان-جانىۋارلارنى، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنى ئۆزەڭگە جەلپ قىلىپ سۆيۈندۈرۈپ كېلىسەن. چۈنكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلار گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ ئۇلارنى زادى نېمە ۋەسلىڭگە يەتكۈزەلەيدۇ؟ پەقەتلا بىردىنبىر گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، خۇشاللىقنىڭ ئەلچىسى بولغان «باھار». يەنىلا سەن ۋەسلىڭگە يەتكۈزەلەيسەن، چۈنكى ئۇلار ئىنتىلىدىغان گۈزەللىك سەندىلا بار.

يەنە، مەن ساڭا مۇنداق سوئالنى قويماي تۇرالمايمەن: سېنىڭ بۇ سىرلىق گۈزەل خىسلىتىڭ زادى نېمە؟

— راست، سەن تەبىئەتكە ياپېشىل تونىڭنى يېپىندۇردۇڭ، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە ئادەملەرنىڭ زوقىنى تارتىپ كۆڭلىنى يايرىتىدىغان رەڭدار گۈل-چېچەكلىرىڭنى قىستىڭ ئەمەسمۇ؟

ھە، نېمە دەپ پىچىرلايسەن، ياقۇت ياپراقلىرىڭ نېمىنى ئالقىشلاۋاتىدۇ. ئۇنچە-مەرۋايىتنىڭ سىماسى ئۆزىدە يالتىرىغان گۈل-چېچەكلىرىڭ ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىۋاتىدىغۇ. ئۇ ماڭا يەنە قانداق بەخت-سائادەتنىڭ بىشارىتىنى بېرىۋاتىدۇ.

ياق، مەن خاتالىشىپتىمەن. ماڭىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەل-يۇرتقا بەختتىن، بەر-

(داۋامى 155-بەتتە)



ئۈمىدلىك ياش، ھەۋەسكار جۈرئەت نۇرۇللا 1968-يىلى 11-ئىيۇندا ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986-يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 1986-يىلى قىزىلسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «سېنتەبىرا قىزغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

# سۆيگۈ چۇقانلىرى

جۈرئەت نۇرۇللا

## ئەنسىرەيمەن

ئولتۇرۇپسەن ياردەك بىلەن باغچىدا،
خۇپ ياراشقان ئىككىڭلارغا بىر بولماق.
ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدىم سىلەرگە،
(ھەسەت قىلىش خىسلىتىمدىن بەك يىراق.)

ئولتۇرۇۋەر، ھەرگىز ھەسەت قىلمايمەن،
لېكىن دىلدا پىنھان تۇتقان سىرىم بار.
ئىككىمىزمۇ يۈرگەن مەزگىل بۇ باغدا،
يولىمىزنى قۇتلىغانتى ئاپئاق قار.

ئەنسىرەيمەن، مەندىن قاچقان گۈزىلىم،
يىراق يېشى تۆكمىسىدى شۇ يىگىت...
سېنى باشقا بىرسى بىلەن ئۇچرىتىپ،
ئاھ، كۆڭلىدە قالمىسىدى كۆپ چىكىت!

## يالغۇزلۇقنى خالايمەن، بىراق...

يالغۇزلۇقتا ئەسىرمەن بۇدەم،
ئەتراپ جىمجىت، ياپرايدۇ دىلىم.
ۋۇجۇدۇمدا ئەركىن بىر سېزىم،
يالغۇزلۇقتا قۇۋۇنار جېنىم.

يالغۇزلۇقۇم-خىيال بۆشىكىم،
خىيالىمدا كۆرىمەن سېنى.
سەن تۇرىسەن گۈلزاردا، ئەلە،
كۆزلىرىڭدە چاقىرىپ مېنى.

يالغۇزلۇقتا خۇشتارمەن شۇنداق،
يالغۇز خانا بولسا كىرەيمەن.
يالغۇزلۇقنى خالايمەن، بىراق -
يالغۇز يېتىپ سېنى تىلەيمەن!

## ۋىسالسىز كېچە

غالىب ھېسقا تولۇپ چىملىق قاش،
دەريا چاچار لالە رەڭ بۇژغۇن.
ساھىل قىزغۇچ تاۋلانغان تۇتاش،
ئۇپۇقتا كۈن ئىزدەيدۇ ئورۇن.

كۆكۈم ئاستا سالماقتا گىرە ،
پاھ، باش قويۇپ زېمىن كۆكسىگە .
بەكمۇ سىرلىق كەچكى مەنزىرە ،
قاراڭغۇلۇق تولدى ھۆسنىگە .

ساھىلدىكى ئۆيلەردىن مۇڭلۇق
ئەللەي كېلەر ئۇزۇندىن-ئۇزۇن .
قومساق تۇپراق ياتار ئۇيقۇلۇق ،
شاۋقۇنلارغا ئەسىر بولار تۈن .

زېمىن شېرىن ئۇيقىدا، ئەل ھەم ،
يىگىت دەريا بويىدا تەنھا .
مەشۇقىنى كۈتكىلى نىگەم ،
«تېخى يېتىپ كەلمىدى ئەستا...»

دەريا سادا بېرىدۇ، يەر جىم ،
يىگىت قەلبى كۆتىرەر غەليان .
«سەل ساقلايچۇ، كېتىپ قالار بەلكىم»
تەشنالىقتا سۈزۈلدى ئاسمان ...

## ياشلارغا

بۇلغىمايلى مۇھەببەتنى ، سۆيگۈنى ،
ساقتىلىقنىڭ قارالايقا سۈيىدە .
ئالدىمايلى سادda، كىرسىز يۈرەكنى ،
ھېلىگەرلىك سەنئىتىدە، كۈيىدە .

ياش يۈرەك ئۇ، مىسلى گۈلخان مەنبەئى ،
ئوتلۇق ھېسنى يارىتىدۇ لاۋاسى .
ئاپئاق قەلب ئاق قەلبنى تاپىدۇ ،
پاك مۇھەببەت ئاشىقلارنىڭ داۋاسى .

قىزلار خۇددى غولىچۈرۈك بىر گۈلدۇر ،
ئازراق راھەت ئۈچۈن ئۇنى ئەگمەيلى .

يىگىت قەلبىگويا ئاپئاق قەغەزدەك—
قىزلار، ئۇڭا ناپاك قولدا تەگمەيلى .

ئالداشمايلى سۆيگۈدە بىز ئۆز ئارا ،
روھى زەخمە يېمىسۇن ئاھ، غۇرۇرنىڭ .
ئارىلاشمىسۇن ئەقىدىگە ساختىلىق ،
بۇزۇلمىسۇن پەيزى بەخت-ھوزۇرنىڭ .

قىز-يىگىتلەر مۇھەببەتنى ئاسرايلى ،
پاكلىق بىلەن ياشاش بىزنىڭ بۇرچىمىز
ياشاپ ئۆتسەك ساداقەتمەن، ھايالىق ،
چەن سۆيگۈدە شېرىن ۋىسال قۇچىمىز

## ئارمانلىرىم

ئارمانلىرىم — قانات، ئۇچسام يۈكسەككە ،
ئۇ بارىدۇ مېنى يۆلەپ، قولتۇقلاپ .
ئارمان ئەپتى ئوت ياقىدۇ يۈرەككە ،
شۇڭا ھېسسىم تۇرار دائىم بولدۇقلاپ .

ئارمانلىرىم ئەقىدەمگە سۆھبەتداش ،
سۆزلىشىدۇ ئۇلار ئۈنسىز-تىۋىشسىز .
ئارمانلىرىم جۈرئەت بىلەن دوست-ئاداش،
شۇڭا يولۇم داۋام ئەتمەس يېڭىلىشسىز .

ئارمانلىرىم يۈرىكىمدىن چىققان ھور ،
تېگىپ قويغان مەن ئۇنىڭغا ئەھدىمنى
ئارمانلىرىم چاچرىتىدۇ يارقىن نۇر ،
زوقلاندۇرۇپ دادام، بالام، خەلقىمنى .

ئارمانلىرىم خەلقىم بىلەن تىلەكداش ،
مەن ياشايمەن ھامان ئەلنى كۈلدۈرۈپ
ئارمانلىرىم مەڭگۈ ئۆلمەس قەلەمقاش ،
مەن ياشايمەن ئۇڭا ئەلنى سۆيدۈرۈپ

## مەن...

ھېسلىرىم ئىلھامىمغا قانچىلا ئۇرۇپ،
نۇرلايدۇ ھاياجانغا ياشلىقىمنى.
قەلبىم بىر زەمزەم بۇلاق قالماس قۇرۇپ،
قالدۇرار سۇغا قەلەم قاشلىقىمنى.

غەمدە مەن، ئاشىقلار گەر قالسا غەمدە،
دەھشەتلىك ھەممىدىن بەك مۇڭداق تۇيغۇ.

ئۆرتىنەر يۈرەك-قەلبىم دەرد-ئەلەمدە،
خەلقىمنىڭ كۆزلىرىنى باسسا ئۇيقۇ.

قىلمايمەن دىل تارتمىسا ھەرگىز سەيلى،
نۇسرەتسىز كۈلكىلەرنى خالىمايمەن.
كۈلشەندە گۈل تۈزسا مەيلى، مەيلى،
مېھنەت ۋە ئەجىرسىز گۈل تاللىمايمەن.

## كۆزلىرىڭ

شۇ كۆزلىرىڭ ئەمەس بىر ئوكيان،
لېكىن ئۇنىڭ دولقۇنلىرى بار.
ياكى ئەمەس تۈندىكى گۈلخان،
لېكىن سېھرىي ئۇچقۇنلىرى بار.

ئۇچراتمىغان بۇرۇن مەن سېنى،
ئۇچراشقاندا بولدۇم لال-ئەسىر.

داڭ-تاڭلىقتا قالدۇردى مېنى،
كۆزلىرىڭگە يېزىلغان ئەسىر.

شۇ كۆزلىرىڭ-نۇرلۇق كۆزلىرىڭ،
مەنزىلىمگىنىڭ چىراقلىرىمۇ؟
كۆزلىرىڭدە ئېيتقان سۆزلىرىڭ،
كۆيگەن دىلىمنىڭ پىراقلىرىمۇ؟!

## بىر خىيال

«شىپ» قىلىپلا ئۆزگىرىسەممەن بولاپكىغا،
ئاشۇ گۈزەل ئاق بويۇنغا ئېسىۋالسا!
كېچىلىرى مېنى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ،
ئۇخلىغاندا كۆكرىكىگە بېسىۋالسا!

## يەنە بىر خىيال

ھەي خالايىق شۇنداق قۇدرەت بولسا مەندە،
ئاينى كۈنگە تويلاشتۇرۇپ قېتىپ قويسام.
ھەر ئىككىسى يۈرمىسە شۇ دەرت ئەلەمدە،
بىر-بىرىگە مەڭگۈ قىلىپ چېتىپ قويسام!

## ئىشكاپتا مۇڭلىنار مىسكىن خاتىرە

ئىشكاپتا مۇڭلىنار مىسكىن خاتىرە،
ھەر بېتى يىغلايدۇ ئاچچىق ئەلەمدە،
بەزىبىر قۇرلىرى بولغان سۇس-خىرە،
پۈتۈنلەي ئۆچكەن ۋە بەزىسى ھەمدە.

ئۇنىڭغا يېزىلغان چىرايلىق خەتلەر،
ئۇمىدۋار قىلغانتى ۋەدە ھەم قەسەم.
ئۇ گويا مۇھەببەت كۈيلەنگەن ئەسەر،
ئىچىگە بولغان بىر دۇنيا مۇجەسسەم.

تەقدىردىن دادلايدۇ خاتىرە پىنھان،
بوپ قالغاچ مۇڭ ھەسرەتلەن مەڭگۈلۈك سىرداش.
شادلىقتا بولغان بىر پەسىلا مېھمان،
ئاھ، ئەمدى ھەسرەتكە بېرەلمەس بەرداش.

مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن بىرجۈپ ياش،
ئالاتتى ئۇنىڭدىن قەلبىگە مەلھەم.
يازاتتى ئۆز ئارا ئىشقىنى تۇتاش،
چېكىلگەن ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى ھەم.

زوق بىلەن باساتتى باغرىغا قىزچاق،
يىگىتتى قالدۇرغان شېرىن قۇرلارنى.
ئوقۇپ ھەم يىگىتمۇ بولاتتى خۇشۋاق،
قىز سۆيگۈ تەكتىدىن سىزغەن دۇرلارنى.

تەشنالىق ئىلكىدە ئالمىشىپ بىر چاغ،
ئۈرۈشكەن خاتىرە پۈتمەس قىممەتكە.
بۈگۈن قىز-يىگىتنىڭ ئوتتۇرىدا تاغ،
خاتىرە يىغلايدۇ مۈشۈ قىسمەتكە.

قىز كەتتى جەنۇبتا، يىگىت شىمالدا،
ئۇنۇتتى ئۇلار شۇ لەززەتلىك كۈننى.
ئۆتكۈزەر خاتىرە مىسكىن بىر ھالدا،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ساناقسىز تۈننى.

ئۈزۈلدى چېگىلگەن «ئۈزۈلمەس» رىشـ
بولدى بۇ خاتىرە قىممىتى قۇربان.
تاشلاندى نەزەردىن ساقىنىت بىر چە تك
ئۈستىنى باسماقتا توپا ۋە توزان.

قىزمۇ ھەم يىگىتمۇ بۈگۈن بالىلىق،
خاتىرە بىر قىسقا تارىختا گۇۋاھ.
ئاھ، ئۇنىڭ جىسمىگە ئەلەم تولدى لـ
بىرەرسى تاشلىماس بولغاچقا نىگاھ.

ئەشكاپتا مۈگىلىنار مىسكىن خاتىرە،
ھەر بېتى يىغلايدۇ ئاچچىق ئەلەمدە.
بەزىبىر قۇرلىرى بولغان سۈس-خىرە،
پۈتۈنلەي ئۆچكەن ۋە بەزىسى ھەمدە.

## كېلۇر

### بۇنىياز مۇھەممەتقۇربان

جان ۋەتەن قوينۇڭدا ھەردەم سۇ بولۇپ ئاققۇم كېلۇر،
تۇپرىقىڭغا لەۋلىرىمنى زوق بىلەن ياققۇم كېلۇر.
نەۋقىران تاغ بۈركۈتىدەك بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىپ،
ئاسمىنىڭدا شادلىنىپ ئەركىن قانات قاققۇم كېلۇر.
يۈكسەلسەڭمۇ قانچىلىك زىممەڭگە يۈكنى بەس دېمەي،
ۋايىسماي تۇلپار كەبى ئالغا قاراپ چاپقۇم كېلۇر.
بارلىقىمنى جۆللىرىڭگە بىر ئۈمۈر ئەيلەي ئاتا،
گۈل بولۇپ ئۇندا ھېسابسىز خۇشپۇراق چاچقۇم كېلۇر.
جەڭ ئارا قۇچقان شەرەپتىن ئەلگە راسلاپ سوغىلار،
ناتىۋان ھۆسنىڭگە شول چاغ خوش چىراي باققۇم كېلۇر.

### ۋەتەنگە مۇھەببەت

#### توختى قادىر

ئەي بۈيۈك دنيارىم مۇقەددەس تۇپراق،
گۈزەللىك بابىدا تەڭداشسىز تاق سەن.
سەن بەخت بۆشۈكى، سەندە شات ھايات،
ئانىنىڭ قەلبىدەك غۇبارسىز ئاق سەن.

تۆرەلدىم سېنىڭدە، ئۆستۈم، يېتىلدىم،
بۇ ياشقا كەلگىچە تۇرمىدىم چىراي.
سەن ھايات گۈلشىنى تاڭدا ئېچىلغان،
سەن ھۆرلۈك كۆكىدە پارلىغان بىر ئاي

...غلۇغمەن باغرىڭدا ئەركىلەپ ئۆسكەن ،
...ن رىشتىم سەن بىلەن تۇتاش، ۋەتىنىم.
...نگىمىز ھاياتتىن بەھرىسىز ئوغلۇڭ ،
...ن مەۋجۇت، مەۋجۇتتۇر جېنىم ۋەتىنىم .

ئىشەنگىن، ئالدىڭدا بېرىمەن قەسەم ،
ياشلىقىم، ئىجادىم مەنسۇپتۇر ساڭا .
چۈنكى بۇ ياشلىق ۋە قامەت، غەيرەتنى-
سەن بەرگەن ۋەتىنىم، سەن پۈتكەن ماڭا .

## ئۇستازىمغا

### مەتتۇردى مەمتىمىن

...ەن بۈگۈن قولۇمغا ئالدىم گاڭ قەلەم ،
ئۇستازىم مېھرىنى كۈيلىمەك ئۈچۈن.
...ۇغرا ئۇ كۈيلەشكە ھەقلىق ئەمەسمۇ،
...ەن ئۇنى كۈيلىمەي تۇرىمەن نېچۈن؟

ئەنە شۇ باغۋەننىڭ ساپ ئەجرى بىلەن،
كۆچەتلەر يېتىلىپ مېۋە بېرىدۇ.
ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ قىيىن ئىشىنى ،
ئۇڭا يىلىق تۇغدۇرۇپ تەمىن ئېتىدۇ.

...ۇ گويا بىر باغۋەن كۆچەت تىكىدۇ ،
...ۈن ۋە تۈن ئۇخلىماي پەرۋىش ئېتىدۇ .
...ۇل كۆچەت بىخ سۈرۈپ كۆكلىسە ئەگەر،
...باغۋەننىڭ دىللىرى يايراپ كېتىدۇ.

مەن شول باغۋەننىڭ قولىدا ئۆسكەن ،
شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇيمەن .
پەن بىلەن خەلقىمگە شان- شەرەپ قوچۇپ،
ئۇستازىم ئەجرىگە داستان توقۇيمەن.

## پارچىلار

### تۇرغۇن داۋۇت

...ىلسا كىم دوستىغا يامانلىق ئەگەر ،
...ۇپىيانە ئىچكۈزۈپ ئۇنىڭغا زەھەر.
...ۇنداقلار تولغىنىپ كۆيگەن قىل كەبى ،
...ۇشەققەت ئىلكىدە قىينىلىپ ئۆلەر .

× ×

...ۇرانلار چىقىشمۇ قانچىلىك دەھشەت ،
...جادتىن قول ئۈزمە تىك تۇرۇپ ئەبەت.
...رسەتسەڭ تىرىشىپ بۇ يولدا خىزمەت ،
...ل سەندىن خوش بولار قەۋەتمۇ-قەۋەت.

بىۋاپا ئىنساندىن مەڭگۈ يىراق قاچ ،
ئۇۋۇسىغا شىددەتلىك غەزەپ ئوتى ئاچ.
كۆيۈمچان دوستلارغا باغلاپ مۇھەببەت ،
گۈل كەبى ئېچىلىپ، پۇراقلىق ھىد چاچ.

× ×

جەننەتنىڭ سۈيى دەپ شارابنى يەنە،
ئىچىپلا بىھۇدە قىلغۇچە جىدەل.
تۈزىتىپ بۇ ناچار ئىللەتلىرىڭنى،
بولساڭچۇ ھەي ئاداش ئەخلاقى گۈزەل .

## مەرھەبا يېڭى يىل

### ئازادگۈل رۇستەم

...ىنسانلارغا ئەقىل قوشۇپ، ياش قوشۇپ،
...ىپ كەلدىڭ، ئەي مۇبارەك يېڭى يىل.
...ۇڭلاشقىمۇ بىلەكچىلا نۇرلىنىپ ،
...ڭى ئىلھام بىلەن تولدى سانسىز دىل .
...ي يېڭى يىل باقىن كونا يىللارغا،
...مىسىدە قالدى سانسىز پارلاق ئىز.

ھەر بىر يىلدا مىڭ خىل يېڭى مۆجىزە،
بەرپا قىلدى پاراسەتلىك خەلقىمىز .
مەدەت بېرىپ روھىمغا سەن باشقىچە،
غەيرىتىمگە غەيرەت قوشتۇڭ بۆلەكتىن.
شۇڭا ساڭا فونتان كەبى ھۆرمىتىم ،
قايناپ تاشتى ۋۇجۇدۇمدىن- يۈرەكتىن.



ئالتۇنگۈل رەجەپ 1967-يىلى چەرچەن ناھىيىسىدە خىز-مەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984-يىلى مەكتەپنىمىزنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1987-يىلدىن بۇيان خوتەن ناھىيىسىنىڭ داكىۋى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇت-قۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى «يېڭى ئۈزۈلگەن مېدالىيون» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولماقتا.

# ئاھ بۇ قانداق كۆز يېشىدۇ

(ھېكايە)

ئالتۇنگۈل رەجەپ

ھۆرلىقا چۆچۈپ ئويغانغاندا يۈرىكى ھېلىلا كۆكرەك قەپىزىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق گۈپۈلدەپ سوقماقتىدى. ھۆردىسىنى تەكشى يېپىپ تۇرىدىغان قوڭۇر-رەڭ بۈدرە چاچلىرىنىڭ ماڭلىيى كەڭ پې-شانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. تېنىق بۇ-لاقتەك ئوتلۇق كۆزلىرىدىن بولسا، كېچە كۆرگەن قاباھەتلىك چۈشىنىڭ ۋەھىمىسىدىن-مۇ ۋە ياكى سىرتتىكى بارغانچە يېقىنلى-شىۋاتقان ئەنسىز ئاياغ تاۋۇشىدىنمۇ، قانداقتۇر بىر خىل جىددىيلىك سېزىلىپ تۇراتتى.

ئەمدى قىزنىڭ ئاياق شايىدىن تە-كەلگەن ئۇخلاش كىيىمىنى چىرايلىققىنا كۆ-تۈرۈپ تۇرغان كۆكسى بىر چۈشۈپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر بېسىشقا باشلىدى.

قىز ئالدىراپ ئۈستەلدىكى قالپاقلىق لامپۇچكىنىڭ كەيگۈەسىنى ( ئۈلغۈچىنى ) تارتقانىدى، ئەپسۇس، قېپىشقاندەك توك يوق. سىرتتىكى ئەنسىز ئاياغ تاۋۇشى بولسا، بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا .... ئۈچ قەدەم... ئىككى قەدەم... بىر قەدەم...

— ئوغرى...، — دەۋەتتى ھۆرلىقا تىت-رىگەن ھالدا يىغلامسىراپ. باشلىرى قېيىپ، ئەزايى بوشىشىپ كەتكەن قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىن تىترەك ئولاشتى، مۇش-تۇملىرى چىڭ تۈگۈلۈپ ھېلىلا ۋارقىراپ سېلىش-تىن قورققاندەك لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالدى.

بىراق ئۇ، يېنىكىنىڭ قىلمىشىنى خا-لىمىدىمۇ نېمە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، چاق-قانلىق بىلەن بۇلۇڭدىكى كىتاب ئىشكاپى-نىڭ يان تەرىپىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈل-گۈردى. «ۋارقىرايمۇ؟، ياق. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئېلىشقىنىم تۈزۈك. ياق... ياق، بۇمۇ بولمايدۇ، ۋارقىراش... ئەگەر ئېتى-لىپ كېلىپ گېلىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قوي-سىچۇ، ئاندىن؟... ۋاي خۇدايىمەي، پۇلنى دەپ كەلگەن بولسا، يامىنى شۇ ئۇنىڭغا بىلەن چامدىنىمنى ئالار... ۋاي جېنىم، ھې-لىقى ئىلمىي ماقالەمنى قېپىشقاندەك دەل شۇ چامدانغا سېلىپ قويغان ئەمەسمىدىم، ئۇنىڭ ئوغرىغا نېمە كېرىكى ئەمدى، قان-تەر بەدىلىم بىر تال سەرەڭگە يالقۇنىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتەرمۇ ئاخىرى... ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟! خۇددى ھېكايە، رو-مانلارغا يېزىلغاندەك بىر ئىش بولدىغۇ بۇ... قارا باستىمۇ يە مېنى، چۈيلىۋاتامە-دىغاندىمەن ھە قاچان؟!...»

خۇددى سىياھدەك قاراڭغۇ كېچە. سال-قىن شامال ئۇچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ كۆل-

لۇك پەردىسىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يەلپۈمەكتە. قىز دەل شۇ چاغ ئەلەڭدىشلىك كۆزلىرى بىلەن ئوچۇق تۇرغان دېرىزىگە شۇلداق بىر قارىۋېدى، دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان بىر قارا كۆلەڭگىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى. ئەمما بۇ تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇنىڭ بەستىلىك بىر ئەر ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق بەلگىسىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەمدى قىز ئارانلا نەپەس ئېلىۋاتقان ئېغىزىنىمۇ ئالقىنى بىلەن توسۇپ، يوغان قوي كۆزلىرىنى بولغۇسى خەتەرنى كۆرمەي دېگەندەك مەھكەم يۇمىۋالدى.

ناتونۇش كەۋدە دېرىزىدىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئەتراپقا ئەندىشىلىك قارىۋالغاندىن كېيىن، كىيىملىرىدىكى توپا چاڭلىرىنىمۇ قېقىشقا ئۈلگۈرمەي، ئۈدۇل ھۆرلىقا ياتقان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. قىز شۇ تاپ ئېيىقتەك بۇ كەۋدىنى شۇنچە يېقىندىن كۆرىۋالدى-دە، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

بۇ يوچۇن كەۋدىنىڭ قاملاشقان يىگىتلەرگە خاس جەزىبىلىك قاۋۇل سالاپىتىدىن ئۇنىڭ ئوغرىلىققا كىرگەنلىكىگە كىشىنىڭ ئەسلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ناتونۇش كەۋدە كارىۋات ئالدىدا بىر مىنۇتتەك سۈكۈتتە تۇردى-دە، ئاندىن «گۈپ» قىلىپ ئەسەبىلەرچە كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى. فۇرژىنلىق سىم كارىۋات كۈچلۈك تەۋرىنىشتىن غىچىرلاپ كەتتى.

— ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ قېنى ئەمدى؟!،- دەۋەتتى ناتونۇش كەۋدە ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ كېتىپ. ھۆرلىقا شۇ مىنۇتلا ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتتى-دە، يۈرەك ھەرىكىتى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

ناتونۇش كەۋدە قولىدىكى ئېلېكتىر چىرىقىنى يالدۇرۇپ ئەتراپنى ئىمىزدەشكە باشلىدى.

ئېلېكتىر چىرىقىنىڭ چەمبەرسىمان نۇرى قىزنىڭ يېنىك تىترەپ تۇرغان ئاپئاق يالاڭ پاچىقىنى، ئاندىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ تاتىرىپ كەتكەن سۈزۈك يۈزىنى «يالىلدە» يورۇتىۋەتتى.

...ئاپلا ئىشنىڭ چاتىقى شۇ-دە، ...

ئىست بىچارە ھۆرلىقا، ئەمدى ھەر نە قىلىپمۇ ئۆزەڭنى يوشۇرۇپ قالالمىدىڭ. ئىسىت! نېمە دەپ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغان بولغىيتتىڭ، ئەمدى سېنىڭ تەقدىرىڭمۇ رەھىمسىز، پەسكەش تۇرمۇشنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغان تالاي باغرى قان بىچارە ئاجىزەلەرنىڭكىدەك بولماقچى.

ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! قۇدرىتىم يەتمەدى...

قىزنى كۆرگەن ناتونۇش كەۋدە ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن گەپ-سۆزسىز ھالدا شىددەت بىلەن ھۆرلىقاغا ئېتىلدى-دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى...، يا پىرىمەي! ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟! بەلكىم ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، قىز ھېچبىر قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا ناتونۇش كەۋدىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى.

توۋا، ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بۇ سىرلىق جىمجىتلىق ئىچىدىكى مەھكەم قۇچاقلىشىش ئىككى مىنۇتتەك داۋام قىلدى... بۇ شۇنداق ئاجايىپ سىرلىق بىر ھال ئىدىكى، گويا پۈت-قولنى چەمبەرچەس چىڭ باغلاپ قويۇپ، تاپىنىنى مىس يىڭنە بىلەن يېنىككىنە غىدىقلىغانغا ئوخشاش، يا كۈلگىلى بولمايدىغان، يا ۋارقىرىغىلى بولمايدىغان ۋە ياكى سۈكۈت قىلىپ، چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر ھال ئىدى...

ئەزبىرايى خۇدا، سىزمىدىڭىز، ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقىتىدىغان بارمۇ؟ كۆڭلۈمگە شەك كەلتۈرۈپ قويغانلىقىمنى خۇداكەم-

چۈرسۇن!

— سىزنى تولىمۇ بەك سېغىنغانىدىم ھەسەنكا، ھايات ئاتا قىلغان بىر بەختلىك ۋىسال پەيزىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن، — دېدى ھۆرلىقا جاننى ئالدىغان سۆيگۈ ھۆكۈمرانلىقىنى بىرىپ تولىمۇ پەس، ئەمما يېقىملىقلىقىدا پىچىرلاپ. — مانا ھەش-پەش دېگىچە ئارىدىن دەل توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى يەنە كۆ... كۆرۈشتۇق، — قىز كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئىزلىغ-كىچىك تىنىۋالدى-دە، ئەتىدىن ئۈچىشقا جۈرئەت قىلالمىغان قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرى بىلەن يوچۇن كىشىگە «لاپپىدە» قارىدى.

قىز ئەمدى ناتونۇش يىگىتنىڭ كۆكسىدىكى بېشىنى قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ قىزدىرىشى بىلەن ئاستىلا كۆتۈردى-دە، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن مەڭزىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالدى.

— قارىماسىز ھەسەنكا، ۋىسال سېكۇنتلىرىدا تىنىم كالۋالىشىپ، ۋۇجۇدۇم تىترەپ يىغا ئۇلىشىۋاتقىنىنى. سېغىنىش، ھاياجانلىنىش دېگەن شۇدە! — دېدى ھۆرلىقا يەنە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ. — ھەي بۇ مېنىڭ ئەقلىمنى، ئەھۋال سورىشىمۇ ئۇنتۇغىنىمنى قارىماسىز؟! قانداق، تاغاملارنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ، قەدىردان تاغامنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن بولسىڭىزغۇ تۈز تامارىكەن، ھە... ھەسەنكا. ئۇ ھەر قېتىملىق خەتلىرىدە سىزنىڭ شۇنداق ئەدەب-ئەخلاقلىق، يارامىلىق يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىڭىزنى، سىزدىن مېنىڭمۇ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىمنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى.

مەن ئۆز تىلىمدىن باشقا خەنزۇ تىلى، ئېنگلىسچىنى بىلگىنىم بىلەن، نېمىشقىچە كەلگەندە بەربىر سىزگە يېتىشەلمەيمەن ئەمەسمۇ... شۇنداق ئىكەن، سىزدىن چوقۇم ئۆگىنىشىم، سىزنى پىر ئۇستاز تۇتۇشۇم كېرەك، ئەلۋەتتە. بىر لەۋزىالىكنىڭ، قان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن يىمىرىلمەس دوستلۇق رىشتىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ كەمىنىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلارسىز ھى... ھى...

ئېسىڭىزدىمۇ ھەسەنكا، كىچىك چاغلىرىمىزدىكى مۆكۈرىشمەك ئويناشلىرىمىز، سۇغا چۆمۈلۈشلىرىمىز، ئاھ، شۇ چاغلار يەنە بىر قايتىپ كەلسىچۇ؟!

ھە... راست، تېخى قوشنىمىزنىڭ ھېلىقى، ئىسمى نېمىدى؟ ھەي شۇ ھارامزادە ئوغلى چاقچاق قىلىپ ئىككىمىزنى سىلاپ قويغىنىغا غەزىپىڭىزدىن يېرىلاي دەپ بىر پەشۋارىڭىز بىلەنلا تىك موللاق ئەتتۈرۈۋەتكىنىڭىز، ئۇنىڭ دات-پەرياد كۆتۈرگەن پېتى قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىشلىرى، شۇنداقمۇ ھەسەنكا، راست ئەمەسمۇ؟ شۇڭىمۇ سىز بىلەن بىرگە ئوينىغان چاغلىرىمدا يىرىكلىك بىلەن كۆرەڭلىكىمىسىچە، قېنى كىم ماڭا چېقىلىدىكەن، مېنىڭ چامباشچى ئاكام بۇرنىنىڭ پېزىنى ئېلىپ قويىدۇ دەپ پو ئاتاتتىم... ھى... ھى...

ئەمدى ھۆرلىقادا نە قورقۇش، نە تارتىنىشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. دەرۋەقە تۇرمۇش سەھنىسىدە ئوينالغان بۇ بىر كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيە ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق دىققەت بىلەن كۈزەتكەندە، ھۆرلىقانىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى، نەپەس ئېلىشلىرىنىڭ قالايمىقان ھەم تەس بولۇۋاتقانلىقىنى، قاپقارا كۆز قارىچۇقىنىڭ جىددىي ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالماق تەس ئەمەستى.

لاتونۇش گەۋدە گويا مىزۇردىغا ئوخشاش قېتىپ قالغانىدى. ئەمدى ھۆرلىقا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يېنىككىنە سىلكىنىپ بوشىنىۋالدى-دە، ئالدىراش ئۇنى كارۋاتقا تەكلىپ قىلدى.

— كېلىڭ ھەسەنكا، كارۋاتقا ئۆتۈڭ، بەلكىم ئۇزۇن يولدا ھاردۇق يەتكەندۇ، چاي ئىچىپ ئارام ئېلىۋېلىڭ. تارتىنماڭ، بىز ھەرنە قىلغان بىلەنمۇ بىر نەۋرە ئەمەسمۇ؟! سىز ئاۋۇ كارۋاتتا، مەن ماۋۇسىدا... كېلىڭ، نېمىگە تارتىنىسىز؟! قارىغە سىزنى، تاغام راستىنلا ئاشىۇردۇەتىمە پىتىكەن-دە؟! ھەر ئىككىمىز ئىلمىي ئادەملەر بولغاندىكەن، توغرا چۈشىنىمىز كېرەك، خاتىرجەم بولۇڭ. قوشنىلار بەلكىم سىزىپ قالغاندۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ! قانۇن كەسپىدىكىلەرغۇ ئۇۋۇ ئىتتىمدىنمۇ سەزگۈر. شۇ بىر-شەۋىر شەپىنىمۇ ئۇچۇردىن-بۈجۈرغىچە سېزىدۇ بىلىشىدۇ. تېزرەك ئۆز قورو جايىڭىزغا كېتىشمىدى-يا، قېيىشقاندەك ماۋۇ تەرەپتىكى تەپتىش ئەمەلدارى. بۇ تەرەپتىكى پۈتۈن يەرگە نامى پۈركەتكەن «موللا تاپتاق» دەپ نامى بار زاۋۇتچىك قەيسەر دېگەن كىشى. بەلكىم سىزمۇ تونارسىز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۈرگىنى تۆگىدەك قىلىدىغان قارا قورساقلاردىن ئەمەس. ئەتە توغرىسىنى چۈشەندۈرۈپلا قويساق... يەنە نېمىدىن گۇمانلىناتتى.

غەلىتە ئۆزگىرىش! بىردىنلا ناتونۇش گەۋدىنىڭ قوشۇمىسى «مىزۇردە» تۈرۈلۈپ، سەل-پەل جىددىيلىشىپ قالدى ۋە ئالدىراش قىزنىڭ بىلىكىدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تارتتى.

شۇ مىنۇت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالنەقى كۆرۈنگەنكى خۇشچاقچاق، غەلىتە كە-

يىنىۋالغان ھۆرلىقاغا خاراكتېر جەھەتتىن تولۇپتىن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ھۆرلىقا تۇراتتى. توۋا، ئۇ تونۇگۈنلا تېخى بىر قەدەھ ۋىنونى ھېچبىر ئىككىلىنىپ تۇرماستىن «گۈپ» قىلىپ يۇتىۋەتكەن. لەۋلىرىنى قىپ-قىزىل بوياپ ھېچكىمگە سورۇن بەرمەيدىغان، شوخ، كەپسىز قىز ئەمەسمىدى؟! ئۇ تېخى ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي ئىنتايىن يېقىنچىلىق بىلەن تانسا ئوينىغان، ھەتتا سورۇندىن تارقىغاندا مېنى ياتىقىمغىچە ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. قايتىشىمدا «بۈگۈندىن كېيىن سىزنى ئىزدەپ كەلسەم بولامدۇ؟» دېسەم، شەھلا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ «سىز ئۈچۈن ئىشىكىم مەڭگۈ ئوچۇق، مەن ئەزەلدىنلا مېھماندوست قىزمەن، سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن» دەپ قول بەرگەن ئەمەسمىدى؟! ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆزلىرىنى ئۇماققىنا قىسىشلىرى...

مەن ئەمدى قانداقسىگە ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ قالاي؟! ياق... ياق، بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ ئەگەر شۇ تاپ ئۇ مېنىڭ تونۇگۈنكى يىگىت ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا... ياراتقان، ئىگەم ساقلىسۇن، ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟!

ئاھ، زۇلمەت كېچە، سەن ھازىر ماڭا نەقەدەر زور ياردەم قىلىۋاتىسەن-ھە؟، سەن مېنى نومۇستىن ساقلايدىغان بىردىنبىر پاناھىم! بايام توك سىمىنى كېسىۋېتىپمۇ يامان قىلماپتىكەنمەن، ھەي ھازازۇل شەيتان، مەن بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالدىم، سەن مېنى ئالداپ قانچىلىك بەختكە ئېرىشەلەرسەن؟! شۇ تاپ سېنىڭ كۆكۈلەڭدىن تۆت تېۋالىدىغان بولسام... نېمە، قىزنىڭ ئۆزىدىغۇ شەيتان ئەمەستۇ؟!...

ناتونۇش كەۋدە نېمە ئۈچۈندۇر قىزنىڭ بىلىكىدىن تېخىمۇ چىڭ سىقىشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىدىمىغان ھۆرلىقانىڭ قاشلىرى قىمىرلاپ لەۋلىرىنى چىشلىۋالدى. بىر سېكۇنت ئارىلىقىدا ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە تەبەسسۇم يۈگۈردى.

بۇندىن دەل توققۇز يىل ئىلگىرىمۇ قوللىرىمنى مانا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن چىڭ سىقىپ «خەير ئاپئاق سىڭلىم، مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى سېنى تەڭ كېچىدە ئىزدەپ كېلىپ قاتتىق گاڭگىرىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن» دېگەن ئىدىڭىز، ئەگەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكىنىمدە ۋارقىراپمۇ ئويغىتالمىسىڭىزچۇ دېسەم، «ئەلۋەتتە ئوغرىلىقچە ياتقىنىڭنىڭ تېمىدىن ياكى دېرىزىدىن سەكرەيمەن» دېگەن ئىدىڭىز... مانا ئاشۇ بالىلارچە خىيالىڭىز رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟...

شۇ مەردانە قىياپىتىڭىز، ئوتلۇق جۈملىلىرىڭىز گويا تاغ باغرىدىن ياڭرىغان ئەكس سادادەك خىيالىمدىن، قۇلاق تۈۋىمدىن زادىلا كەتمەيتتى.

سىزغۇ ئەزەلدىنلا ئەنە ئاشۇنداق ساپ كۆڭۈل، ئەخلاقلىق يىگىت ئىدىڭىز!

يەنە قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق بىر سادا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن ھۆرلىقانىڭ يۈرىكى قوقاسقا كۆمگەندەك ئازابلىنىپ كەتتى. تومۇرلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئېقىۋاتقان قانلىرى بىردىنلا سۈزۈك يۈزىگە تەپچىرىدى. راست ئەمەسمۇ، ئىپپەت نومۇسلۇق بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا يات جىنسلىقنىڭ، يەنە كېلىپ ناتونۇش بىر كەۋدىنىڭ كۆكسىگە باش قويۇش توكۇل، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشمۇ ئۇيات، مىڭ ئەپسۇس!

ھېلىمۇ ھۆرلىقا بۇ خورلۇققا بەرداشلىق بەردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى، ھايات - ماماتى، پاك ئىپپەت - نومۇسىنى قوغداش يولىدا ئاز بەدەللەرنى بەردىمۇ؟!

ئاھ، نېمە دېگەن دەھشەت! نېمە دېگەن خورلۇق؟! رەقىبىنىڭ كۆكسىگە باش قويۇش... ياسالما قىلىقلىرىنىڭ چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن چىشىنى چىشىغا چىشلەپ تۇرغان ھۆرلىقا ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ قاباھەتلىك رېئاللىققا زادىلا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. بىراق تەن بەرمەي مۇمكىنمۇ؟!

ئۇنىڭ شۇ تاپ ئۇنىڭدىن بارچە ۋارقىرىغۇسى، خورلۇق، نومۇس ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگۈسى، ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەركەكلەرنىڭ بۇنداق ياۋۇزلارچە شەھۋانىي نەپسىنى قۇرۇتىۋەتكۈسى كېلەتتى.

ئۇ شۇ مىنۇتتىلا قىزلارنىڭ نەقەدەر ئاجىز، بىچارە ئىكەنلىكىگە تەن بەردى، تەڭسىزلىك ئۈستىدىن نالە قىلدى. بوراندەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسيان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

دېمىسىمۇ بۇ ھال تۇرمۇشنىڭ مامۇق تۆشەكلىك ئالتۇن بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىۋاتقان بۇ ئەركە، تەكەببۇر، غۇرۇرلۇق قىزغا ئۆلۈمدىن ئېغىر كەلدى.

ئۇ پەقەتلا تەقدىرنىڭ رايى بىلەن قىز بولۇپ قالغانلىقى، گۈزەللىكى، شوخلۇقى بەدىلىگە شۇنداق قۇربانلارنى بەرسە، بۇنى تەقدىرنىڭ ئادالەتلىكى دېگىلى بولامدۇ؟ ھۆرلىقا ئىچ- ئىچىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۆكسۈك يىغىسىنى زور چىدام بىلەن بېسىۋالدى ۋە يەنە رېئاللىققا تەن بەردى. تەن بەرمەيمۇ مۇمكىنمۇ؟

ئۇ بوش قولى بىلەن يىگىتنىڭ چۇۋۇلۇپ

پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان رەتسىز چاچلىرىنى ئاستا تۈزەشكە باشلىدى.

— سارجى بۇرۇلكىڭىزنىڭ بۇ يېرى... كېلىڭ يامىۋېتەي، ئەجەپمۇ سەت يىرتىۋېتىپسىزا، تووۋا. مېنىڭ ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتمەي دېمەي ئويغاتسىڭىزچۇ بايام...

— ھېلىقى ئېلېكتر چىرىغىڭىزنى ياندۇرغان بولسىڭىزمۇ بوپتىكەن.

— ياق، ياق. مەن بۇ يورۇقلۇقتىن ... ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن...

قارشى تەرەپتىن چىققان بۇ تونۇش سادا قىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئەمما ئەمدى بۇ ناتونۇش كەۋدە تىترىگەن قوللىرى بىلەن بۇرۇلكىسىنى قېقىشتۇرىۋاتقان ھۆرلىقانىڭ نازۇك مۆرىسىدىن تۇتۇپ ئاستاغىنە تۇرغۇزدى. ئاندىن قىزنىڭ پاراسەت ۋە ساداقەت نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان چېھرىگە تىكىلدى. بىراق ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ سېھىرلىك زەنجىرى بىلەن باغلىنىپ شەيدالىق تۇرمىسىگە قامىلىپ قالغان مەھبۇس ئىكەنلىكىگە تەن بەردى. ئۇ يېڭىلدى. كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى!

ئاھ، خاسىيەتلىك مەغرۇر، غالىپچىراي ۋە كۆزلەر!... سەن بۇ قېتىمقى جەڭدە مېنى يەڭدىڭ، بىلەمسەن، مەن ئەزەلدىنلا يېڭىلىپ باققان ئەمەسمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرمۇش مەن ئۈچۈن بىر ئويۇنچۇق، قىزلار بىر نەپىس قونچاق ئىدى. مەن ئەلەشۇ غالىپلىقىم ئۈچۈن ئازابلىناتتىم، ھەسرەت چېكەتتىم...

بىراق بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ماڭا ئازاب ئەمەس، بەخت ئېلىپ كەلدى. مەن ھاياتىمدا ئەزەلدىنلا ھېس قىلىپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ غالىپلىققا قۇل بولدۇم! بۇ مەغلۇبىيەت كېچە-كۈندۈز ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان تۇرمۇشنىڭ سىرلىق تېپىشمىقىغا جاۋاب تېپىپ بەردى. مەن توغرا، ئادىل جاۋابقا ئېرىشتىم! ھايات، تۇرمۇش ئەزەلدىنلا رەزىل ئەمەس، ئۇنى رەزىللەشتۈرگەن ئادەملەر — دەل مېنىڭدەك ئادەملەر!...

ئاھ، خاسىيەتلىك، مەغرۇر، غالىپ كۆزلەر!... ئەگەر دۇنيادىكى بارلىق رەنالارنىڭ، ئاجىزەلەرنىڭ كۆزلىرى سېنىڭكىدەك يارالغان بولسا... سەن مېنىڭ مەئبۇدىم، ئىلاھىم! چىقىش يولۇمنى يورۇتۇپ بەرگەن ئالتۇن قۇياشىم!

دەل شۇ مىنۇت يىگىت قىزغا نىسبەتەن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان قاندىقتۇر بىر خىل خىجىللىق، ھۆرمەت، مۇھەببەت دېڭىزىدا تونجۇقىۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ مەگزىنى ئىككى تامچە ياش دوملاپ چۈشۈپ سۆيۈپ ئۆتتى. ئاھ، بۇ نېمە كۆز يېشىدۇ؟! يە پۇشايماننى، يە خىجىللىقنى ۋە پاكى سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ بەخت يالدامىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان!...

---

(بېشى 144-بەتتە)

كە تىلىڭ مول ھوسۇللۇقىدىن بېشارەت بېرىۋاتىسەن.

ئىخ باھار! سېنىڭدىكى بۇ ئالىيجاناپ خىسلەت نېمە دېگەن قىممەتلىك-ھە. سەن كەتسەڭمۇ، ھاياتلىقنىڭ قىممەتلىك دورىسى بولغان مول ھوسۇللىرىڭنى سېخىيلىق بىلەن قالدۇرۇپ كېتىسەن. شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ھاياتلىق ئاتا قىلىسەن ئەمەسمۇ!.

مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىممەتلىك ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزەمدە جەملەي قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئىخ باھار!، سەن ھاياتلىقنىڭ ئانىسى، تەبىئەتنىڭ گۈزەل تاجىسى سەن!

# ئىككى شېئىر

### ئابلىكىم ئابدۇراخمان

### مەن...

ۋۇجۇدۇم گويا كى بىپايان دۇنيا،
يۈرىكىم ئۇندىكى تىنىمسىز ئوكيان.
خىيالىم ئاق بۇلۇت، تومۇرۇم دەريا،
خەلقىمگە ئاقىدۇ، جىسمىمدا ھەر يان.

نەپرىتىم زېمىستان، سۆيگۈم ئوت گۈلخان،
ئارمىنىم ئۆمرىمدىن ئۇزاقراق ياشاش.

بىغۇبار پاك قەلبىم سېخى تەبىئەت،
جۇپ كۆزۈم جىلۋىگەر نۇرانە قۇياش.

تەپەككۇر تولپىرىم سەپەردە ھامان،
چېكىتتەك بىلمەس شۇنچە كەڭ جاھان .
دىلبىرىم — ئىجادىم ، كۆيۈمەن ئاڭا،
غۇرۇرۇم، ۋىجدانىم ماڭا شاھ، خاقان.

### ساڭا كەلسە ئەگەر مالاللىق

(پوشكىنغا تەقلىد)

ساڭا كەلسە ئەگەر مالاللىق،
ياش تۆكمىگىن زارلانما ئۇنچە.
زېمىستاندا كۈيچى بۇلبۇلمۇ،
سەيرىلار باھار بولغىچە.

ساڭا كەلسە ئەگەر مالاللىق،
تۇرارمەنمۇ يوشۇرنۇپ چەتتە.
پاك مۇھەببەت، بىلگىن ئەي جانان،
سىنىلىدۇ مۇشۇنداق پەيتتە.

ساڭا كەلسە ئەگەر مالاللىق،
يۈرىكىمنى ئۆرتىمە پەقەت.
(ھايات دېگەن شۇنداق، مۇ ئەمما)،
بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ ئەبەت.

ساڭا كەلسە ئەگەر مالاللىق ،
بارار غېمىم مېنىڭمۇ ئارتىپ.
تاپىنىڭغا سانچىلسا تىكەن،
شوراپ ئالاي تىلىمدا تارتىپ.

# ئىككى شېئىر

### تۇرات سۇلتانبېك (تاجىك)

### پامىرغا قاراپ

قارىسام ئەي پامىر ساڭا زوقلىنىپ،
كېتىدۇ ۋۇجۇدۇم ياييراپ - روھلىنىپ.
نېچۈنكى چىققىملا كېلىدۇ ساڭا،
يامىشىپ بەستىڭگە قالمايمەن ھېرىپ.

قارىسام ئۇستۈڭگە ئاپئاق چوققىلار،
تۇرىدۇ كۆك ئاسمان باغرىنى تىلىپ.
قارىسام باغرىڭغا سۇپسۈزۈك ئېقىن،
قارىغاي، ئارچىلار تۇرار ياشىرىپ.

قارىسام ئەي پامىر ساڭا زوقلىنىپ،
ئورنىشار قەلبىمگە ئوبرازىڭ كېلىپ.
ئوبرازىڭ ئۇرغۇتۇپ مۇھەببىتىمنى،
بارىدۇ خىسلىتىڭ مەندە يېتىلىپ.

## ۋىسالىڭغا يېتەي دەيمەن

قاپقارادۇر چاچلىرىڭ،
بال تەمى بار سۆزۈڭدە.
قانداق خىسلەت بار زادى،
ئاشۇ ئوتلۇق كۆزۈڭدە.

مەپتۇن بولدۇم مەن ساڭا،
ۋىسالىڭغا يەتكۈم بار.
قېنىپ ۋاپا، مېھرىڭگە،
خۇشال يايراپ كەتكۈم بار.

## ئىككى شېئىر

### خاسىيەت مەمتىمىن

### نومۇستۇر

بىلمىدىم بەزىلەر ئۆزۈڭدىن بېرى،
كەتمەيدۇ پايدىنىڭ قېشىدىن نېرى.
نومۇستۇر ئادەمچۈن پايدا قوغلىشىش،
تۆكۈلمەي تۇپراققا بىر تامچە تېرى.

### سەت بولار

ئۆزگىنى تىللايسەن بىكاردىن بىكار،
يوق يەردە نامىنى بۇلغاپ چېچىلىپ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئەيىبىڭ،
سەت بولار ناۋادا قالسا ئېچىلىپ.

## ۋەتەن قىزى بولىمەن

(بىر ساۋاقداشنىڭ شېئىرىنى ئوقۇغاندا)

### غۇنچەم روزى

قەلبىڭىزدە تېشىپ ئىلھام كۆيلىرى،
«ۋەتەن ئوغلى» ئوتلۇق شېئىر پۈتۈپسىز.
گۈل-چېچەككە پۈركىمەك بوپ ۋەتەننى،
دىلغا يۈكسەك ئارمانلارنى پۈكۈپسىز.

دەپسىز «قىلىپ ئىلىم-پەننى گاڭ قانات،
پەرۋاز قىلىپ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىمەن...»
شۇڭا قىلىپ مەنمۇ غەيرەت، جۈرئەتنى،
مەرىپەتلىك ۋەتەن قىزى بولىمەن.

ئىلىم-ھېكمەت ئوچىقىدا تاۋلىنىپ،
ۋەتەن بەختى ئۈچۈن سوققان يۈرەكلەر.
ئوزۇق ئېلىپ ئۇستازلارنىڭ ئەجرىدىن،
مېۋىلەيلى ئىشقا ئاشسۇن تىلەكلەر.

## رۇبائىيلار

### كامالىدىن قۇتۇبىدىن

ھەر قانداق ئىنساننىڭ ياشىشى چەكلىك،
پايدىلان ئەي ئىنسان ئۆمرىڭدىن ئەپلىك.
ياراتقان مۆجىزەڭ ياشايدۇ چەكسىز،
بىكاردىن ئۆتكۈزسەڭ ئۆمرۈڭنى سەتلىك.

ئەي ئىنسان ئۆگەنگىن ياشلىق شوخ چاغدا،
ياشلىق دەپ ئويناما نادانلىق باغدا.
بىھۇدە ئۆتكۈزسەڭ ياشلىقىڭنى سەن،
پۇشايمان ئىلكىدە قالىسەن داغدا.

# ئىككى ھىكايە

تۇرسۇنتوختى سۇلايمان

## سوغات

مەسچىت مەزىنىنىڭ بامدات نامىزىغا چاقىرىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى، كېچىدىن بېرى كۆزىنى يۇممىغان ياسىن خۇشامەتنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ چاپاق باغلاپ كەتكەن قىيسىق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئارقىدىن كېرىلىپ بىر ئەسنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن سەل يىراقتىراق پۇشۇلداپ تىنىپ ئۇخلاۋاتقان ۋىجىككىنە ئايالىنى نوقۇپ ئويغاتتى.

— ھە، نېمە گەپ، — دېدى ئايالى ئويغىنىپ خوش ياقماس ئېرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ.

— مۇنداق گەپ: ئۈگۈنلۈككە ئابدۇقادىر ھاكىمنىڭ يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلەش بولماقچىكەن. شۇڭا سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئازراق ئىش چىقىپ قالدى.

— دەۋەرسىلە، قۇلىقىم سىلىدە، — دېدى ئايالى ئەسنەپ.

— سېنىڭچە ئابدۇقادىر ھاكىمغا قانداق سوغات تەييارلىساق بولار؟ ئابدۇقادىر ھاكىمغۇ كىشىنىڭ قىلغىنىنى بىلىدىغان ئادەم.

— ھە، سىلە كوللېكتىپ نامىدىكى سوغاتنى دەۋاتاملا ياكى شەخسىي نامىدىكى سوغاتنى دەۋاتاملا؟

— ئەلۋەتتە كوللېكتىپ نامىدىكىنى دەيمەندە.

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى بىر نېمە قىلماملا، كەنتنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن. ئوھۇش، قاغاقاق دېمەستە ئادەمنىڭ شىرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ...

— بۇنداق ئىشلارغا سېنىڭ كاللاڭ خېلى ئىشلەيتتىغۇ؟ — دېدى ياسىن خۇشامەت ئايالىغا كۆز قىرىپ، — مەن ساڭا نېمىلەرنى ئالساق بولىدۇ دەۋاتىمەن.

— پەسراق، — دېدى ئايالى ئېرى تەرەپكە يېقىن سۈرۈلۈپ، — سىلىنىڭ بۇنداق دېمەكچى بولغانلىرىنى بىلمەپتىمەن دادىسى، تېخى پۇلنىڭ كېپىنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، مايىققا قارىسىلا.

ئايالى ئېغىزىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ بىردەم پىچىرلىدى. ياسىن خۇشامەتنىڭ بايا تىنىقى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان چىرايى، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، ئاسپالت يولدا قۇرۇق ھارۋا سۆرىگەندەك غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى مۇلايىملاشتى.

— يارايسەن خوتۇن، سېنىڭ مۇشۇنداق يېرىڭنى دېمەمسەمزە...

× ×

ياسىن خۇشامەتنىڭ خوتۇن-بالىلىرى بىلەن سامان تىققان تاغاردەك لىق

توشقان بولكىۋاي بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى ئابدىقادىر ھاكىمنىڭ يەكشەنبە بازاردىكى قىزنىغان ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بولكىۋاي تـوختاش بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى كىشىلـەر قىممەت باھالىق مال كۆرگەن خېرىدارىدەك كۆرۈندە كېلىپ بولكىۋاينى ئوراۋېلىشتى. بولكىۋايدىن جەڭدە غالىپ كېلىپ قايـتىپ كەلگەن ئۈزۈش قۇماندانىدەك كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ غادىيىپ چۈشكەن ياسىن خۇشامـەت ئالدىغا ئالاھىدە چىققان ئابدىقادىر ھاكىمنى كۆرۈپ، قەددىنى مەجنۇنتالدەك ئېگىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بـاردى. بولكىۋايدىكى سوغاتلار ئۆيگە توشۇلۇشقا باشلىغاندا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ باشتا كۇسۇلداشلىرى، كېيىن ئۈنلۈك غۇل-غۇللىرى ئاڭلاندى.

— ۋاي-ۋۇي، قالتىس كاتتىغۇ بۇسوغاتلار.

— قاراڭلار ئاۋۇ ئوتقاشتەك يالتـىراپ تۇرغان «ئانار گۈللۈك» گىلەمـنى، ئازدىگەندە تۆت - بەش يۈز يۈەنىنىڭ بېشىنى يەپتىغۇ كاساپەت.

— ئاۋۇ تىۋىتلىق يۇڭ ئەدىيـالنى دېمەمسىلەر تېخى. ئۆتكەن بازار كـۈنى «قاراڭغۇ بازار» چىلار 66 كويدىن بەرمەي يۆرەتتى.

— ۋاھ. ھاۋارەڭ چامادانىنىڭ ئىچىدە يەنە سوغات بارمۇ-نېمە؟ پومپىيىپ قاپتىغۇ؟

— ئەجەپ كاتتا تەييارلاپتىغۇ بـۇ سوغاتلارنى.

— شۇنى دەيمىنا.

— شۇنداقىغا قارىغاندا ياشۇجى ئاشەنجاڭنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئوخشىمامدۇ؟.

— نەدىكىنى، بۇ سوغاتلار ياشۇجىنىڭ ئەمەس، كەنت ئامىدىن ئەۋەتكەن سوغاتلار ئىكەن.

— بايلار يېزىدىن چىققىلى تـۇردى دەڭلا ئەمەسمۇ؟

— ياقەي، ھاجىباغ كەنتى دېگەننى بىز بىلمىمىز-دېدى بوزتەلپەك كىيىۋالغان كىشى ئەتراپقا مەغرۇر قاراپ،-ئىككى يېقى قۇمۇشلۇق، يەرلىرى شورلۇق، دېھقانلىرى بەك نامرات دەڭلا.

— ئىسـىت، مۇشۇنچىۋالا سـوغاتـقا ئىشلەتكەن پۇلنى نامراتلارنى يۆلەش ئىشىغا ئىشلەتكەن بولسا - ھە؟!...

— ...

× ×

قېنىق دەملەنگەن چاينى ئوتلىغاچ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ياسىن خۇشامەت كاسسىرنىڭ كىرگەنلىكىنى كـۆرۈپ كىرىسلوغا چۆككەن ئېغىر گەۋدىسىنى سەل قىمىرلىتىپ قويدى ۋە «نېمە ئىش» دېگەندەك قاراپ قويدى.

— تۇردى ۋەيرانە ئاغرىپ قاپتىكەن.

— ئاڭلىدىم.

— دوختۇرلار ئىككى يۈز يۈەن تاپشۇرۇڭلار، بالنىستقا ئالىمىز دېگەنـىكەن. سىلىگىمۇ ئايان، ئۇششاق باللىرى كۆپ، كەنتىمىزدىكى بىردىنبىـىر نامرات ئائىلە...

— قانداق قىلىماقچى؟

— قۇتقۇزۇش پۇلىدىن يـۈز يـۈەن بەرسەك. ياسىن خۇشامەت گېزىتنى تاشـلاپ قويۇپ ئىشخانا ئىچىنى تېز-تېز ئايلانغاندىن كېيـىن كەسكىن قىلىپ:

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مۇزاكـىرە قىلماي تۇرۇپ كوللېكتىپنىڭ پۇلىغا شەخسىنىڭ نەزەر كۆزىنى سېلىشىغا بولمايدۇ.

— ئۇلۇشكىنى سوغاتقا ئىشلەتكەن پۇل-

نى مۇزاكىرە قىلماي ئاجراتقانىغۇ؟. چىراپى قارىداپ كەتكەن ياسىن خۇشامەت كاسسىرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قېيسىق كۆزلىرىنى چېكەتكىنىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ، كىرپىكىنى كېپىنەك قانىتىدەك لەپىلدىتقاندىن كېيىن:

— ئۇكام، بۇ... «قولسۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەن بولغىنى ياخشىراق... شۇڭا بۇ ئىشنى مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

— ياشۇجى، بۇ دېگەن جان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش، هازىر جىددىي پۇل كېرەك. مۇزاكىرىنى كېيىن قىلىشايلى.

— بولدى ئۇكام قايىنما، هازىرچە ئامانەت قەرز بۆلۈمىدىن ئۆزەڭنىڭ نامىڭدا ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىپ بەرگەچتۇر. كېيىنچە مەسىلەنى تالىشىپ بىر ئىش قىلارمىز...

ياسىن خۇشامەت «كېپىم تۆكمىدى» دېگەندەك كىرىسلوغا ئېغىر گەۋدىسىنى تاشلىدى. كاسسىر ئۆز-ئۆزىگە:

— بۇ نېمە دېگەن تەكسىزلىك!... دېگىنىچە ئىشىكنى غەزەپ بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى...

❁ ❁ ❁

# كۆتۈلمىگەن باش ئاغرىقى

تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى بىلەن كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرغان قاسىم ساقال ئەندىكىپ كەتتى.

خۇدايا تۇۋا، مەن بۈگۈن ھەممە كىشىنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالغاندەكلا ئىزدەشكە سازاۋەر بولۇپ قالدىمغۇ، بۇ لەنىتى تېلېفون... ئۇ، ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇڭشىغاچ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى يۇلۇپ ئالدى.

— ۋەي كىمسىز؟

— مەن «تېرەك رېھىق» كەنتىنىڭ سېكرېتارى،— تېلېفوندىن بىر كىشىنىڭ بوم ئاۋازى غۇۋا ئاڭلاندى،— سىلەرنىڭ يېقىندا سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقىنى كەنتىمىزدە ئومۇملاشتۇرماقچىدۇق، ئەگەر ئۇرۇقلۇقتىن يەنە بولسا...

— توختاپ كەتتى،— قاسىم ساقال تېلېفون بەرگۈچىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى-دە، ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى،— پەقەت قالمىدى. ئۇ تۇرۇبكىنى جايىغا «جاق» قىلدە قويغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى:

— پاھ، ماۋۇ سەھرالىقلارنى كۆرمەمدىغان، مېۋە-چېۋىلىرى ئېغىزغا تەككىدەك بولغاندا، سوغا چىشكەن تاشتەك يوقىشىدۇ، سېنى كۆرسىمۇ يىراقتىن ئەگىشىدۇ. مانا ئەمدى كۆتىگە تىزەك تۇرگەندە خىجىل بولۇشماي سورتلۇق «بۇغداي ئۇرۇقى» دەپ تېلېفون ۋە مېنى ئاۋارە قىلىشىدۇ. ھى...ھى... پۇلنى ناۋايغا تۆلەيدۇ-يۇ، قاسساپتىن گۆش ئالماقچى بولىشىدۇ بۇ ئۇلارنىڭ ئوخلاپ چۈشى. ئۇ تېرموستىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئولتۇردى-دە، قايتىدىن ساپاغا چۆكتى.

— جىرىڭ، جىرىڭ، جىرىڭ...

ئۇ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا تېلېفون يەنە سايراپ كەتتى. ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ساغرىسىغا يىڭنە سانچىلغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تېلېفون تۇرۇبكىسىنى جالاقلىتىپ قولىغا ئالدى ۋە ۋارقىرىدى:

— ۋەي، ئادەمنى نېمانداق ئاۋارە قىلىسىز؟ يوق دېدىم يوق، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان سەھرالىق بۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز، سىز قاسىم ساقال ئەمەسمۇ؟

— سىلە كىم بولىلا؟ — قاسىم ساقال تۇرۇپكىدىن ئۆزىگە سۆز قىلغۇچىنىڭ «تېرەك ئېرىق كەنتى»نىڭ سېكرېتارى ئەمەسلىكىنى ئاۋازىدىن پەرق ئېتىپ سورىدى.

— مەن ئاشەنجاك.

— هە؟ — قاسىم ساقالنىڭ بېشىدىن مۇز ئارىلاش بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك چۆچىدى، — ئاشەنجاك ئىكەنلا. مە... مەن ئۇقماي ... ئەستا ... ماسەتچىلىكنى...

— ئۇ تولىمۇ ئوڭاي يېزىلانغانلىقتىن سۆزلىرى قوناق ياپىسىنىڭ خىشىرىدەك ھېچ قۇلاشمايتتى. شامدەك تۇز كەتكەن قامەتى ھەر بىر ئېغىز سۆزىگە ئەگىشىپ بىر پۈكۈلەتتى-دە، ئاخىرى ئوقيا كاماللىچىسىدەك ياي شەكلىگە كەلدى.

— سورتلۇق ئۇرۇقتىن بارمۇ-يوق؟

— بار ھاكىم، بار، سىلە بىزلە بولغاندىكەن ئۇرۇقمۇ بولىدۇ-دە، ئۆزلىرىگە قانچىلىك كېرەككەن؟

— چاقچاقنى قويۇپ تۇرايلى يولداش، — ھاكىم رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، — سىز يېزىدىكى پونكىتنىڭ مۇدىرى تۇرۇپ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟ ھازىرلا «تېرەك ئېرىق» كەنتىگە بارغانىدىم. سېكرېتار سىزدىن ئۇرۇق تەلەپ قىلسا بەرمىدىڭىز، ئەگەر تېرىقچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالماي قالسا سىز ھۆددىسىدىن چىقالامسىز؟

— بۇ؟

— ماڭا قاراڭ يولداش، — ھاكىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈندىن قالدۇرماي «تېرەك ئېرىق» كەنتىگە سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقىدىن ئىككى توننا يەتكۈزۈپ بېرىسىز، قالغىنىنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز؟

تېلېفوندىن ھاكىمنىڭ تىزرۇپكىنى «جالاق» قىلدە قىلىپ زەرب بىلەن تاشلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تېلېفون تۇرۇپكىسى گويا يۈرەك باغرىغا تاشلانغاندەك يۈرىكى «قارت» قىلدە قىلغان قاسىم ساقالنىڭ چىرايى قانسىرىغان ئۆپكىدەك تاتىرىپ، قاقشال قوزۇقتەك تېلېفون ئالدىدا مىدىرلىماستىن تۇرۇپ قالدى.

### باھالىنىپ بولۇپ

ئەخلاق باھالاش بولۇۋاتاتتى.

ئا: سەن ئەتىدىن ھېچكىمگە پىكىر قىلالمىغانلىقىڭ، ئەجەبا ئەمدى ھەممە يەلەننى چىشلەپ تارتقىلى تۇردىڭغۇ؟

ب: چۈنكى مەن باھالىنىپ بولدۇم ئەمەسمۇ؟

### باش بۆلەك

گرامماتىكا ئوقۇتقۇچىسى جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە دەرس سۆزلەپ كېلىپ بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— باش بۆلەك نېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

— بۇرۇن، ئېغىز، كۆز ۋە قۇلاقنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.



يولداش ئابدۇقادىر مەتسىدىق 1964- يىلى 10- ئايدا چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چىرىيە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980- يىلى 9- ئايدىن 1984- يىلى 7- ئايغىچە مەكتىپىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

ھازىرغا قەدەر ئاپتورنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ھەر قايسى مەتبۇئەلەردە ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر گۇلاخما ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

# مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس بىر يالقۇن

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

## يۇرۇڭقاش

نەۋ باھار مەزگىلى، يېپەك ۋادىسى،
يۇرۇڭقاش بويىغا چىققىنىم سەيلىگە.
خۇشاللىق ئىلكىدە سوقتى يۈرىكىم،
تاشلىسام نەزەر، شوخ سۇنىڭ مەۋجىگە.

شۇ قەدەر كۆركەمكى دەريا دولقۇنى،
ئاقىدۇ قوغلىشىپ ئۈنچە چاچرىتىپ.
ئىككى قاش رەڭمۇ - رەڭ گۈلگە پۈركەنگەن،
نازىنىن غۇنچىلار تۇرار باش ئىگىپ.

كۆرۈنگەن ئاقباش تاغ چوققىلىرىدىن،
كېلىدۇ دولقۇنلار قاشتېشى چايقاپ.
كېتىدۇ يەنە گۈل باغلارغا ئېقىپ،
تۈمەن ئات چاپقاندەك ئويناپ-دولقۇنلاپ.

داللار، ئېتىزلار، يېشىل بوستانلار،
ئاشۇ سۇ بەھرىدىن ياشنايدۇ كۈلۈپ.
كاككۇكلار ياڭرىشار شادلىق ئىلكىدە،
چىمەندە باھارنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ،

دېدىم: «ئىخ يۇرۇڭقاش! كۆردۈم باھارىڭ،
جىمىكى گۈزەللىك سەندە بوپتۇ جەم.
سەن ئويغاق، ئىجادكار خەلق قەلبىدەك.
شادلىقنى مەۋجىگە قىلغىن مۇجەسسەم».

## ئۆچمەس يالقۇن

كىردىڭ يايرىم چۈشۈمگە سەھەر،
ئويناپ تۇرۇپ سۇمبۇل چېچىڭنى.
ئويغىنىپ مەن چىقسام تالاغا،
تاڭ ساباسى بەردى ھىدىڭنى.

ئۇرغۇپ شۇ دەم ئوتلۇق ئىشتىياق،
ئالدىم قولغا يادىكارىڭنى.
سۆيدۈم، قىلىپ لېۋىڭگە تەقلىد،
سۆيدۈم گويا ھايات — باھارىڭنى.

كېچە - كۈندۈز سېنى سېغىنسام،
شۇ يادىكار ھەمراھ يېنىمدا.
مۇھەببىتىڭ ئۆچمەس بىر يالقۇن،
مەڭگۈ يېنىپ تۇرار دىلىمدا.

## سەھەردە

قىز ئورنىدىن ئەمدى تۇرغاندا ،
ئانا كىردى ئورۇن يىغقىلى .
بىراق قىزى ئۆزەم يىغاي دەپ ،
ھېچ قويمىدى يېقىن كەلگىلى .
چىقىپ كەتتى رازى بوپ ئانا ،
قىز كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلدى غەم .
چۈنكى كېچە ئاققان يېشىدىن ،
ياستۇق ئىدى تېخىچىلا نەم .

## ئەمدى ئالدىرىساڭ

كۈنا يىگىدىن ئۆتتۈم نەچچە رەت ،
مەقبۇل كۆرۈپ تۆۋىلىرىڭنى .
ئەمدى يەنە ئالدىساڭ جانان ،
كەتكىن يۇدۇپ ۋەدىلىرىڭنى .
لامپا ئەمەس چۈنكى يۈرىكىم ،
گاھ ئۆچۈرۈپ ،گاھ ياندۇرغىلى .
توختىمىسا كۆڭلۈڭ بىر جايدا ،
بولاتتىمۇ سېنى سۆيگىلى ؟!

## مەن ئەخمەقمۇ؟

ئونبەش كويغا كىتاپ ئالغانىدىم ،
دېدى بىرسى : «ئەجەپ ئەخمەقسەن .
ئەمدىكىنە ئاز - پاز پۇل يىغقىن ،
دائىم مۇنداق بويتاق ئۆتمەسسەن.»
چۈشىنەلتى بۇنى پېقىرمۇ ،
توي دېگەنگە كېرەك نۇرغۇن پۇل .
لېكىن توي ۋە ماتەم پەرقسىز ،
نادانلىقتا بولۇپ قالسا قۇل .

## چېۋىن

ئەتىگەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرار ئىدىم ،
بىر چىۋىن چېيىمغا ئۆزىنى ئاتتى .
تىپىرلاپ بىر ھازا ئۆلدى قىينىلىپ ،
نەپسىگە ئالدىنىپ جېنىنى ساتتى .
بىر چىن چاي بۇزۇلدى ، بۇزۇلسا مەيلى،
ئىچسەم بار چەينەكتە يەنە دەملەنگەنلىك.
ۋە لېكىن زىيانىنى بولماس تولدۇرۇپ ،
ئىنسان بوپ قالسا شۇ چىۋىن مىجەزلىك.

## يۇمۇرلار

### تىل نېمىدىن تەركىب تاپقان

گىرامماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بىر ئوقۇغۇچىدىن :

— تىل نېمىدىن تەركىب تاپقان ؟ - دەپ سورىۋېدى ،

— گۆشتىن - دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى .

### چۈنكى ھازىر

— سەن بايا تىن « ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن » دېدىڭ ، ئۇنداق بولسا ھازىرقى مايمۇنلار نېمىشقا ئادەمگە ئايلانمايدۇ ؟

— چۈنكى ، ھازىر دۇنيادا نوپۇس كۆپ- تە .

بۇ كىتابتىكى بارلىق يۇمۇرلارنىڭ ئاپتورى: **پەيزۇللا سەھەت** .

# شېئىرلار ۋە نەسىرلەر

توختەنىياز تۇرسۇن

## مەخپىي ئازاب

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

يوشۇرۇن كۆيۈش مەخپىي ئازاب شۇنچە تاتلىق لەززەتتى،
بارمىدۇ دۇنيادا مەندەك شۇنداق چۈشەنگەن بىر كىشى.
— ئا. توقاي

«ھۆرمەتلىك گۈزەل ئاي! بەختسىز ئىشقىنىڭ سىرلىق مېۋىسى بولغان ئۇشبۇ پىنھانلىق خېتىمنى ھايات سەپىرىمدىكى بىردىنبىر سەپەرداشىم بولغان سىزدەك ساداقەتمەن پاك ئۇيغۇر قىزىغا يادىكار قالدۇرۇشنى ئويلىدىم.»

1

«ھۆرمەتلىك گۈزەل ئاي! مەن سىزنى خۇددى قۇياشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر زىنا قىلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇردەستىسىگە قېتىلىپ، مەرۋايىتتەك قارلىق چوققىلارنىڭ مەركىزىگە ئەڭ تۇنجى بولۇپ سۆيگەن گۈل ئىلاھىيسى سۈپىتىدە خىيالىمغا كەلتۈرىمەن.

مەن سىزگە سۆيگۈ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم. كەچۈرۈڭ، سۆزنى قىسقا قىلىشقا تىرىشاي، قولۇمدا جانسىز قەلەم، جانلىق ھاياتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆكسىگەن تېنىقلىرى بىلەن سىرداشماقتا، ۋۇجۇدۇم تىترىمەكتە، كۆزۈمدىن ئاققان ياش تامچىلىرى قوللىرىمنى مەگزىم ساھىلىغا سوزۇشقا مەجبۇرلىماقتا، شۇ تاپتا يۈز- كۆزۈم گىلاستەك قىزىرىپ لەۋلىرىم تىترىمەكتە. قەلەم تۇتقان قوللىرىم گاچىلىشىپ نەپەس ئېلىشىم قىيىنلاشماقتا. ئىشقىڭىزدىن مەس بولغان سەزگۈلىرىم، بەربات بولغان ئەقىدەمنىڭ تېنىقلىرى بىلەن رىزالاشماقتا، ئىشقىڭىزدا جۇدالىق ناخشىسى ئوقۇماقتا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئېيتىڭا، تىنەپ يۈرگەن مۇساپىرنىڭ كۆزلىرىڭىزگە تەلمۈرۈپ ئېيتقان ئەلەملىك ناخشىلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ بەلكىم ئاڭلىدىڭىز، پىسەنت قىلمىدىڭىز. شۇنداقتىمۇ ئامال قانچە؟ بۇ قىسمەتلەرنى ئۆزەملا تارتاي. سىز ۋە مېنى ياراتقان ئاللاغا شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ماڭا سالغان بۇ ئازابلارنى ھېچقانداق بەندىسىگە سالمىغاي..»

2

«سۆيۈملۈك گۈزەل ئاي! (مېنىڭ شۇنداق دەپ ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز)، سىز ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرىمنى ئەلۋەتتە بىلىسىز. بەلكىم پاك مۇھەببەت ئۈچۈن

نازۇك قەلبىمنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا ساقلىغان ئەقىدەم ، چۈنكى ئەركەكلىك غۇرۇرۇم بىلەن سىزگە قىلغان ھۆرمىتىم مېنى ئالدىڭىزدا بىر ئىزا ئۆتمەس ( قېلىن ) دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن .

مەن ھېچنېمىنى بىلمەس گۆدەك ئىدىم ، پاك مۇھەببەت مېنى ئويغاتتى، مەن غەمسىز ئىدىم ، چۈنكى ئەقىدە مېنى تولىمۇ خىيالچان قىلىپ قويدى . مەن شۇ چاغدىلا بۇ ئانا تۇپراقنىڭ مانا شۇ مەن ۋە سىز ياشاۋاتقان پانى دۇنيانىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلالىغانىدىم . مەن ساددا ۋە چىدامسىز ئىدىم ، پاك ۋىجدان ۋە ساداقەت مېنى تاۋلىدى . كۆزۈمنى ئاچتى ، مەن شۇ چاغدا كۆز نۇرۇم ئارقىلىق چېھرىڭىزدە پارلىغان يېقىملىق تەبەسسۇمنى كۆرگەنىدىم . نازۇك سەزگۈلىرىم بىلەن شاماللار ئۇچۇرلاپ كەلگەن تېنىڭىزدىن ئۇنچە سۆيگۈ لەززىتىنى سەزگەنىدىم . سىزنىڭ نازۇك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ، سەممىي - ساداقەتمەن ئالىيجاناپ قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىدىم . چۈشىنىشكە تىرىشتىم ، ئاخىرى چۈشەندىم . پۈتۈن ئەقىدەم سىزگە باغلاندى . سىزنى بىردەم كۆرمىسەم، ئۆزەمنى غېرىبلىق ھېس قىلىدىغان، خۇدۇمنى يوقىتىپ ، قىلىدىغان ئىشىمنى تاپالمايدىغان بوپقالدىم . جېنىم قىينالدى ، ئاخىرى مۇشۇ ئىشلار توغرۇلۇق سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆرۈشنى ئويلىغان بولساممۇ ، لېكىن سىزنىڭ نازۇك كۆڭلىڭىزگە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ ئازار بېرىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ ھىجران ئازابىنى تارتىشنى ئەۋزەل كۆردۈم. ئەپسۇس، ئىرادەمگە خىلاپ ھالدىكى ئۆزەمنى مۇنداق تىزگىنالماسلىقىم مېنى تېخىمۇ قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى .

سىزدىن ئەيمىنىدىغان يۈچۈن ھارارەت تېمىپ تۇرىدىغان نۇمۇسچان كۆزۈممۇ ئەمدى سىزگە تويماي تېكىلىپ قاراشنى ئىستەيتتى . سىزنى بىردەم كۆرمىسەم تاقەت قىلالمايدىغان ، قاياققا ماڭسىڭىز ، ئىزىڭىزغا ئىز تاشلاپ ئوتقا ئىنتىلگەن پەرۋانىدەك ئەتراپىڭىزنى ئايلىنىپ يېنىڭىزدىن كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم . مېنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمنى سارائلىق دەپ چۈشەنسىڭىز كېرەك . شۇنداق دېسىڭىزمۇ بولىدۇ . چۈنكى مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدىلا مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىم ، سىز مېنىڭ بۇ ھالىمغا ئېچىنەمامسىز ؟ بىلىمەن ، بۇ مەجنۇنلۇق ھالىتىمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ ، ئېچىنىش ، ھېسداشلىق قىلىش ئورنىغا نەپرەتلەندىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ ئېيتىڭا ، ماڭا نېمە ئۈچۈن شۇنداق يامان كۆزدە قارايسىز ؟! زادى نېمە ئۈچۈن ؟ مەن سىزگە نېمە قىلىدىم ؟ پەقەت ۋە پەقەت سىزنى ياخشى كۆرگەنلىك گۇناھىممۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئازابلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنمەندە ؟ ، بوپتۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بارە ئەگەر سىزنىڭ ئىشقى پىراقىڭىزدا بەختكە يارىشا ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ قىسمەتلەرنى ئۈزۈپ تۇگەتەرمەن .

سۆيۈملۈك گۈزەل ئاي ! ئويلاپ بېقىڭ ، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئىنسانغۇ ؟! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن مۇشۇ ئازابلار ئەگەر سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن بولسا ياكى كېلىپ قالسا، قانداق قىلاتتىڭىز ؟ ئېيتىڭا، ئازابلانماي تۇرالايتتىڭىزمۇ؟!

خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي. بەلكىم مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىماي يۇۋاتسىڭىز كېرەك. پەقەت سىزنىڭ ئاق كۆڭۈل قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا ياشلىق ھېسلىرىمنىڭ مەرۋايىتىدەك پاك، غۇبارسىز سۆيگۈ تامچىلىرى تېمىپ تۇرغان ساخاۋەتلىك، سىرداش قەلىمىمنى ئۈمىد بىلەن قەدەم تاشلىغان ئاق يوللۇق سەپىرىمدىن قايتۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭا قەتئىي خەيرلىك باشلانغان سۆيگۈ قىسسىلىرىمنى خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

مەن ھەقىقىي ئاشىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەڭ ئاخىردا شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ زېمىندا پەقەت بىرلا قىز، يەنى سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن، پۈتۈن ئەقىدەم ۋە بارلىقىمنى سىزگىلا ئاتىۋەتتىم. مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىمغا ئېچىنىڭ، مەندەك بىر ئاددىي ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ياشلىق مەۋسۈمىنىڭ ۋاقىتسىز خازان بولۇپ كېتىشىگە ئېچىنىڭ، بىلمىسىڭىز كېرەك، مەن ھەر سېكۇنتنى، ھەر مىنۇتنى سىزنىڭ ئىشقى پىراقىڭىزدا ئاھ ئۇرۇپ نالە-پەرياد قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تولا يىغلاپ يىغىدىن كۆزۈم قىزاردى. يۈرىكىم مۇجۇلدى.

يەنە شۇنى تەكرارلايمەنكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. پەقەت ۋە پەقەتلا سىزنىڭ ۋىسالىڭىز ئۈچۈن ئەزىز جېنىمدىن كېچىشكە رازى. ئەگەر سىزنىڭ ئىشقى پىراقىڭىز مۇشۇ ئەسنادا كۈچىيىپ بارىدىغان بولسا، بۇ پىغانلىق كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، مەن پاك مۇھەببىتىمنىڭ تىرىك قۇربانى بولۇپ بىراقلا تۈگىشىدىغان، سىزنىڭ ھاياتلىق گۈلزارىڭىزنىڭ تىزدىلىكىدىن ئىسمىم ئۆچۈرۈلۈپ قارا يەر قوينىدىن ئورۇن ئالىدىغان ئوخشايمەن. ئالدىڭىزدا قاتتىق قوللۇق قىلىپ نازۇك كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقان بولسام رىزالىق ئۈچۈن بولسىمۇ كەچۈرەرسىز، شۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەنكى، سىز بىلەن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولالماي، ھالال لەۋزىڭىزدىن چىققان سەممىي سادانى ئاڭلىيالماي كېتىشىمدىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمە مېنى قاتتىق قىيىنماقتا. ئەگەر شۇ ئارماندا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ۋىسال تاپماي يولىڭىزدا غېرىبسىنىپ ياتقان مۇساپىر قەۋرەمگە ئاچچىقلانماي قاراپ قويارسىز.

داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ سىزگە تەلمۈرگەن، سىزدىن چىن ساداقەت، ۋاپادارلىقنىڭ سىماسىنى كۆرگەن گۇناھسىز كۆزۈمنىڭ ئاخىرەتلىك سەپىرىمدە يۇمۇلماي قالماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمدا كۆڭلۈمدىكىنى تارتىنماي دەۋالاي:

سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: نېمىلا بولمىسۇن خېتىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغايسىز. سىزنىڭ ھالال لەۋزىڭىز بىلەن بەرگەن ۋاپا گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدى سىڭگەن جاۋابىڭىزغا ئىنتىزارمەن.

بۇ ئىشقى پىراقىڭىزدا نالە قىلىپ، سەكراتقا چۈشۈش ۋە بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرغان ئاددىي ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆتۈنىشى....

ۋىسالىڭىزسا ھەملىگە تەلمۈرۈپ بىدارلىق تۈنلەردە جاۋابىڭىزغا ئىنتىزار ساۋاقدىشىڭىز «ئەرزات» تىن.

# خىسلەت

دوستلۇرۇم ھايياتىمىڭ گۈلزار بېغىدا،
يارقىلىغان ئۆزەڭگە ياخشى خىسلەتنى.
ئادەمنىڭ ياشلىقى ئەڭ گۈزەل بىر چاغ،
ئۆمرۈڭگە يار قىلىما يامان ئىللەتنى.

كەل ئىشلە ئوغلانلار غەيرەتكە كىلىپ،
شۇگۈزەل ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
يۈرەكتە ئىلھامىم تاشماقتا شۇ تاپ،
شۇ ئىشچان خىسلەتلىك مەرتلەرنى كۆرۈپ.

ئەخلاقتا چىن ئاشىق بولسا ياشلىقلىق-
باغچىسى تولىدۇ قىزدالغۇللەرگە.
يورەكلەپ ئېچىلغان شۇ گۈللەر مەڭگۈ،
خۇشپۇراق ھىدىنى چاچسۇن چۆللەرگە.

# سۆيىمەن كوئىنلۇن سېنى

سۆيىمەن سېنى ئەي مۇقەددەس كوئىنلۇن،
ئاي سۆيگەن، كۈن سۆيگەن گىيالىرىڭنى.
ئاپئاق قار يېپىپ كۆككە بوي سوزۇپ،
گۈللەرگە ئورالغان قىيالىرىڭنى.

بۇژغۇنلار چاچرىتىپ دولقۇنلاپ مەڭگۈ،
سۆيىمەن باغرىڭدىن ئاققان دەرياڭنى.
سۆيىمەن يېشىللىق كۆركى بەرق ئۇرغان،
پايانى ئۇپۇققا تۇتاش دالاڭنى،

سۆيىمەن شۇچەكسىز قۇملۇق دەشتىڭدە،
تارىختا گۇۋاھچى شەھەرلىرىڭنى.
سورايمەن توكمەس باي يىلىق ماكانى،
«ئاق سېپىل»① قەدىمىي قەلئەلىرىڭنى.

سورايمەن باغرىڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن،
مەھزۇنى② مۇجىزى③ نۆبىتىلەرنى④.
سورايمەن تارىخنىڭ شاھىدى بولۇپ،
گۆھەردەك چاقنىغان مۆجىزىلەرنى.

سورايمەن ھېيياتچان شائىرلىرىڭنى،
سۆيىمەن ئەمگەكچان جەسۇرلىرىڭنى.
ئەل، ۋەتەن بەختىچۈن جەڭلەردە ھارماي،
ئالدىدا سەپ تۈزگەن باتۇرلىرىڭنى.

# ئەسسالام دىيار

مەن سېنىڭ قوينىڭدا ئۆستۈم ئەي گۈزەل بوستان دىيار،
يايرىدى جانىم دىلىمدا قالمىدى ئارمان، دىيار.
تەرىپىڭنى تىلغا ئالسام تەسۋىرىم كەملىك قىلۇر،
شۆھرىتىڭدىن پۈتتى مىڭلاپ قىسسە ھەم داستان، دىيار.
گۈللىنىپ قىشلاقلىرىڭ ئەيلىدى مەپتۇن مېنى،
شۆھرىتىڭ ئالەمگە تەڭ، ئۇرىيەنە خەندان، دىيار.

---

① مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2-، 3-ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر خەلق ئارىسىدا «ئاق سېپىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ②③④ 17-، 18- ئەسىرلەردە خوتەندىن ئۆتكەن كىلاسسىك شائىرلاردۇر.

ھەر تەرەپتە قايناماقتا ئەل ئارا قىزىلىق تۇيغۇ،
مول ھوسۇلدىن گۈل چېچەكلىگەن بىر گۈزەل دەۋران، دېيار.
تۆھپە قوشسام ياشلىقىمدا ئارمىنىم قالماس ساڭا،
يەتمىسەم گەر مەقسىتىمگە چېكىمەن ئەپغان، دېيار.
سىلەرنىڭ ئابى ھايات، ئاقىدۇ ئۆركەش ياساپ،
تېپىرقىلىك سۈرمە كۆزۈمگە، تەڭگە مەن دەرمان، دېيار،

# شېئىرلار

## ئابدۇرەسۇل تۇنىياز

### تامچە

ئۆچمەن دېڭىزدىن تامچىلاپ شەربەت،
جىسمىمغا بېغىشلار يېڭى كۈچ- قۇۋۋەت.
تامچىدىن ياسايمەن دولقۇنلۇق دەريا،
قىلدىرىتىم ئاشماقتا باشقىدىن قەۋەت.

### نۇر

كۆزۈمدە نامايەن بىر گۈزەل سىما،
قەلبىمگە ئاتا قىپ پاك سۆيگۈ، غۇرۇر.
يورۇتۇپ ئاي كەبى كۆڭلۈم قاراسىنى،
جىسمىمنى ئەللىتىپ بەردى ماڭا نۇر.

### داغ

ئاي قۇياشقا ھەسەت قىپ ھامان،
چۆرۈپ ۋىجدان قوغلايدۇ ھەر چاغ.
ۋىجدانسىزلىق قىلمىسا ئىدى،
يوق بولاتتى يۈزىدىكى داغ.

### مېھنىتىم شۇندىلا قالماس ئەجىرسىز

تاۋلىنىپ كۈرەشنىڭ قايناملىرىدا،
يېتىلدىم زەبەردەست ئەقلىمگە تولۇپ.
ئاتلاندىم سەپەرگە، ئەۋلادلىرىمغا —
ئۆچمەس بىر نۇرلۇق ئىز قالدۇرماق بولۇپ.
بارىمەن يولۇمدا يېتىلسام قويۇپ،
ئەجرىمدىن ياسايمەن چۆللەردە گۈلباغ.
مېھنىتىم شۇندىلا قالماس ئىزناسىز،
ئەۋلادىم يادىتىپ ئەسلىسە ھەر چاغ.

**يېقىن تۇرۇپ كۆرسە ......**

بالىسى : دادا ، ماۋۇ گېزىتتە « تېلېۋىزورنى يېقىن تۇرۇپ كۆرمەڭ » دەپتۇ . يېقىن تۇرۇپ كۆرسە نېمە بولىدۇ ؟
دادىسى : چامباشچىلارنىڭ مۇشتى تېگىپ كېتىدۇ .



ساۋاقداش ئوسمانجان دۆلەت 1969-يىلى چىرىيە ناھىيەسىنىڭ گۈلاخما يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987-يىلى 9-ئايدا مەكتىپىمىزنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 1986-يىلى ئېلان قىلىنغان «باھار سۈيى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن، ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

# مەن ياشايمەن، سۆيگۈ مەنزىلىم

ئوسمانجان دۆلەت

## غۇرۇر بىلەن ياشا ئادەمدەك

گۈلگە ئوراپ، بېزەپ ھاياتنى،
سۆيگەن دىلدىن قەدرىگە يېتىپ.
ئەسكە ئالساڭ ئۆلۈم— ماماتنى.
ماڭ ئىزىڭدىن يېڭى بەت ئېچىپ.

زارلاپ تەقدىر قىسمەتلىرىدىن،
ھاياتىڭنى قىلمىغىن خاراپ،
تەرتۆك، ئالغىن نېمەتلىرىدىن.
كېيىن يۈرەك بوپ قالمىسۇن ئازاپ.

غۇرۇر بىلەن ياشا ئادەمدەك،
باشقىلارغا باش ئۇرما پەقەت.
قان-تەرلىرىڭ ئاقسا دەريادەك.
نام-شەرىپىڭ ئۆچمەيدۇ ئەبەد.

## ياق، قايتۇرۇپ كېلمەن سېنى!

كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ،
ئۆتۈپ كەتتىڭ ئالدىمدىن جانان.
ھاياتىمدا ئۆرتىنىپ بىرىنداق،
ياش تۆكمىگەن ئىدىم ھېچقاچان.

كۆز ئالدىمدىن بىر گۈزەل دۇنيا-
غايىپ بولدى، ئۆلمىدىم بىراق.
ئۆزگە دۇنيا ئىزدەپ، كەلمەسكە-
راست قېشىمدىن كەتتىڭمۇ يىراق؟

ياق! قايتۇرۇپ كېلىمەن سېنى،
قول سىلكىشلەپ كەتسەڭمۇ شۇنداق.
ئاخىر قان-ياش تۆكۈپ تىنىك يارغا-
چۈشۈپ كەتسەڭ چىدايمەن قانداق؟!

## قەلبىمدە ھۆكۈمران پەقەت بىر ئوبراز

سەھنىگە چىققىنى كۈلۈپ ناخشىچى قىز،
يېقىملىق يېڭى بىر ناخشىنى ئېيتىپ.
ئاۋازى شۇنچە ساز بەكمۇ جاراڭلىق،
ئولتۇردۇم ناخشىدىن ھۇزۇر ھېس قىلىپ،

دىلىمدا ئوينايدۇ ھاياجانلىق ھېس،
ۋۇجۇدۇم سىلكىنەر ياپراقتەك گويا.
تارالدى جىسمىمغا بىر ئىللىق سېزىم،
چېھرىمدىن نۇر تۆكۈپ باققاندا قىيا.

ئۆزىمۇ ناخشىدەك يېقىملىق زىبا،
يۈزى ئاي، جۈپ كۆزى پارلار چولپاندەك.
ھاياجان ئىلكىدە قالدىم ئولتۇرۇپ،
دىل بېغىم گۈلىگە بۇلبۇل قونغاندەك.

قەلبىمنى چىرمىدى ناخشا ساداسى،
دىل رىشتىم شۇ قىزغا مەھكەم چېگىلدى.
قەلبىمدە ئويغىنىپ ئوتلۇق مۇھەببەت،
بىر تۇيغۇ ئىلكىدە قەددىم ئېگىلدى.

تۈگىتىپ ناخشىنى تەبەسسۇم بىلەن،
ئېگىلدى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

كۈلدىراس ئالقىشلار ياڭرىدى بىردىن،
لال بولغان پېتىمچە قالدىم ئولتۇرۇپ.

سەھنىدىن ئاستىلا كىرىپ كەتتى قىز،
يۈرىكىم قېتىدا قالدى ئۆچمەس ئىز.
قەلبىمگە ئاشۇ تاپ چۈشتى بىر سۈرەت،
سوقماقتا يۈرىكىم رەتسىز، تىنىمسىز.

ئاھ، شۇندىن بېرى مەن ھەر كۈنى ئاخشام،
تىياتىر زالىنى ئايلىنار بولدۇم.
يوشۇرۇن كۆزلىتىپ يۈردۈم، تاشلىنار-
قىز تۇرغان سەھنىگە پەقەت كۆز نۇرۇم.

ئۇ، گۈزەل قەلبىمنى چۈشىنىپ ماڭا،
كۆڭلىنى بېرەرمۇ، بىلمەيمەن بۇنى.
قەلبىمدە ھۆكۈمران شۇ بىرلا ئوبراز،
مەڭگۈگە ئورنىسا، تىلەيمەن شۇنى.

## يېتىپ كېلۇر ناخشامنى ئاڭلاپ

ئولتۇرىمەن دەريا بويىدا،
شاد ناخشامنى ياڭرىتىپ جۇشقۇن.
كۆيلىرىمگە جۆر بولۇپ شۇ دەم،
دەريا سۈيى سالىدۇ شاۋقۇن.

ئۆركەش ياساپ ئۇچقۇر ھېسلىرىم،
دولقۇنلارغا كەتتى قوشۇلۇپ.
جانلاندۇرۇپ شوخ كۈي- ئەۋجىنى،
سايراشماقتا قۇشلار شوخلىنىپ.

كۆزلىرىمدە خۇشاللىق يېشى،
سۆيۈپ ئۆتەر مەڭزىمنى شامال.

نۇردىن قۇۋۋەت ئالدىم، دىلىمنى-
قىلالمايدۇ دەرت- ئەلەم قامال.

قۇچاق ئاچقاچ ھۆر ھايات ماڭا،
شادلىقىمدىن ئېيتىمەن ناخشا.
ئەقىدەم دەر، قۇياشقا باققىن،
تەر ئاققۇزۇپ بەختىيار ياشا!

ئولتۇرىمەن دەريا بويىدا،
گىتارىمنى چېلىپ زوق بىلەن،
يېتىپ كېلۇر ناخشامنى ئاڭلاپ،
گۈل يۈزلىكىم كۈلۈپ ئۆز- ئىۋەن.

## ئايرىلغاندا ئۆتۈلدى قەدرىم

ئايرىلغاندا ئۆتۈلدى قەدرىم،
ھەمراھ بولدى دەرت- ئەلەم ساڭا.

پاك قەلبىمنى چۈشەنمەي باشتا،
كۆپ نادانلىق قىلغانتىڭ ماڭا.

ئويلىسالىڭ شۇ بەختنى ئالمىقىڭنى،
پۈشايمان ئىدى مىڭجەلار دىلىڭ.
قانچە ئەپۇ سوراپ دېسەڭمۇ،
خىجىللىقتا كۆيمەي تىلىڭ.

باشتا بىلمەي ئۆزۈڭنى جانان.
قىلمىشىڭدىن نادامەت چەكتىڭ.
ئايرىلغان شۇ مىنۇتتىن باشلاپ،
مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يەتتىڭ.

## سەنسىزمۇ ئۆز، گۈزەلكەن جاھان

ياقتى كۆڭلۈم تۆرىگە مەشئەل،
كۆزۈڭ چېچىپ كۆزۈمگە يالقۇن.
خۇلقۇڭ تارتىپ مېيلىمنى تۈگەل،
بولدۇم گۈزەل يارساڭا تۇتقۇن.

چۈشلىرىمدە بويۇنۇمدا چېچىڭ،
دىلغا ئارمان يۈكلىگەن كېچە.
گۈلشەنلەردە، گۈللەردە ھىدىڭ،
سېغىنچىڭدىن ياش تۆككەن كېچە.

سېغىنغان لەۋ قوشۇلدى ئاخىر،
يامراپ كەتتى تېنىمگە تىترەك.
بەخت نۇرى كۆزۈمدە زاھىر،
ئاچتى ئىزگۈ خىيالىم چېچەك.

تۇيلا تىڭشاپ كۆيۈمدىن بەزدىڭ،
يامراپ كەتتى تېنىمگە تىترەك.

ئەقىدەڭدىن، سۆيگۈمدىن كەچتىڭ،
قالدىم تەنھا ئۆزۈمنى بەزلەپ.

سۆيگۈمگە تىغ ئۇردۇڭ بىۋاپا،
قەلبىم بىتتى بۇيالدى قانغا.
تېپىلمىدى يارامغا داۋا،
ئاھلىرىمنى ئېيتتىم شامالغا.

بۇ قىسمەتتىن كۆزۈم ياشلىنار،
يىغلاپ يۈرەر كويلىرىم مىسكىن.
ئۈمىد قىزى ئېيتقان ناخشىلار،
بەردى سۈيۈنۈق قەلبىمگە تەسكىن.

تەقدىرىمدىن يۈرمەيمەن قاقشاپ،
سەنسىزمۇ ئۆز- گۈزەلكەن جاھان.
سېنى ئەستىن يىغلانچە تاشلاپ،
ئۆز ئەكسىمگە قايتارمەن قاچان؟!...

## ھەممە مىللەت ئىتتىپاق

### مامۇتجان قاسىم

ۋەتىنىمنىڭ گۈلگە تولغان باغرىدا،
ئېچىلدى كەڭ، چوڭ يۈرۈشنىڭ يوللىرى.
شۇ يول بىلەن ئالغا ئاتلاپ ھەر مىللەت،
ئېچىلدۇردى ئىتتىپاقلىق گۈللىرى.

چوڭ يۈرۈشتە يولداش بولۇپ ئۆز ئارا،
مۇشكۈللەردىن قول تۇتۇشۇپ ئاتلىدۇق.
بىرنى ئۇنداق، بىرنى بۇنداق كەمسىتىپ،
تالايدىغان ئەللەتلەرنى تاشلىدۇق.

ھەممە مىللەت خەلقى بولۇپ بىر گەۋدە،
ئانا ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشايمىز.
ئۈزۈلمەيدۇ رىشتىمىزنى رەقىبلەر،
زېھنىمىزنى ھەر دېپەتكە ئاتايمىز.

# ئۆزەڭ خۇشال، بىراق ئەل...

(ساتىرا)

شايىپ ئابدۇسالام

«كاللا قويدۇم» دېگىنىڭ،
بەخت ئىكەن ساڭا خاس.
بىرىنداق گاڭگۇڭ ــ نوچىلىق،
ئەل كۆڭلىگە يارىماس.

ھۇزۇرلىنىپ كۈلىسەن،
قىلمىشىڭدىن قاھ-قاھلاپ.
ــ بىرنى ئۇرسام يىقىلدى،
دەيسەن دائىم ۋالاقلاپ.

ئاڭلا يىگىت، سەھرامۇ،
مەرت ئوغلانلار ماكانى.
سەھرالىقلار بىلىدۇ،
ئۇمرۇس بىلەن ھايانى.

بولۇش پەقەت شەھەرلىك،
ئەمەس ئۇنچە شەرەپلىك.
ياقار ئەلنىڭ كۆڭلىگە،
بولسا گەر كىم ئەدەپلىك.

ئادەم ئۇرغان قولىڭنى،
ئۆگەت كەتمەن چېپىشقا.
شۇندا شەرتىڭ توشىدۇ،
ئەل كۆڭلىگە يېقىشقا.

# شېئىرلار

ئەسقەر ئازات

## ھەر سەھەردە گۈلگە قارايمەن

تاڭ سەھەر گۈللۈكتە كۆردۈم ئەتىرگۈل،
تۇرۇپتۇ ئوتقا شەبنەم تاۋلىنىپ يېنىپ.
شۇندا مەن بېرىپلا ئۈزدۈم بىر تالنى،
ھىدىنى پۇرىدىم قېنىپ ئاھ، قېنىپ.

گۈل ھىدى شارابسىز مەست قىلدى مېنى،
تۇرالماي قالدىم مەن ئورنۇمدا زىنھار.
زىل ئاۋاز كۈلكىلەر ئالدى ئارىنغا،
قارىسام تۇرۇپتۇ بىر توپ شوخ قىزلار.

«ھەي يىگىت مەست بولدۇڭ شۇگۈل ھىدىدىن،
قوي سېنى، يىغىشۋال ھوشۇڭنى دەرھال.
كۆزۈڭگە تاشلانسا قىزلار جان بېرەر-
ئىكەنسەن، كۆرگىنىڭ گۈل ئىكەن ھەرھال.»

مەن دېدىم «گۈلگە مەن ئاشىق، بىقارار-
بولغاچقا شۇ گۈلنى قانماي پۇرايمەن.
مەست بولۇش ئۈنىڭدىن لەززەت مەن ئۈچۈن،
شۇڭلاشقا سەھەردە گۈلگە قارايمەن.»

## ئويۇنچۇقۇڭ ئەمەسمەن

يېقىن تۇتسام كۆڭلۈمنى ساڭا،
كۆزگە ئىلماي قېچىپ يۈرىسەن.
خالىساڭلا چاقچىقىڭ بىلەن،
يۈرىكىمگە خەنجەر ئۇرىسەن.

ئۇ يۈلچۈقۇنىڭ ئەمەسمەن بىلسەڭ،
پۈلەپ كۆچەپ ئېتىلدۇرغىلى.
خالىساڭلا يۈرەكلىرىڭنى،
يۈرىكىمگە قېتىلدۇرغىلى.

بولمىساڭمۇ ياشنار يۈرىكىم،
كۆرمەسەممۇ ئۆتەر كۈنلىرىم.
يوقالساڭدى كۆزۈمدىن نېرى،
بولار ئىدى چۈشسىز تۈنلىرىم.

## يارىمغا

زەر قۇياش نۇرلىنىپ قىلسا تەبەسسۇم،
ئالدۇ تەبىئەت جەننەت تۈسىنى.
ئايلانسا كۆپۈككە شىرىن ئارزۇيۇم،
دىل خانەم ئالدۇ لەھەت تۈسىنى.

شۇڭلاشقا ئالدىم مەن ئۆتكۈر قەلەمنى،
يوشۇرۇن سىرلارنى توكەل ئاچاي دەپ.
سۆيۈملۈك يارىمغا كۆڭلۈمنى ئىزھار-
ئەيلىگەچ، ئۆلمەس بىر شېئىر يازاي دەپ.

ئەي نىگار، سەن ئۈچۈن بەھا جەت ماڭا،
نە مىسرا، نە سۈرەت ھەمدە ئەلەڭگۈ.
جانلانسا ۋۇجۇدۇڭ ئەسەرلىرىمدە،
مەن ئۈچۈن ھەممىدىن لەزىز شۇ سەزگۈ.

# گۈل ۋە گۈزەللىك

(نەسىر)

باتۇر داۋۇت

مەن سۈبھى بىلەنلا ئورنىمدىن تۇرۇپ، مەكتەپ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدىم. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەن، كەڭ ئاسمان گۈمبىزىدە يورۇقلۇق شەرقتە باشقا تەرەپلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىغا ئۆدۈل قىلىپ ياسالغان چوڭ كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلەندىم. رىشاتكىغا ياندىشىپ ئۆسۈپ تىكىلگەن قىزىلگۈللەر بەكمۇ ئاينىغان بولۇپ، رىشاتكىنىڭ ئۈستىدىن سىرتقا يېيىلىپ تۇراتتى، سېرىنگۈل، قونىقگۈل ۋە ئىسمى نامەلۇم باشقا گۈللەر قوشۇلۇپ، بەجايىكى ئۇستا رەسسام سىزغان نەپىس مەنزىرە سۈرىتىدەك كۆرۈنەتتى.

مانا، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى گۈللەرنىڭ غولىمىنى يېنىككىنە ئىغاڭلاتتى، بۇرنۇمغا گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئۇرۇلدى، مەن ناھايىتى لەززەت ھېس قىلدىم-دە، مۇشۇ خىل ھېسسىياتىمنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى ئۈچۈن قىزىلگۈلنى پۇرىدىم، پۇراققا قانماستىن پۈتۈن ئىشتىياق بىلەن نازۇك بەرگىگە سۆيدۈم، گۈل بەرگىدىكى ئۇششاق سۇتامچىلىرى قاشتېشىدەك سۈزۈك ۋە رەڭدار، مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ پارقىراپ ياتاتتى. مەن مۇشۇ خىل ھالەتنى نېمىگىدۇر ئوخشىتىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز خىيالغا چۆمدۈم، مەن دىققىتىمنى يەنە گۈلگە ئاغدۇردۇم، ھازىر كۆزگە تېخىمۇ روشەن تاشلىنىپ يالتىراپ تۇرغان شەبنەم قۇياشنىڭ كۆتىرىلىشى بىلەن پەيدىنپەي توكۈلىدۇ-ھە؟! مەن ئۆزەمنى خوشال سەزدىم. چۈنكى، مەن ناھايىتى ياخشى ئوخشىتىشتىن بىرىنى تاپقان ئىدىم، ئاشىقلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن شەبنەمگە ئوقۇتقۇچى ئوخشىماي دىكىنە؟! ئوخ-

شايدۇ، ئەلۋەتتە ئوخشايدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبىمۇ شەبنەمدەك سۈزۈك، شەبنەم قىزىيا شەنىڭ قىزدىتىشى بىلەن پارغا ئايلىنىپ يوقالغاندەك ئوقۇتقۇچىمۇ ھاياتىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە بېغىشلايدۇ «ئەخ! قەدىرلىك ئۇستاز، سىزنىڭ قەلبىڭىز نېمە دېگەن گۈزەل-ھە!»

ئىختىيارسىز مۇنداق پىچىرلىدىم: «ئەخ! گۈزەللىك شاھى بولغان گۈللەر، سىلەرجىمىكى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىكى، بىراق، سىلەردىكى گۈزەللىك ئاخىرقى ھېسابتا ئوقۇتقۇچىغا تەئەللۇق!»

# ھۆرلۈك قۇربانى

(باللادا)

## ھېسامىدىن ئۆمەر

مەرھۇم ھوشۇرئەيسا 1947-يىلى 7-ئايدا گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قولىدا شېھىت بولغان.
—خوتەن شەھەر مۇساپىر زاراتلىقىدىكى بىر قەۋرە خاتىرىسىدىن.

### مۇقەددىمە

ئەجىرسىز ئاتقانمۇ ۋىسالىنىڭ تېڭى؟
قۇربانسىز كەتكەنمۇ شۇقاراتۈنلەر؟
يۇمسا داغلارنى شېھىتلەر قېنى،
نەدىدى بۇگۈنكى بەختىيار كۈنلەر؟

شۇتۈنلە ئەركىنلىك ئۈچۈن قان كېچىپ،
ئاتلانغان كۈرەشكە بىھېساب مەرتلەر.
قاراتۈن پەردىسى يىرتىلىپ شۇندا،
تەنتىرىگەن كائىنات ھەممە ئانا يەر.

ھاياجان ئىلكىدە، سۆزلىسەم قىسسە،
تامچىغان يېشىمدىن مەگزىم بولار نەم.
قەلبىمدە ئىلھامىم قايناپ بولاقتەك،
مەرتلەرگە كۆي ئوقۇپ يۈگرەيدۇ قەلەم.

1

بارائەت ئېيىنىڭ تۈنەك ئاخشىمى،
بىپايان ئاسماندا ئۈزەر تولۇن ئاي.
ھېسابسىز يۇلتۇزلار چاقناپ چىراقتەك،
يورايدۇ ھەممە ياق مېزىلىك ھىد-ماي.

چوڭلارغا ئەگىشىپ ماگىما قىتمەن تېز،
«مۇساپىر زاراتلىق» تامان يول ئېلىپ.
ئەجدادلار ھۆرمىتى قەلبىمدە پەۋەس،
بارىمەن خىيالدىن بېشىمنى ئېگىپ.

كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچە يەتتىم مەنزىلگە،
بۈندىكى مازارنى بازار دەيمىكەن؟!
ئەۋلادلار ئەجداتىنىڭ ۋارىسى بولۇپ،
پۈركەپتۇ قەۋرىنى گۈللەرگە قېلىن.

مازارنى ئايلىنىپ كۆزۈمگە بىردىن-
چېلىقتى باراقسان گۈللۈك بىر قەۋرە.
قەۋرىدە ئېچىلغان تۈمەنخىل گۈللەر،
يورايدۇ دېماققا گۈپۈلدەپ ئەترە.

قەۋرىنى ھاك بىلەن تاشتەك قاتۇرۇپ،
سىرتىنى چىرايلىق سۇۋاپ قويۇلغان.
«ئىنقىلاب قۇربانى ھوشۇرئەيسا....دەپ،
قەۋرىگە ئۆچمەسكە خەتلەر ئويۇلغان.

قەۋرىنىڭ يېنىدا تۇرار قەد كېرىپ،
ھەيۋەتلىك تىك ئۆسكەن چىنار دەرىخى.
ئېگىلمەس غوللىرى، تۇرقى ئۇزۇن شۇنچە،
قوشۇپتۇ مازارغا ھۆسنۈن ھەر شېخى.

مەھلىيا بولدۇم تەلپۈنۈپ ئاڭا،
ھۆسنىگە تويماستىن كۆزۈمنى سالدىم.
تىك قامەت، ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ،
ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ قالدىم.

بىلمىدىم، نېچۈندۇر چىنار دەرىخى-
ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك، شېخى ئېگىلمەس؟
نېچۈندۇر تىك قامەت، قەددى پۈكۈلمەس؟
مەن ئۈچۈن بىر سىرنى بولدى يېشىش تەس.

تەۋرىدى بىردىنلا باراقسان گۈللەر،
مەگزىگە سۆيگەندە ئىللىق شوخ سابا.
قاتتىق بىر سىلكىنىپ چىنار دەرىخى،
زۇۋانغا كەلدى-دە، ياڭرىدى سادا...

2

مەن ئەسلى بىر يىگىت، چىنار ئەمەس مەن،
ئىسمىمنى ئاتايدۇ ھوشۇردەپ مېنىڭ.
پەپىلەپ ئۆستۈرگەن يۇرتۇم خوتەندۇر،
ھۈنەرۋەن قولى گۈل جىمى خەلقىنىڭ.

تۇغۇلسام شۇم زامان، زۇلمىدىن خەلقىم
ياشاپتۇ ياپراقسىز قۇرۇق قاقشالدەك.
زالىملار ئوينىتىپ قانلىق قامچىنى،
بۇلاپتۇ تاپقاننى ئوغرى چاشقاندەك.

خەلقىمنىڭ بېشىدا كۆپەيگەچ زۇلۇم،
قىساسنىڭ يالقۇنى ياندى دىلىمدا.
ئاتلاندىم كۈرەشكە قىلىچ كۆتۈرۈپ،
ھۆرلۈك دەپ نام قالدى باستان ئىزىمدا.

3

شام ۋاقتى باراتتىم خىياللار سۈرۈپ،
ئىللاندەك سوزۇلغان كوچىنى بويلاپ.

كەلگەندە گۈلباغقا ئۆرۈلدى ئۆپكەم.
قورقۇنۇچ تۈس ئالغان پەريادنى ئاڭلاپ.

بىر نەپەر گومىنداڭ چېرىكى شۇ پەيت،
بىغايا كۆز قىسىپ، يالاپ ئېۋۇدنى:
سەھرالىق بوۋاينىڭ سىلكىپ قولىدىن،
تارتىشقا باشلاپتۇ غۇنچە قىزىنى.

چىڭ تۇرۇپ قىزىغا ئېسىلدى بوۋاي،
تىكىلدى چېرىكنىڭ ياۋۇز كۆزىگە.
نەپرەت ھەم غەزەپتىن تىترەپ ساقالى،
تۈكۈردى ئۇنىڭ سەت، ياغاق يۈزىگە.

چېرىكنىڭ چىرايى سۈرلۈك تۈس ئېلىپ،
مۇشت بىلەن يىقىتتى بوۋاينى يەرگە.
مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن غەزەپتە،
ئۇرۇشقا باشلىدى چۆمۈلۈپ تەرگە.

داد سالدى بوۋاينىڭ بوغۇق ئاۋازى،
داد سالدى شەھەر ھەم يېزا، تاغ، چۆللەر!
داد سالدى يورۇڭقاش-شاۋقۇنلۇق دەريا،
داد سالدى ئورمانلار. داد سالدى كۆللەر!!!

ئەمەسمۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىق بۇ؟
بۇ زامان ئاشۇنداق مۇشتۇمزورنىڭمۇ؟
ھالاكەت ئوتىدا كۆيسەن بىر كۈن،
شۇ چاغدا كۈنىمىز چىقار بىزنىڭمۇ!

دەرغەزەپ يالقۇنى ياندى كۆزۈمدە،
جاسارەت، غەيرىتىم جۇش ئۇردى، تاشتى.
كۆتۈرۈپ چېرىكنى يىقىتتىم يەرگە،
ئەلماڭا ھەممىڭلىق بىلەن قاراشتى.

ھايالسىز دۈپۈرلەپ بىر توپ چېرىكلەر،
مەن ياققا گوياكى ئوقتەك ئېتىلدى.
ئۇلارغا يۆنىلىشقان نەپرىتىن خەلقىنىڭ،
سۆزسىزلا يەنچىلىپ بېشى مىجىلدى.

«يا ئۆلۈم، ياكۆرۈم» دېدىم ئىچىمدە،
راسلاندىم بەلمۇ-بەل ئېلىشماق بولۇپ.
«تۇتتۇڭلار»دېدى-دە، چىرىك باشلىقى،
ئېتىلدى چىرىكلەر ماڭا قولسوزۇپ.

ئېلىشىش باشلاندى، قايناندى گۇلباغ،
كەلگەننى كۆتۈرۈپ يەرگىلا ئاتتىم.
غىلاپتىن سۇغۇرۇپ مىراس-خەنجەرنى،
چىرىكلەر بېشىدا راسا ئويناتتىم.

«گۇم»قىلغان ئاۋازدىن تىترىدى جاھان،
شۇئانلا ھەركىتىم ئاستىلاپ قالدى.
ئەزايىم سىقىراپ، يارىلانغان پۇتۇم-
بىردەمدە قىپقىزىل قانغا بويالدى...

4

يېغىپ مەن ھوشۇمنى ئاچسام كۆزۈمنى،
قەپەزدەك تۈرمىدە كۆردۈم ئۆزەمنى.
سېلىنچى يەرئىكەن، يېپىنچى تۇرۇس،
«خەپ»دېدىم ئىچىمگە يۇتۇپ ئەلەمنى.

ئاڭلىنار ئەتراپتا غەلىتى قىقاس،
قىينىلار مەھبۇسلار ھەرخىل جازادا.
ئاڭلىنار قامچا ھەم چوماق شەپىسى،
جاللاتلار قان ئىچىش ئۈچۈن تامادا.

قولۇمغا چېتىقلىق كىشەن زەنجىرى،
پۇتۇمنىڭ يارىسى ئارام بەرمەيدۇ.
بۇنىسى چاغلىق ئىش، دۈشمەن تەلەتى،
يۈرەكنى زەرداپ قىپ، دىلنى ئۆرتەيدۇ.

تاياق ھەم دەشنەمدىن پۈچىلىنىپ يەرگە،
شۇ يوسۇن ئۆلتى ئاي ئەھۋالىم بەتتەر.
ۋە لېكىن دىلىمنىڭ ئاسمان كۆكىدە،
چاقنىدى نۇر تۆكۈپ پارلىغان ئەختەر.

بىر كۈنى تۇساتتىن تۆمۈر ئىشىكنىڭ،
ئېچىلدى قۇلۇپى بىردىن شاراقلاپ.
ئەخمەتجان قاسىمى كىردى، ئارقىدىن-
مەھكىمە چوڭلىرى كەلدى پالاقلاپ.

كېيىنگەن ئەخمەتجان ئاددىي ھەم پاكىز،
ياراشقان چىرايلىق دوپپىسى ئاڭا.
باش ئېگىپ ئۇ ئاۋال دېدى: «ئەسسالام»،
خىيالچان كۆزىدە بېقىپ خوش ماڭا.

دېدى ئۇ مەھكىمە چوڭىغا قاراپ:
— بۇلارغا نېمىشقا ئازاب سالدىڭلار؟
جار سېلىپ «تىنچلىق»دەپ يەنە خەلقنى،
نېمىشقا تۈركۈملەپ قولغا ئالدىڭلار؟

ئېگىلىپ يۇرت چوڭى ھىجىيىپ ساقتا،
دېدى:» بۇ، خوتەندە داڭدار بىر لۈكچەك.
ئەسكەر ھەم ساقچىنى ئۇرۇپ نەچچە رەت،
ھۆكۈمەت، قانۇننى بۇزەك قىلدى بەك...»

بۇ سۆزدىن ئەخمەتجان دەرغەزەپ بولۇپ،
دۈشمەنگە خەنجەردەك تىكتى كۆزىنى.
تىترىتىپ تۈرمىنى ياڭراق ئاۋازدا،
باشلىدى ئۇ تەمكىن شۇندا سۆزىنى:

— ئوت قويغان يامانمۇ، چىراق ياققانمۇ؟
يول يوقمۇ پۇقرالار چىراق يېقىشقا؟
ھەقلىقمۇ ئەسكەرلەر پۇقرانى ئۇرۇپ،
مۈلكىنى بىسوراق بۇلاپ-چېقىشقا؟

بىلىمەن، ئەلۋەتتە «داڭدار لۈكچەك»نىڭ،
«گۇناھى»— جەڭ قىلىش ئادالەت ئۈچۈن.
مەقسىتى، ئاغدۇرۇپ جەۋرى-زۇلۇمنى،
قىلىشتۇر يوقسۇلنىڭ نېنىنى پۈتۈن.

ئەخمەتجان ئەپەندىم پاكىت كەلتۈرۈپ،
ھىلىگەر دۈشمەننى قىلدى ئاخىر مات.
جان تىكىپ ياۋ بىلەن قىلغاچ كۈرەش ئۇ،
بولدۇق ھەم ئۇن كىشى تۈرمىدىن ئازاد.

يەتكۈزدى ئۇ بىزگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ،
ئىنقىلاب مېۋىسى — قوۋناق بەختىنى.
بىزلىمۇ چاقىرىپ شادلىق كۈردىشكە،
دېدى گۈزەل قىلايلى دۈشمەن تەختىنى.

ئىلىدا تىكلەنگەن ئىنقىلاب تۇغى،
دىللاردا زور ئىلھام-مەدەت قوزغىدى.
شۇ ئىلھام-مەدەتنىڭ ئۈچمەس يالقۇنى،
گويا كى بىزنى گاڭ كەبى تاۋلىدى.

ئىزدىنىپ بىر مەزگىل ئۇن بەش نەپەر ياش،
قۇردۇق بىر تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتاش.
جانىنى ئېلىپ ئالقانغا كۈرەشمەك بولۇپ،
بولدۇممەن بۇ يېڭى تەشكىلاتقا باش.

قاغىشخور زامانغا جەڭ ئېلان قىلىپ،
ھەقىقەت يولىنى كۆرسەتتۇق ئەلگە.
ماسلىشىپ بىزلەرمۇ ئۈچ ۋىلايەتكە،
ئەركىنلىك ئەكەلمەك بولدۇق ۋەتەنگە.

5

«بۈگۈن تۈن يېرىمىدا چېرىكلەر كېلىپ،
ئەمەت ھەم نەمەتنى تۇتۇپ كېتىپتۇ.
ئېلىشقاچ يىگىتلەر تۇرۇپ يۈزمۇ-يۈز،
پۇت- قولىنى چېرىكلەر ئۈرۈپ چىقىپتۇ.»

سۆبھىدە تارالغاچ ئۇشبۇ شۇم خەۋەر،
غەزەپتىن چىشلىرىم كەتتى غۇچۇرلاپ.
دۈشمەننىڭ سۆيىقەستچى- نامەرتلىكىگە،
يا غدۇردۇم قاغىش ھەم لەنەت پىچىرلاپ.

شۇڭلاشقا چاقىرتىپ ئىككى ھەيئەتنى،
بۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشتۇق ئۇزاق.
ئۇنداقچە قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ،
دۈشمەنگە قورماقچى بولۇشتۇق تۇزاق.

تۇراتتۇق ئۇي ئويلاپ، ئىشىك چېكىلىپ،
كىردى بىر قانداقتۇر يېتىممىسىز گەۋدە.
شەپكەھەم ياقىدا چېرىك بەلگىسى،
ئېسىلغان يېنىدا مىلتىقى ھەمدە.

«بىر ئىشىك بارمىدى؟!» دېدىم غەزەپتە،
كۆزۈمنى نەشتەردەك تىكىپ مەن ئاڭا.
ياش ئېلىپ كۆزىگە چېرىك شۇ ھامان،
سۆزلەشكە باشلىدى ئەھۋالى ماڭا:

— ھەي يىگىت، مېنىڭدىن بولماڭ سىزھەيران،
يوقسۇللىڭ ئوغلى مەن، ئاڭا كۆيىمەن.
بولسامۇ گومىنداڭ ئەسكىرى، بىراق-
ھۆرلىكى قەلبىمدە مەنمۇ سۆيىمەن.

ئاڭلىسام جەڭگىۋار تەشكىلات قۇرۇپ،
زالىملار ئۈستىدىن شىكايەت قىپسىز.
ھەقىقىي تېچ، ئەركىن ياشاشنى كۆزلەپ،
مەرتلەرنى كۈرەشكە بىشارەت قىپسىز.

بۇ ئەھۋال سىزدىلگەچ باشلىدىق تەرەپكە،
ھۇدۇقۇپ يۈرىكى كەتتى پوكۇلداپ.
گويا كى پۇتلىرى كۆيگەن توخۇدەك،
چۆشۈردى ھەر جايغا پەرمان، سوكۇلداپ.

ئەڭ ئاۋۋال ئۆتكەنكى ئىسيانكارلارنى،
بىر-بىرلەپ چۆشۈرمەك بولدى قاپقانغا،
ئەخمەتجان ئەپەندىم قويۇپ بەرگۈزگەن،
ئۇن نەپەر مەھبۇسنى تاشلاپ زىندانغا.

كېچىدىن ئۈشتۈمتۇت باستۇرۇپ بېرىپ،
بۇلاردىن ئىككىنى تۇتۇپ كېلىشتى.
سىز بىلەن قوشۇلۇپ سەككىز كىشىنى،
بۇ كېچە تۇتۇشنى پىلان قىلىشتى.

بۇ پىلان ۋۇجۇتقا چىققاندا تولۇق،
سىزنى چوڭ سوراققا تارتماقچى ئىكەن.
پوپىزا قىلىشچۈن كۆرسىتىپ سىزگە،
مەھبۇستىن توققۇزنى ئاتماقچى ئىكەن.

ئاڭلاپ مەن چېرىكتىن ياۋنىڭ قەستىنى،
ئۆگۈنۈش ئىچىدە سىقتىم قولىنى.
قەلبىمدىن بىلدۈردۈم ئاكا تەشەككۈر،
قوللىغاچ بىز ماڭغان ھۆرلۈك يولىنى.

سۆزلىدى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۇ،
تۈرمە ھەم ئامبارنىڭ سىرىنى بىزگە.
خوشلىشىپ بىز بىلەن چىققاندا ئۆيدىن،
ئۇزاتقاچ دېدىمەن: «كۆپ رەھمەت سىزگە!»

تۈزۈشتۇق ئالدىدىن پىلان ھەم تەدبىر،
دۈشمەننىڭ قەستىنى تار-مار قىلىشقا.
تاپىلاپ ۋەزىپە ئىككى ھەيئەتكە،
بۇيرىدىم ھەممىنى تەييار تۇرۇشقا.

6

ئەل ياتقۇ ۋاقتى، ئەل كەتكەن ئۇيقۇغا،
ئالەم ھەم قاراڭغۇ، جىمجىت ھەممە ياق.
توپلاشتۇق تەشكىلات ئەزالىرى تېز،
پۈتۈشكەن جايغا دەل ئونبەش كىشى ساق.

تۈرمىنىڭ تاملىرى قېلىن ھەم ئېگىز،
گۈمبەزدەك پوتەيلەر تۇرار چوقچىيىپ.
دەرۋازا ئالدىدا ئىككى قاراۋۇل،
كۆزەتەر ئەتراپنى ئەنسىز كۆز تىكىپ.

باردۇق تېز دەسسىشىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا،
ئىككە يەلەن دەرۋازا تامان يېقىنلاپ.
كۆزەتتە تىك تۇرغان ئىككى چېرىكنى،
ئۇندىمەي چىشلەتتۇق توپا، بېقىنلاپ.

مەن شۇئان تىڭتىڭلاپ ئەتراپنى يەنە،
ئىچكىرلەپ قوروغا باردىم تېز يېقىن.
گۈندىپاي، چېرىكلەر ياتقان ئۆيلەرنىڭ،
تاقىدىم زەنجىرلاپ ئاستا سىرتىدىن.

چاقىردىم ئۈچ نەپەر ياشنى يېنىمغا،
بۇرۇلۇپ ئارقىمغا ئىشارەت قىلىپ،
ئاتلاندۇق دوستلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
مەھبۇسلار كامىرى تامان يول ئېلىپ.

مەن شۇئان ھۇجۇم قىلىپ ئىشىك باقارغا،
مۇجىغىدىم پىكانى سىقىپ راسا چىڭ.
تىپىرلاپ بىر ھازا، بوشاپ ئۇ ئاخىر،
جان ئۈزدى تىنجىغۇپ قىلالماستىن غىڭ.

كامېرنىڭ ھەيۋەتلىك ئىشىكلىرىنى،
بىر-بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدىم شۇئان.
مەھبۇسلار پاچاقلاپ كويزا-كىشەننى،
چۆمۈلدى شادلىققا سېلىشىپ چۇقان.

كىشەندىن قۇتۇلغان خەلقلەر توپى،
مېڭىشتى ئارقامدىن ئەگىشىپ ماڭا.
خۇشاللىق يېشىدا نەملەي مەڭزىنى،
قوشۇلدى تەشكىلات ئەزالىرىغا.

×

ھەممە ياق قاراڭغۇ، دوستلار دالىدا،
تىپ-تىنچ ئىدى تۈن تېخى شۇ قەدەر.
ئىككىنچى پىلاننى باشلىدىم يەنە،
پەملىگەچ يوقلىقىن ئانچە چوڭ خەتەر،

بىلەكتەك تۆمۈرنى تەقتىم ئەشكىنەك-
قولۇپلۇق زەنجىرى ئاستىغا كەپلەپ.
ئۇلىشىپ نەچچىمىز قايرىپ تۆمۈرنى،
قومۇردۇق زەنجىرنى ئەشكىتىن ئەپلەپ.

چىقىپ ئۆي ئىچىدىن بىر ئىت ئاشۇچاغ،
ئېتىلدى بىزلەرگە خاخىراپ قاۋاپ.
كېچىنى ئويغاتقان ئاشۇ مەلئۇننى،
ئۆلتۈردۇم كالتەكلەپ—قانغىچە ساۋاپ.

شەپىدىن ئويغىنىپ كەتكەنمىز دۈشمەن،
ھەريانىدا گۈدۈكلەر كەتتى چىرقىراپ.
ئاچالماي سىرتىدىن تاقاق ئىشىكنى،
چىرىكلەر سولاقتا كەتتى پىرقىراپ.

دەل شۇچاغ دالدىغا مۆكۈنگەن دوستلار،
ئاتلاندى ھەرىكەتكە چاقماقچاقناندەك.
دۈشمەننىڭ ئوق-دورا، قورال ئامبىرىغا،
يېپىشتۇق گويا كى گۆھەر تاپقاندەك.

ئېلىشىپ ھەممە يەن قوللارغا قورال،
ئايرىلدۇق تۈرمىدىن تېزلا ھايالسىز.
چۈنكى ياۋ غالجىرلاپ تەرەپ-تەرەپتىن،
بىزتامان ئاتلاندى قوغلاپ ئىزمۇ-ئىز.

ئۇچۇشقا باشلىدى ئۇچار يۇلتۇزدەك،
قولاقلار تۆۋىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ.
مۆكۈندۇق ھەممە يەن پىناھلىغا تېزدىن،
دۈشمەنلەر ھەرياقتىن كەلدى مىژىلداپ.

بەتلىشىپ مىلتىقنى، نىشانلاپ ياۋنى،
شىددەتلىك ئوت ئاچتۇق دۈشمەن توپىغا.
ئېلىشتۇق بىرمەھەل رەقىپ بىلەن تەڭ،
باش ئەگمەي يامغۇردەك ياققان ئوقىغا.

لېكىن ياۋ كەلكۈندەك ئۇلغىيىپ بىردىن،
قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى قايتىدىن.
تەشكىلات كۈچىنى ساقلاش مۇھىم دەپ،
پىلاننى ئۆزگەرتتىم يەنە باشقىدىن.

بۇيرۇق قىپ تەشكىلات ئەزالىرىنى،
ئارقىغا مەجبۇرىي چېكىندۈردۈم تېز.
پىلىمۇت قولۇمدا، يالغۇزچەك قىلىپ،
دۈشمەننىڭ يولىنى توستۇم تۇراپ ئىز.

توساتتىن قورالنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ،
يېنىمدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئالدىم.
«تىرىك تۇت!» دېدى-دە، چىرىك باشلىقى،
بىردەمدە مۇھاسىر ئىچىدە قالدىم...

ئېلىشىپ ياۋ بىلەن ئوينىتىپ خەنجەر،
بىرنەچچە مەلئۇننىڭ بېشىنى ئالدىم.
ئولاشتى ھەممە تەڭ، قايرىلدى قولۇم،
ئاخىرى دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالدىم.

7

چىللاشقا باشلىدى ھەريانىدا خوراز،
ئويغاندى جانلىقلار شەھەر-كەنتتە.
ئاتقۇزدۇم بىر تۈننى يۇمماي كۆزۈمنى،
ئەلەمخېپىي زىنداندا-لەنەزەر يەلتتە.

بىرچاغدا جالاقلاپ ئىشىك ئېچىلىپ،
ساقچىلار قول سوزۇپ ماڭا يېپىشتى.
قولۇمنى قايرىشىپ، سۆرۈشۈپ مېنى،
بىر ئۆيگە داقىرتىپ ئېلىپ چىقىشتى.

ئۆي ئىچى ئەڭ ئېسىل گىلەم، جاھازدا،
ياسالغان بەگلەرچە پوسۇندا ئالىي.
ۋەلېكىن يانىدىكى ئوچۇق ئىشىكتىن،
كۆرۈنەر ھەريا گىزاجازا قورالى.

ساقچى ھەم مەھكىمە چوڭى شاپاشلاپ،
«مەرھەمەت» دەپ ماڭا كۆرسەتتى ئورۇن.
دومباييتىپ يەلتۇپەتەك قورسىقىنى ئۇ،
تولدۇرۇپ شىرەنى — ياسىدى سورۇن.

ھەجەپ ئۇ ماڭا تۇتتى بىر قەدەھ،
رەت قىلىپ قەلبىمنى «ئىچمەيمەن» دېدىم.
ئامالسىز زورلىغان چاغدا مەزەگە،
«قورساق توق، ھېچنەرسە يېمەيمەن» دېدىم.

دۈشەندى ئالدىمغا ھايال ئۆتمەستىن،
ئەڭ ئېسىل تون بىلەن ئورغۇن پۇل-يامبۇ.
ھەجەپ مەھكىمە چوڭى يالغاندىن،
شېكەردەك تىل بىلەن باشلىدى سۆز ئۇ:

— ئاڭلىساق يەر ئاستى تەشكىلات قۇرۇپ،
گادايلار ئۈچۈن كۆپ چېپىپسىز كەتمەن.
نەپايدا ئۇلارغا قايغۇرغان بىلەن،
سۆزۈمگە كۆنسىڭىز بولمايسىز دەرتمەن.

شۇڭلاشقا سىزگە بىز باغلاپ ئىشەنچە،
چاقىردۇق قەلبىنى ئايان قىلار دەپ.
ئەزالار ئىسمى ھەم قورال بار جاينى،
قالدۇرماي بىزلەرگە بايان قىلار دەپ.

ئەگەردە ئېيتسىڭىز ھەممىنى تولۇق،
كۆپ پىلىگەن مۇكاپات، ئىنئام ئالىسىز.
ئېرىشىپ ھەم يەنە كاتتا ئەمەلگە،
راھەتكە بىر ئۆمۈر راسا قانىسىز.

ئويلىدىم: قۇل بولۇش ياكى ئېلىشىش،
ئىككىسى ياشاشنىڭ ئىككى خىل يولى.
تېز پۈكۈپ ئالغۇچە تاجۇ-تەختىنى،
كۈرەش قىلىپ تۈگەشكەن ياخشى بىر يولى.

غەزەپتىن تۈگۈلدى مۇشتلىرىم مەھكەم،
ئىشلەتكەچ ياۋ ماڭا نەيرەڭ، تۈلكىدەك.

ئاغزىغا يېدى مۇشت، تۆكۈلۈپ چىشى،
«تۇتۇڭلار!» دېدى ئۇ تووۇلاپ ئۆلگۈدەك.

رەقىپلەر سىم بىلەن بوغۇپ پۇتۇمنى،
بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇسقا ئاستى.
قىزدۇرغان تۆمۈرنى يېقىپ كۆكسۈمگە،
زۇلمەتلىك زاماننىڭ مۆھرىنى باستى.

ئالالماي مەھكىمە چوڭى مېنىڭدىن،
تەشكىلات ھەققىدە بىر ئېغىز جاۋاب؛
ئالايتىپ قانتولغان كۆزىنى ئاخىر،
جاللاتقا ۋارقىراپ دېدى: «بۇنى چاپ!»

ئوغلىغا بولۇشۇپ ماتەملىك سەھەر،
كۆتۈردى تالىشىپ جىنازامنى ئەل.
كۆمۈلدى جەسىتىم ئەزىز تۇپراققا،
يوقسۇللىنىڭ كۆز يېشى بولدى گويا سەل.

ئانا يۇرت مەن ئۈچۈن ئېچىپ كەڭ قۇچاق-
ئالغاچقا باغرىغا قەۋەت سۆيۈندۈم.
ئەل-يۇرتنىڭ دۇئاسى بىلەن بىخ سۈرۈپ،
ھەيۋەتلىك چىنار بوپ شۇجايدا ئۈندۈم.

ياشايمەن مەڭگۈگە ئالەم بىلەن تەڭ،
كۈرەشچان خەلقىمنىڭ شاھىدى بولۇپ.
خەلقىمنىڭ بەختى ئۈچۈن تۆكۈلگەچ قېنىم،
كۈلىمەن ھېسابسىز شادلىققا تولۇپ.

## خاتىمە

ئاڭلاپ مەن چىنارنىڭ ھېكايىسىنى،
ئەجدادقا مۇھەببەت ئاقتى تومۇردا.
ئىپتىخار ئوتلىرى يېنىپ گۈلخاندەك،
قۇياشتەك يورۇتتى دىلىمنى نۇردا.

ئارمىنىم: ۋەتىنىم ئۈچۈن تەر تۆكۈپ،
ئۇنتۇلماس تۆھپىلەر قالدۇرۇپ ئۆلسەم،
بۇ گۈزەل تۇپراقتا، خەلقىم قەلبىدە،
تىك قامەت، ھەيۋەتلىك چىنار بوپ ئۈنسەم.

# ئىككى شېئىر

## دىلمۇرات زۇنۇن

### يوقاپ كەتسۇن «ئىچىپ ساپتىمەن»

— قانداق بۈگۈن ئەھۋالىڭ؟ — دېسەم،
شۇئان ئىتتىك سۆزلەپ كېتەسەن.
سۆزۈڭ شۇنداق يەنىلا بىر خىل:
«ئاخشام كۆپرەك ئىچىپ ساپتىمەن».

بىزار بولدۇم ئۇشبۇ سۆزۈڭدىن،
لېكىن ساڭا ئىچىنما قىتىمەن.
ئىچمە ھاراق، سۆزۈڭدىنمۇ ھەم،
يوقاپ كەتسۇن «ئىچىپ ساپتىمەن».

### بىر نادانغا

كۆرۈپ سېنىڭ كىبىرلىكىڭنى،
يىراقلاشسام «ھالى چوڭ» دەيسەن.
ماختاپ قويسام ئۇچۇرۇپ سېنى،
مانا ئەمدى «ئىشىڭ ئوڭ» دەيسەن.

توۋا دوستۇم مۇشۇ ئىللەتلىك،
بولسا ئەگەر ساڭا دائىم يارە،
بېسىپ ئاخىر سېنى پالاكەت،
شۇ مەجەزىڭ بېشىڭغا چىقار.

# كەچۈر ئىنىم

## ئابىدە تۇرسۇن

بۈگۈن مەن ئادەتتىكىدەكمۇ بالدۇرراق ئىشقا ماڭدىم. (بۈگۈن مەن دېژۇرنى ئىدىم) ئاسفالىت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا-رەڭ گۈللەرنىڭ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان خۇشبۇي پۇراقلىرى ۋە قۇشلارنىڭ يېقىملىق ۋىچىرلاشلىرى، سەھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ بارغانسېرى ئۆرلىشەتتى.

ئوچامدىكى يېڭى مودىدا تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆينىكىم بىلەن يەلكەمگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىم شامالدا يەلپۈنۈپ، ۋېلسىپىتىمنىڭ سىلىق چىقارغان ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ، مېنى لەززەتلىك خىياللارغا چۆمۈلدۈرمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز ۋېلسىپىتىم بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ «ئاپا» دېگىنىمچە ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئەسلىدە مەن ئۆز خىياللىرىم بىلەن بەنت بولۇپ، يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان بىر بالىنى سوقىۋەتكەن ئىكەنمەن. ئۇ بالا ئورنىدىن تۇرغىنىچە:

— ئاچا، قاتتىق چۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئالدىراپ كۆينىكىمنى قېقىشقا باشلىدى.

— ئوھوش، تۇرغىنە نېرى! پاسكىنا قوللىرى بىلەن ... — دېدىم-دە، ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم ۋە ۋېلسىپىتىمنى مىنىشكە تەمشەلدىم.

— ئاچا، سومكىڭىز ...

ۋېلسىپىتىمنىڭ رولىغا ئېسىۋالغان سومكام يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ بالىغا ھوما يېغىنىمچە سومكامنى قولىدىن تارتىپ ئالدىم-دە، يۈرۈپ كەتتىم. بىر ئاز ماڭغاندىن

كېيىن ھېلىقى بالىنىڭ:

— ئاچا! — دەپ تونۇلغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىچىمدە «بىر شېئىر ئەمدى ماڭا ئۆلۈكنى ئارتىمدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم-دە، پېدالنى كۈچەپ تەپتىم.

— ئاچا، ئاچا ... توختاڭ! — كەينىمگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋەردىم.

— ئاچا، ئاچقۇچىڭىز ... — كەينىمگە قارىدىم. ھېلىقى بالا يۈگۈرگىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئىلاجىسىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم. دەرۋەقە، سومكامدا ئاچقۇچ يوق ئىدى.

مەن شەھەرلىك مېھمانخانىدا ئىشلەيتتىم. بۇ ئاچقۇچلار مېھمانخانىنىڭ 3-،4-قەۋەتتىكى ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلارنىڭ ئاچقۇچلىرى ئىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ھېلىقى بالا ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى ۋە:

— بۇ ... بۇ سىزنىڭ ئاچقۇچىڭىزمۇ؟ -ئۇنىڭ ئۇزاتقىنى دەل مېنىڭ ئاچقۇچلىرىم ئىدى.

— ھەئە.

ئاچقۇچنى قولۇمغا ئالغىنىمچە بالىغا قارىدىم. ئۇ 11-12 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئاق يۈزلۈك، قاپقارا قوي كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان بالا ئىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى تېخىچە تۇپا، ئاق كۆينەكنىڭ قىستا يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق بىلىكىنىڭ تېخى يېڭىلا سۈرۈلۈپ كەتكەن يېرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇ ... ئۇكام ... قولىڭىز؟

— ھېچقىسى يوق، ئاچا، مەن سىزگە يول بوشىتىپ بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، يىقىلىپ كەتتىڭىز، مېنى كەچۈرۈڭ.

— ياق، ياق. ھېچقىسى يوق، كىيىملىرىڭىز تۇپا بولۇپ كېتىپتۇ، — مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قاقىماقچى بولدۇم.

— بولدى، قولىڭىز پاسكىنا بولۇپ قالمىسۇن، ئۆزەم قاقاي.

مەن ئۇنىڭ يىمىرلانغىنىدىن قولۇمنى تارتىۋېلىپ تۇرۇپلا قالدىم. يۈزۈم ئوت بولۇپ ياناتتى، لەۋلىرىم تىترەيتتى ...

— ئاچا، خوش، مەكتەپكە ماڭاي.

— توختاڭ! — ئالدىراپ پورتمالمىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— بۇنى ئېلىڭ، قولىڭىز سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، دوختۇرغا بارارسىز.

— ياق، ياق. ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ، دوختۇرغا كۆرسەتمىسەممۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ۋە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— خوش، مەن كەتتىم.

مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزسىزلا خەيرلەشتىم. چۈنكى تىلىم ھازىر ئۇ بالىغا يەنە سۆزلەشكە ئاجىز ئىدى. يۈزلىرىم قىزىماقتا. ئۇ مەندىن بارغانچە يىراقلىشىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ غۇبارسىز، پاك قەلبى، ئۆتكۈر كۆزلىرى ھامان مېنىڭ خىجىللىقتىن ئازابلىنىۋاتقان قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.



ساۋاقداش تۇرسۇن ھامۇت (ئۈمىدى) 1969-يىلى خېجىڭ ناھىيىسىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئاپتور يېقىندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن تىرىشىپ، مەزمۇنى يېڭى، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر ئۈستۈن بولغان شېئىر، ھېكايىلارنى ئېلان قىلدى.

# تۈن نىسپىدە يازغان مىسرالار

تۇرسۇن ھامۇت (ئۈمىدى)

## ۋەسىيەت

(مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شۇ نامىلىق شېئىرىغا تەقلىد)

...مۆزى كەۋسەر ئەمەس، تارىم سۇيىنى-
...دېمىدە قىپ تېمىتىڭلار لېۋىمگە.
...ۆرپە ئۇچۇن خانتەڭرىنىڭ تېشىنى.
...قاتتىق دېمەي سېپ بېرىڭلار تېگىمگە.

باغراش، سايرام سۇلىرىنى ئىشلىتىپ،
جەسىتىمنى كوئىنلۇندا يۇيۇڭلار.
تاۋۇت يا ساپ قارىغىيىدىن كۆنەسىنىڭ،
تەكلىماكان قۇملۇقىغا قويۇڭلار.

...وپنور كۆلى بويىدىكى چىگىدىن،
...ويىنا ئېشىپ ئېگىكىمنى تېگىڭلار.
...اگىلىق ئالتاي چولڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ،
...ۆشى بىلەن كېپەن توقۇپ بېرىڭلار.

ئاماننىسا ساتارىدا مۇقامنى،
مازارىمدا خەتمە قىلىپ ئوقۇڭلار.
چېكىپ خوتەن ئەتلىسىنى خادىغا،
تۇغ ئورنىدا تۇپرىقىمغا چوقۇڭلار.

## بىلسەڭ جانان شېئىرلىرىمدا...

...ەن سېغىنىپ يازغان خېتىڭدە،
...سىنىمنى سوراپسەن جانان.
...ەپسەن كۆلۈپ چۈشكەن سۈرىتىڭ،
...لغام مەدەت ماڭا ھەر قاچان.

...اۋابىم بۇ، ئېيتاي رەنجىمە:
...انىسىز سۈرەت نە ھاجەت ماڭا؟

ئىزدە مېنى شېئىرلىرىمدىن،
چىن دىلىڭدىن كۆيسەڭ سەن ماڭا.

بىلسەڭ جانان شېئىرلىرىمدا -
مۇجەسسەمدۇر چىن يۈرەك سۆزۈم.
سۆيسەڭ مېنى، شېئىرىمنى سۆيگىن،
بار ئۇنىڭدا چېھرىم، سۈرىتىم.

## ھەيران قالمىدىم

تەۋرەپ تالا تارتتى قارماقنى،
ئامەت ئوڭدىن كەلدى دەپ بوۋاي.
قارماقتىكى بېلىقنى كۆرۈپ،
«تۇۋا» دېدى شىۋىرلاپ موماي.
چۈشەندىمەن مومايغا قاراپ،
تۇۋىسىدىن قالمىدىم ھەيران.
چۈنكى ھەر كىم گالىغا بىرلىسە،
شۇ بېلىقتەك بولىدۇ ۋەيران.

## ئۈۋچى يۇلتۇز

كېچە،
قويۇۋەتتىم تەپەككۇرۇمنى،
كەڭ ساماني كۆرگەچكە بەك ئەپ.
بىراق،
ئويلىمىغان يەردىن،
ئۈۋچى يۇلتۇز ئېلىۋالدى ئەپ.
يارىلانغان تەپەككۇرۇم،
ۋارقىرايدۇ چار سېلىپ:
ھەنمۇ ئاخىر ئۇۋلايمەن سېنى،
ئالدىرىما،
توختاپ تۇرغىن خەپ!

## تەقدىر

تەقدىر،
خۇيى ئاجايىپ،
بىرلىرىنى كۈلدۈرسە ماختاپ،
بىرلىرىنى يىغلىتار كايىپ.
«تۇۋا» دەيمەن،
بىرلىرىنى بىرەر قىلىپ ئارتۇق،
لېكىن ئېلىپ كېتەر،
بىرلىرىنى كۆرۈپ ئارتۇق.

## يۇلتۇزلار ئارا

شۇنچە كەڭ ئالەم،
مەن بارىمەن يۇلتۇزلار ئارا.
ئاڭلاپ ئۆزگىدىن،
«يۇلتۇز ئىچىرە
بار ئىكەن ئادەم.»
نېمەشقىدۇر،
يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنەر ھەر خىل.
بەلكىم شۇ،
يۇلتۇزدىكى ئادەملەرگىمۇ،
بولىۋاتقاندۇر،
بىرىگە توي، بىرىگە ماتەم.

## قەۋرىلەر ئارا

مەن بارىمەن،
كومزەك-كومزەك قەۋرىلەر ئارا.
قۇرۇپ كەتكەن قاقشال ئىسكىلىت.
تۇرار يولۇمدا.
گاھى سالام بەرسەم ئىگىلىپ،
گاھى زەڭ سالماي
قالىمەن كېتىپ.
ئويۇمدا:
«تۇۋا» دەيمەن ئۇلارغا قاراپ،
ئىككى دۇنيا، ئىككى كۆرۈنۈش.
بەزىلىرى ئۇلۇغ نامىنى،
قويۇپ كەتسە نەۋرىلىرىگە.
لېكىن بەزىسى
بارلىقىنى
ئېلىپ كەتكەن قەۋرىلىرىگە.

1989-يىل، خوتەن.

# ئىككى شېئىر

ئابدىخەۋەر ياسىن

## باھار شادلىقى

كەلدى كۆكلەم، كەلدى نەۋ باھار،
يېشىل تونغا پۈركەندى تاغلار.
ئىللىق نۇرغا چۆمۈلدى جاھان،
رەڭمۇ-رەڭ تۈس ئېلىشتى باغلار.

گۈل- چېچەكلەر چېچىپ خۇشپۇراق،
جۇلالىنىپ كۆزنى چاقنىتار.
ھالرەڭ رومال ئارتقان تەبىئەت،
ھۆسنى بىلەن دىلنى ياشنىتار.

شوخ سايرىدى ئەنە بوز تورغاي،
ھەممە ياقنى قاپلىدى شادلىق.
سۈزۈك سۇلار ئاقتى شىلدىرلاپ،
زوقلىنىپ مەن كۈلدۈم بىر تاتلىق.

## خىتاپ

ئاق كەپتىرىم قىلىدۇ پەرۋاز،
سامادا شاد موللاقلار ئېتىپ.
ھاياجاندا باقىمەن ئاڭا،
يۈرىكىمدىن ئالقىشلار يېغىپ.

باققانسېرى كەلدى مەسلىكىم،
بولدى ئۈلگە كەپتىرىم ماڭا.
دېدىم: «پەندىن چىقىرىپ قانات،
پەرۋاز قىلىپ يېتىمەن ساڭا».

# سالام ئانا!

(نەسىر)

ئاسىيە داۋۇت

غەمگۈزارىم جان ئانا، غۇبارسىز قەلبىڭدىن مېھرىبانلىق ئۇچقۇنلىرىنى ياغدۇرۇپ ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى. قەدىرلىك ئانا، ئۆتكەن بىر مەزگىل مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ، قەلبىڭگە ئازاب يالقۇنىنى سالغىنىمنى كەچۈر. جېنىم ئانا، قىزىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭدىن چىقالمىغانىدى.

ئانا، ئېسىڭدىمۇ؟ مەن مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقىم ھەققىدىكى چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ شادلىنىپ كۈلگەنىدە، «ئوماق قىزىم، سەن مېنىڭ ئۈمىدىم، پەخرىم. مەن ساڭا ھەممىنى، ھەتتا بەختىمنىمۇ بىللە تىغىپ بەردىم» دېگەنىدىڭ؛ شۇ ئۈمىد نۇرى تېنىمنى يورىتىپ، مېنى مەكتەپكە ئۈزدۈرۈپ قويغانىدى. بىراق، «تۆمۈر تاۋاققا ئېرىشكەنلىكىم ھەممە ئىشىمنىڭ ھەل بولغانلىقى» دەپ بىخۇتلىشىپ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. مۇشۇ بىخۇتلۇق مېنىڭ ئەقلىمنى ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ھاۋاسى بىلەن بۇلغىدى. ھەر خىل مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرسلىك كىتابلار ماڭا مۇناسىۋەتسىزدەك، تىنىمسىز ئۆگىنىدىغان ئەلاچىلار ماڭا كۈلكىلىكتەك تۇيۇلۇپ، بۇنچىۋالا باش قاتۇرۇشنىڭ نېمە

ھاجەتتى، بەربىر ئازۇيىمىزغا يەتتۇقۇق دەپ ئويلاپ، بىخىرامان يۈرەتتىم. ۋاقىت ئاققان سۇدەك تېز ئۆتمەكتەتتى. مانا ئەمتىھان مەيدانى شۇنچە تىمتاس. مەن قورقۇمسىراپ ئەتراپىمغا تەلمۈرەتتىم، نېرۋام ئىشلەشتىن قالغاندەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالدىنقى مەۋسۇملۇق سىناقلاردىلا ئىسمىمغا «نەتىجە» دېگەن نام چاپلاشتى. يىغلىدىم، قاخشىدىم، پۇشايمان، چۈشكۈنلۈك مېنى تېگى يوق ھاڭغا غۇلىتىۋەتتى. قاتتىق چۆچىدىم، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدىم، بۇ ھالىتىمنىڭ چۈشۈم بولۇشىنى ئارزۇلايتتىم. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز رېئاللىق ئىدى. بۇ رېئاللىق مېنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. پۇشايماندىن ئۆرتىنىپ، چاراسلىنەتلەنگەن قەلبىمگە ئۇستازلىرىم مەلھەم بەردى. ئۇلار مېنى قۇتقۇزدى. مېنى سەۋىرچان، ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلىدى، گويا قاراڭغۇدا ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمەي تەمتىرەپ يۈرگەن بىر يولۇچى يىراقتىن غىل-پال كۆرۈنگەن ئۇچقۇندىن سۆيۈنگىنىدەك، كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پۇشايمان داغلىرىنى پاك-پاكىزە يۇيۇپ تاشلاشقا ئىرادە باغلىدىم. ئىرادەم ماڭا غەيرەت بېغىشلىدى. ئۆگەنگەنسېرىم يول ئېچىلغاندەك، ئۆگەنگەنسېرىم يول كېڭىيگەندەك بىلىندى. ساۋاقداشلىرىم ھازىر ماڭا سەممىيەتتە كۈلۈپ قارايدۇ. ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنىڭ ئالغا باسقانلىقىمدىن سۆيۈنىدۇ. چۈشەندىمكى، كىشىلىك ھايات پۈتۈن ئىجتىھاتى بىلەن ئەجىر قىلغۇچىغا كۈلۈپ قويىنى ئاچىدىكەن.

جېنىم ئانا، مېنى قۇتلۇقلا، مەن بۇرۇنقىدەك چۈشكۈن ھالەتتە ئەمەس، مانا «ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپات ئالغىنىمدا، پۈتۈن جاپالىرىمنى ئۇنتۇپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلدىم ۋە ئەجرىمدىن كەلگەن بۇ مۇكاپاتنى ساڭا ئەۋەتتىم.

بەختىيار قىزىڭ: دىلھايا تتەن.

## قايتقان ئازاب

### قاھار ئەمەت

سېنىڭ قىلغان ھېلىقى سۆزۈڭ،
قىلدى مېنى بەكمۇ پەرىشان.
سەن كۈلسەن مەغرۇر، ئازابسىز،
يۈرىكىمنى قىلىپ لەختە قان.

مۇھەببەتتە سەن قۇچتۇڭ ۋىسال،
ئۆزگە بىرسى ئۇتۇپ قەلبىڭنى.
يېڭىسىغا قىلدىڭ مەلھەم-بال،
باشتا ماڭا قىلغان ئەھدىڭنى.

مانا بۈگۈن كۆزلىرىڭدە ياش،
ئۇمۇ سېنى كېتىپتۇ تاشلاپ.
مۇھەببەتتە بولمىغىن نادان،
تەلۋە ھېسلار قويىسۇن ئالداپ!...

# بىر شېئىر، بىر ھېكايە

ۋارىسجان تۇردى

## ئارزۇيۇم

ئارزۇيۇم گۈزەل، ئارزۇيۇم يۈكسەك،
قەلبىم ئوتلىرى ئاڭا مۇجەسسەم.
ئارزۇ يولىدا ئۇچسام بۈركۈتتەك،
ياڭرايدۇ شادلىق كۈيلىرىم ھەر دەم.

ئارزۇيۇم گۈزەل، ئارزۇيۇم يۈكسەك،
مۇشكۇل ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان.
ۋۇجۇدۇمدا يوق تاما ۋە ھەسەت،
خەلقىم ئالدىدا ئېيتمايمەن يالغان.

خەلقىم دىلىدا ياشايمەن مەڭگۈ،
ئەجدادلىرىمدەك شەرەپ قالدۇرۇپ.
چاپتۇرۇپ ئىقبال يولىدا تۇلپارە
ئارزۇ ئوتىنى دىلدا ياندۇرۇپ.

## سىگنال

(مىكرو ھېكايە)

شەھەرلىك پارتكومىنىڭ يىغىن زالى. ھەممەيلەن نۇرېيۇپنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىماقتىدى، لېكىن قۇدرەتنىڭ قۇلىقىغا ھېچ نېمە كىرمەيتتى. «پارتكومىنىڭ كېچە يىغىلغان يىغىنىدا ئۆزىڭىزنى تەكشۈرىسىز، پارتىيە ئىنتىزامىنى تۈزەشتە، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىنتىزامىنى تۈزەش كېرەك...»

يېقىندىن تەيىنلەنگەن شەھەر باشلىقى نۇرېيۇپنىڭ قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىدىن زادى نېرى كەتمەيتتى، نۇرېيۇپنىڭ نېمە توغرىلىق دوكلات بېرىۋاتقىنىنى ئاڭلاي دېسىمۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدىن تۈنۈگۈنكى يىغىندا «ئۆزىڭىزنى تەكشۈرىسىز» دېگەن گەپ نېرى كەتكىلى ئۇنىمىدى. «ھەي! بۇ ئادەمنىڭ مەقسىتى زادى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزەشمۇ ياكى مەندەك پېشقەدەم كادىرلارغا ئازار بېرىپ، ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشمۇ؟ شۇنچە يىل مەسئۇل كادىر بولۇپ ئىشلەپ، ئەمدى ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزسەم نېمە بوپتۇ؟ پارتىيە ئىستىلىنى بۇزغان يالغۇزمەنمۇ؟!...». قۇدرەت يۇقارقىلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، نۇرېيۇپقا غەزەپ بىلەن تىكىلدى ـ يۇ، يېلى قاچقان توپتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## گېزىت پارچىسى

(ھېكايە)

ھۆسەينجان مامۇت

ئىرپان ئانىسى تاپشۇرغان ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرگەندە، دادىسى ئۆسمۈرلەر گېزىتىنى سىزغۇچتەك تار ۋە ئۇزۇنچاق قىلىپ قاتلاۋاتاتتى. ئىرپان جىددىيلىشىپ كەتتى.

— دادا، گېزىتنى قاتلاپ نېمە قىلىسىز؟

— تاماكا قەغىزى تەييارلايمەن.

مەن بۇ گېزىتنى تېخى ئوقۇپ بولالمىغان...

— بولدى، بولدى. كۈندىلا گېزىت ئوقۇيمەن، گېزىت ئوقۇيمەن دەيسەن، بولدى. مەكتەپتىگە بارغاندا كىتابىڭنى ئوقۇ.-تاماكا خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان دادا ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىلىشنى زادىلا ھېس قىلمىدى.

— دادا ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭگە ئوخشاش بولسۇن دەمسىز؟

دادا ئىرپاننىڭ سۆزىگە پەسەنت قىلمىدى. ئۇ گېزىتنى قاتلاقلىرىدىن يىرتىشقا باشلىدى. ئىرپان گېزىتكە ئېسىلدى. بۇ قېتىم دادىسىنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلدى. ئىرپاننى كۈچەپ سېلىپ ئىتتىرىۋەتتى. ئىرپان ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ تامغا ئۇستى ۋە دادىسىنىڭ قولىدىكى گېزىتكە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. دادىسىنىڭ قولىدىكى گېزىت تىلىم-تىلىم بولۇپ يىرتىلدى. پارچە-پارچە بۆلەكلەرگە ئايرىلدى. ئىرپاننىڭ يۈرىكىمۇ ئاشۇ گېزىت پارچىسىدەك پارە-پارە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ سەبىي كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن ياش تامچىسى قىپقىزىل مەڭزىنى بويلاپ سىرغىدى.

## ئىككى شېئىر

### ئادىل مۇھەممەتئىمىن

### شامالغا

تەبىئەتنىڭ ئەركىسى،
ئەركىن شامال، شوخ شامال.
مېنى ھەر كۈن سەھەردە،
ئويغىتىسەن بىمالال.

سۆيۈپ مېنىڭ مەڭزىمنى،
چاچلىرىمنى تارايسەن.
سىرداشىمسەن يېقىملىق،
كۆڭلۈمگە بەك يارايسەن.

پەنگە ھېرىس دىلىمدا،
ئۇرغىتىسەن شىجائەت.
مەن ئۆگەنسەم، سەن ماڭا،
بېغىشلايسەن جاسارەت.

ھەرىكەتچان خىسلىتىڭ،
نۇرلاندۇردى غايەمنى.
قاناتلىنىپ بىلىمدىن،
مەنمۇ كېزەي ئالەمنى.

### نانىنىڭ قىساسى

تۇرۇپ قالدى كېلىمغا بىر بوردا نان.
ئالدىراپلا يۇتقاچقىمۇ چاينىماي.
ئۇزاتقانتىم پىيالىگە قولۇمنى،
قالماپتۇ ھېچ ئۇنىڭدىمۇ تامچە چاي.

يۈگۈرگەنچە بېرىپ تۇرۇبا ئالدىغا،
سۇ ئىچسەممۇ شۇنچە تەستە ئۆتتى نان.
زورۇقۇشتىن كۆزلىرىممۇ نەملەندى،
تەييارىنىمۇ يېيەلمەي قىينالدى جان.

نە سەۋەب دەپ، نەزەر سالسام ئەتراپقا،
تىلغا كىردى نانلار غەۋغا كۆتۈرۈپ:
ئىسراپ قىلدىڭ، قەدرىمىزنى بىلمىدىڭ،
ھەر بۇلۇڭدا قالدۇق سېسىپ، كۆكىرىپ...

ئەمدى بىلدىم، تاشلىۋەتكەن ئانىلارنىڭ،
تۇتقان ئىكەن ئەسلى مېنى قىساسى.
بۇزۇپ- چېچىپ خورلىمايمەن ئانىلارنى،
ئانىدىن ئارتۇق ئەمەس ئىنسان غىزاسى.

# ئىككى شېئىر

## ئەمەتجان ساۋۇت

### قارچۇقلاردىن چاقنىغان شۇ نۇر...

سەن ئۇيياقتىن، مەن بۇياقتىن چىقىپ كېلىپ،
ئۇچرىشىمىز تەسادىپى قارچۇقلاردا.
كۆز يېقىشىپ ئۆتۈپ كەتسەك ئۈن- تىنۋىشسىز،
بىر مەنىلىك سۈرەت قالار قارچۇقلاردا.

تەكرارلىنار تەسادىپى ئۇچرىشىشلار،
تەكرارلىنار بىزدە يەنە ئاشۇ ھالەت.
چاقماق چېقىپ قارچۇقلاردا، بالقىسا نۇر
قەلبىمىزنى چۇلغار ئىللىق بىر ھارارەت.

قەلبلەرگە ئېقىپ كىرگەن شۇ ھارارەت،
غايەت لاۋا ئاتتى بۈگۈن ۋولقان بولۇپ.
كەل ئامرىقىم! يېتەيلى بىز پاك سۆيگۈنىڭ-
ۋىسالىغا بەخت ئىچرە نۇرغا تولۇپ.

### مۇئەممە

يۈرەكلىرىم كۆۋەجىگەن ئەزىم دەريا،
مىلك ماگىنىنىڭ ھارارىتى تىنىقىمدا.
دىلىغا نەگىگە پاك سۆيگۈدىن بەرسەم زىيا،
قاچانغىچە ئازابلايسەن سىنىقىڭدا؟!

پاك سۆيگۈچۈن سىنىقىڭمۇ بەخت ماڭا،
بىلىمەن سىناق ھەق بولغىنى تۈزۈك ئەمما.
سۆيەلمەيسەن، سۆيدۈرمەيسەن، ئازابلايسەن،
قانداق سىناق؟ بۇ مەن ئۈچۈن بىر مۇئەممە...

# چاڭقاق تۇيغۇلار

## ئېزىز ئايۇپ

### يۈرۈڭقاش دەرياسى

يۈرۈڭقاش دولقۇنلاپ ئاقسەن تىنماي،
چۆللەرنى چۆل دېمەي ماڭسەن تايماي.
تۆھپەڭ زور، چاڭقاق يەر قاندى سېنىڭدىن،
شاۋقۇن سېپ، كۆۋەجەپ يۈرىسەن ھاي-ھاي.

يۈرۈڭتاش ئاڭلىسام نامىڭنى ھەردەم،
مەغرۇر، ئۈزلۈكسىز چاپمەن ياتماي.
«يۈرۈڭتاش ئوغلىمۇ؟» دېسە ئۆزگىلەر،
«شۇنداق» دەپ كۈلىمەن قېنىمغا پاتماي.

سۈپ-سۈزۈك شەربەتنى بېرىسەن ھارماي،
ئىچىمدۇ ئەۋلادىڭ ئەبەدىي قانماي.
مەن شۇڭا ھەرۋاقىت خىتاپ قىلىمەن،
دولقۇنلاپ ئاققىنسەن ئەبەدىي يانماي.

تونۇلدى گۈل خوتەن، بۈيۈك تۆھپەڭدە،
تەكلىماكانغا ئاقىشىڭ توختىماي.
جەزىرىنى گۈلىستان ئەيلىدىڭ شۇڭا،
ھۆر خەلقىڭ سېنىڭدىن شادلىنار تويماي.

## بەرەي سۆيگۈ شارابى

ئىچسەم شاراب، ئىشقىدىك دەردىدە،
بۇ ئادەتنى تاشلاشقا دەيسەن.
ياكى تۇتۇپ ماڭا لەۋجامىدىك،
شارابنى قۇيۇپ بەرمەيسەن.

بېرىپ ئەگەر سۆيگۈ شارابى،
دېسەڭ شۇندا شېرىن سۆزۈڭنى.
چىقسىمۇ جېنىم ئاڭلار ئىدىم،
شۇندا قىلىپ نىگار يۈزۈڭنى.

بىلگەن نىگار ئامال يوق ماڭا،
سۆيگۈ شارابى بەرمىگەچكە سەن.
ئىشتىڭنىمىز قوشقاچ شارابتا،
شۇڭا قانماي ئۇنى ئىچمەن.

### ئاي

كۆرۈنسە كېچىدە نۇرلۇق جامالى،
گويا ئۇ جاھاندا كۈمۈش مىسالى.
كۈندۈزى قارىسام تەلمۈرۈپ شۇنچە،
تېپىلماس ھېچ يەردىن ئۇنىڭ ۋىسالى.

## بىر كۈپلېتلىق شېئىرلار

ئىبراھىمجان ھېزىم

### تەتۈر تاناسىپ

يۈرەيلى دەپ سۆز باشلىدىم يانغا تارتىپ،
بىر قىزنى ئۆزەمگىلا كۆرگەچ مۇناسىپ.
بىراق كۆڭلۈم سوۋۇندى مۇزغا ياققاندەك،
چۈنكى، چىققاچ سۆيگۈمىز تەتۈر تاناسىپ.

### ئېيت دىلبىرىم

تۈنجى قېتىم سۆيەي دېگەندە،
كۆرۈپ قالدىم لەۋىڭدە تارتۇق.
ئېيت دىلبىرىم ماڭا راستىنى،
قىلدىڭ كىمگە، سەن ئۇنى «تارتۇق».

### بىراق ئۇنى...

قىيا بېقىپ ئوتلۇق كۆزۈڭدە،
مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىن چاچتىڭ.
ئۈنسە گىيا قەلبىم چۆلىدە،
بىراق ئۇنى چەيلىدىڭ— قاچتىڭ.

### بىلمەسەڭ كېرەك

ئاشۇ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزلىرىڭ،
بېرىپ تۇرار سۆيگۈدىن دېرەك.
شۇ سۆيگۈڭگە يۈرىكىم تەشنا،
ئاھ، دىلبىرىم بىلمەسەڭ كېرەك.

### جاۋابسىز قالغان سوئال

تېلېفون بەردىم تەڭرىگە، ھايالسىز بولغۇن،
دالىمدا بولغاچقا يوشۇرۇن تۇتقۇن.
ئىخ! تەڭرىم، يارىتىشنى يارىتىپ، بىراق—
نىچۈن پانى دۇنيادىن قىلمىسەن سۈرگۈن؟!...

### ئىكەن...

چۈشلىرىمدە ۋىسال پەيتلىرىن،
سۈرۈپ خۇشال يۈرۈيمەن شۇنداق.
رېئاللىقتا قايتقانىدا، لېكىن—
قىينار مېنى دەرت-ئىشقى پىراق.

# ئاھ، نەس باسقان ھاراق...

( ھېكايە )

**مۇختەر مۇھەممەت**

يەكشەنبە، چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولغان ۋاقىت ئىدى. قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرى يەر يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھاۋا سالقىن بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ئەركىن تۇيغۇ بېرەتتى. سودىگەرلەر ماللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن كىشىلەر بولسا سودىلىقلىرىنى تۈگىتىشىپ، ئات - ئۇلاغلىرىنى، بەزىلىرى بولسا موتوتسىكلىت، ۋېلسىپىتلىرىنى چاپتۇرغان ھالدا ئۆيلىرىگە ئالدىراشماقتىدى.

بۇ مەنزىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كېتىپ بارغان ئەھمەت تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە، دۈمبىسىگە بىرسىنىڭ قاتتىق ئۇرغىنىدىن چۆچۈپ ئارقىغا بۇرۇلدى. ئالدىدا يۈزلىرى قىزارغان، كۆزلىرى خۇمارلاشقان ئادىل، شامالدا قالغان قوناق شېخىدەك ئۇياق - بۇياققا لەيلەپ، ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھالدا تۇراتتى.

ئۇ ئەتىگەندىن بېرى كىملەر بىلەن، نەلەردە، قانداق ئولتۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى ھەۋەس بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى. ئۇ تۇرۇپ يېنىدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە گۆلىيىپ قويسا، تۇرۇپ يېنىدىن ئۆتكەن قىزلارغا تاماكا ئىسىنىڭ تەسىرىدىن جىگدىدەك سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىياتتى. ئەھمەت بولسا كىشىلەردىن خىجىل بولۇپ، ئەتراپىغا پات - پات ئەنسىز قاراپ قوياتتى. ئادىل:

— جۆر ئاداش، ماگىزىنغا كىرىمىز. يەنە ئىچىمىز، - دېدى-دە، ئەھمەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك يول بويىدىكى كىچىك دۇكانغا باشلاپ كىردى. دۇكانغا كىشىلەر ئاندا - ساندا كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئادىل ئەھمەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرماستىن ئىككى بوتولكا قىزىل ھاراق ئالدى - دە، ئۇنى گىرانات تۇتقاندەك بويىدىن تۇتۇپ، ئۇياق - بۇياققا داۋالغۇغان ھالدا، دۇكاننىڭ بىر چېتىدە تۇرغان ئەھمەتنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە شۇ يەردىلا بوتولكىنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولدى.

— ئادىل، بۇ دېگەن ماگىزىن، - دېدى ئەھمەت ئادىلغا قاراپ. ئادىل خۇددى مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك سۆزلەپلا كەتتى.

— توخۇ يۈرەك، دۇكان بولسا نېمە بوپتۇ، كىرىپ - چىقىپ تۇرغان كىشىلەردىن خىجىل بولۇۋاتامسەن؟ ئۇلار بىلەن كىمنىڭ كارى. چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندىمۇ شۇنچىلىك ئىشلارغا ئەتراپىڭغا قاراپ تۇرامسەن؟ - ئادىل سۆزلىگەندە چىرايى ھەرخىل تۈسكە كىرەتتى.

— بولدى، بولدى! ئىچسەمۇ ئىچەي، ئاز سۆزلە، - دېدى ئەھمەت ئادىلنىڭ تولا گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ.

— ھە، بۇ گېپىڭ جايىدا، - ئادىل شۇنداق دېدى-دە، بوتولكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئاچتى.

— خوشە!...

— خوش ! ...

ئادىل بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ ئەھەتكە سۇندى . ئەھەت بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ ئادىلغا بەردى . شۇ تەرىقىدە ئايلىنىپ بىر بوتولكا ھاراق تۈگىدى . ئادىل ئاستا - ئاستا قىيسىيىپ پىركەيگە يۆلىنىپ قالدى ۋە تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى . ئۇ كىملەرنىدۇ غەزەپ بىلەن تىللايتتى. كىملەرنىدۇ ماختايتتى . قايسى بىر قىز بىلەن بىرگە كىنوغا كىرگەنلىكى ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قالغانلىقى ، ئۇ قىز بىلەن قايسى بىر كۈنى دەريا بويىغا بېرىپ ئايلانغانلىقى ، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلىگەندە بولسا ئاغزى كالچىيىپ ، كۆزلىرى پۈرۈلۈپ ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتەتتى . ئادىلنىڭ بۇ گەپلىرى ئەھەتكە يا قىمغاچ تاماكىسىنى چېكىپ بىخارامان تۇراتتى . دۇكانغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇلارغا مەسخىرىلىك قاراشسا ، بەزىلىرى بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشاتتى .

ئادىل يەنە بىر بوتولكىنى ئەھەتكە تەڭلەپ :

— ھەي ئەھەت ، بۇنى ئۆزەڭ ئىچىۋەت ،- دېدى .

ئەھەت ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايلا بوتولكىنى قولىغا ئالدى - دە، مال پۈكىيىنىڭ قىرىدا ئۇرۇپ ئاغزىنى ئاچماقچى بولدى .

— ھەي ، بۇنداق قىلسىڭىز ئەينەك سۇنۇپ كېتىدۇ . ئەھەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان پىركازچىك قىزنى كۆرۈپ بىر ئاز خىجىل بولدى ۋە كەچۈرۈم سوراي دەپ تۇرىشىغا ئادىل گەپ ئارىلىدى :

— ئەينەك سۇنۇپ كېتىدۇ ؟ سۇنۇپ كەتسە تۆلەپ بېرىمىز . ئاھا يىتتى پۇل ئالىمىز، شۇ ؟! دېدى - دە ، ئەھەتنىڭ قولدىكى بوتولكىنى يۇلۇپ ئېلىپ ، پىركەينىڭ قىرىدا تېرەپ تۇرۇپ مۇش بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ئەھەتكە بەردى . تەلىيىگە ئەينەك سۇنمىغانىدى . ئۇ «قانداق »دېگەندەك پىركازچىك قىزغا گىدىيىپ قاراپ قويدى . قىز گەپ قىلماستىن باشقا ياققا كەتتى .چۈنكى ئۇ ئادىلنىڭ تەلەتىگە قاراپ ئەيمەنگەنىدى .

ئادىلمۇ جايىغا كېلىپ پىركەيگە قىيسايدى ۋە تۈگىمەس گەپلىرىنى باشلىۋەتتى . ئەھەت ھاراق ئىچكىلى تۇردى . ئۇمۇ ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى . ئارىلاپ ئادىلنىڭ گېپىگە قېتىلاتتى .

شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى بوتولكىمۇ بوشىتىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇمۇ كۆزلىرى خۇمارلاشقان ، يۈزلىرى قىزارغان ھالغا كەلدى . دۇكان ئوڭ - تەتۈر چۆرگىلەشكە، جاھازىدىكى ماللار ئۇيياقتىن - بۇياققا ئۇچۇشقا باشلىدى .

ئاخىرى ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلەشىپ ماگىزىندىن چىقتى ھەم كىنوخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . ئۇلار يولنىڭ ھەممە يېرىگە دەسسەپ «S» شەكلىدە مېڭىشاتتى . قىزلار ، ئاياللار ئۇلاردىن قېچىپ يولنىڭ چېتىگە چىقىشاتتى .

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئوڭ -سولغا چايقىلىپ ، ئېگىز - پەس دەسسىشىپ كىنوخانا ئالدىغا كەلدى . كىنوخانا ئالدىدا ئادەم شالاڭ ئىدى . ئۇلار بىللە كىنوغا كىردى .

ئادىل ئەھەتنى كىشىلەر ئارىسىدا بىر

ھوش ئورۇلغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپلا غايىپ بولدى. ئەھمەت شۇ زامانلا شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەھمەت قانچىلىك ئۇخلىغىنىنى بىلمەيدۇ. بىر چاغدا ئويغىنىپ ھەيران قالدى. كىنوخانا ئۈستىگە قارا قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ھەم قاراڭغۇ، ھەم جىمجىت ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئورۇندۇقلار پەلەمپەي، ئېكران تېمى ھەيۋەتلىك بىنا بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەپسۇسكى، ئىشىك تاقالغانىدى. ئەمدى ئۇ كىنوخانىدىن قانداق چىقىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى، ئۇ ھەرخىل مۇجمەل خىياللار بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كىنوخانا ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، نە بىرەر ئوچۇق ئىشىك، نە بىرەر ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈك كۆرۈنمەيتتى. ئەمدى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتىن باشقا ئامال يوق، لېكىن بۇمۇ ئاسان ئەمەستى، كەپتەرباللارنىڭ «ھۇجۇمى»دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېگىز قوپۇرۇلغان بۇ تام ئۇنىڭغا ھاڭ بولۇپ كۆرۈندى. ئاخىرى ئۇ تامدىكى ئېلېكتىر تۈۋرۈكىگە يامىشتى. بىر ھازا ھەپىلىشىپ تام ئۈستىگە چىقتى ۋە سىرتقا ساڭگىلىدى. ئۆزىنى دەڭسەپ سەكرىدى:

«ھاۋ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يوغان بىر ئىت ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. ئەھمەتنىڭ تەلىيىگە ئىت باغلاقلىقتى، قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كېتەي دېگەن ئەھمەتجان جەھلى بىلەن قاچتى. ئۇ يۈز مېترچە يۈگۈرگەندىن كېيىن توختىدى ۋە ئارقىغا قاراپ قويۇپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

كېتىۋېتىپ بىلىكىدىكى سائەتنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى. دۇكاندا بوتولكا كۆتۈرۈپ ھاراق ئىچىشلىرى كىشىلەرنىڭ نەپرەتلىك ۋە مەسخىرىلىك قاراشلىرى، ئوك، تەتۈر دەسسەپ مېڭىشلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كىنوخانىدا ئۇخلاپ قالغانلىقى كەلگەندە قاتتىق بىئارام بولدى، بازاردا ئادەملەرگە ئۇچراپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

شۇندىن باشلاپ ئەھمەت سىرتلارغا چىقىشقا، بازارغا بېرىشقا، كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ھەممە يەرنى ئاپئاق قار قاپلىغان. ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ ئۈستىنى ئەينەكتەك مۇز بىلەن ئورالغان، ئاچچىق سوغۇق نەشتەردەك سانچىلاتتى.

ئەھمەت بىرسىدىن «ئادىلنى كۆمۈر ئىسلاپ ئۆلتۈرۈپ قاپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى مۇزنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، باشلىرى قېيىپ، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ كەتتى.

بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغانىكەن: ئادىل ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتر يىراقلىقتىكى x يېزىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ كەچتە بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپتۇ. خېلى مەست بولۇپ ياتىقىغا قايتىپتۇ، مەشكە جىققىدە كۆمۈر سېلىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مەشنىڭ كارنىيى ئېتىلىپ قېلىپ، ياتاق ئىچى ئاستا-ئاستا ئىسقا تولۇپتۇ...

ئەھمەت ئاخىرى ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى: ئاھ! نەس باسقان ھاراق...

# كۆردى...

**(ھېكايە)**

**ئەمەت قاسىم**

كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى، شىرە ئۈستىگە دەرخىل نازۇ-نېمەتلەر تىزىلغان بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، ئايال تاماقنى يەپ بولۇپ يېقىملىق بىر كۈلۈمسىرىدى-دە، ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. دوستى تاماق شىرەسى ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۇ ئەسنىۋېلىپ بىر نۇقتىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئويلىنىپ قاپسەنغۇ، گەپ قىلغاچ ئولتۇرمامسەن، بۈگۈن ئەجەپ جىمىپلا كەتتىڭغۇ، — دېدى ئايال بىر خىل ئىرىنچەكلىك بىلەن.

— نېمە دەي؟ قىلىدىغانغا سۆز تاپالمايۋاتىمەن، ھە راست، ئېسىمگە كەلدى. سېنىڭ ئېرىڭ ناھايىتى ئاچچىقى يامان كەن، (كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن) ئۇ، سېنى تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ كارى بولمايدىكەن. بۈگۈنكى كەچلىك تاماقتا بىللە بولمىغانلىقىمۇ سېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ؟

— ياق جەمىلە، — ئېتىراز بىلدۈردى رەيھان، — بۇ ئېرىمنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقى ئەمەس، ئۇ ھازىر تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. كۈندۈزى ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇشقا كۆزى قىيماي...

— بولدى قويە، ئاشۇ تەتقىقات، پەتقىقات دېگەننى. شۇنداقمۇ ئاۋارىگەرچىلىك سالغان بارمۇ؟ سېنى دائىم مۇشۇنداق يالغۇز قويۇپ چىقىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مېنىڭ ئېرىم ئۇنداق قىلالمايدۇ، سىزغان سىزىقىمدىن چىقالمايدۇ، سەن بەك يۇۋاش جۇمۇ رەيھان، — دېدى جەمىلە سىرلىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ. ئەسلىدە نىجات كىچىك پېئىل بولۇپ، رەيھان بىلەن توي قىلغىنىغا ئىككى يىلچە بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار تۇرمۇشتا بىر-بىرىگە يول قويغاچقا كۈنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتاتتى.

رەيھان بىر كۈنى نىجات بىلەن بىللە ئۇلاريان كوچىدىن ئۆتۈپلا جەمىلەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. تۇيۇقسىز ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. رەيھان توختاپ قالدى، ئەسلىدە جەمىلە بىلەن ئېرى ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئېرىنىڭ ئاۋازى قاتتىراق، جەمىلەنىڭ ئاۋازى تىترەڭرەك بولۇپ يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا ئىدى.

رەيھان جەمىلەنىڭ ئۆز ئېرى ئالدىدا خۇددى گۇناھكار ئادەملەردەك يېلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى....

**دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىل**

ئوقۇتقۇچى: دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىل قايسى؟

ئوقۇغۇچى: كالىنىڭ تىلى.

# ئىمان ۋە ئىنساپ

(ھېكايە)

ياسىنجان ماخسۇر

ماي ئېيىنىڭ باشلىرى. قايناق بازار كۈنى ئىدى. غەربتىن شەرققە قاراپ سوقۇۋاتقان يېنىك شامال يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارىغاي ۋە ئەرمۇدۇن يوپۇرماقلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئۇيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان بازارچىلارنىڭ يۈزىنى سۆيەتتى، ۋېلىسىپىت يولىدا كېتىۋاتقان ھەرخىل فورمىدا كىيىنگەن ۋېلىسىپىتچىلەرنىڭ كۆينەكلىرى تىنىمسىز لەپىلدەيتتى. تىنىمسىز سىگنال بېرىپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار بىلەن بازارچىلارنىڭ كىمنىدۇر چاقىرىشلىرى، تالاش-تارتىشلىرى، بوۋاقلارنىڭ يىغلاشلىرى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ شارقىراتمىنى ئەسلەتەتتى. كوچا ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈۋاتقان سانجاقدىسانجاق بازارچىلار كۆينەكلىرىنىڭ ياقىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئاستا-ئاستا سىلكىشەتتى، سىما پەتەك سىرغىپ چۈشكەن تەرلىرىنى سۈرتىشەتتى.

مەن پىيادىلەر يولىنى بويلاپ بۇ مەنزىرىنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك ئەتراپىمغا تويماي قارايتتىم. راستىنى ئېيتسام، بۈگۈن ماڭا باشقىچىرەك تۇيۇلماقتىدى. بەلكىم بۇ بىر ئاي باشقا جايلاردا پىراكتىكا بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئىش قىلىپ ھەربىر بازار كۆز ئالدىمدا گۈزەل سىزما بولۇپ كۆرۈنمەكتىدى. يېڭى فورمىدا كىيىنگەن قىز-يىگىتلەرچۇ-تېخى؟! «كىلاسسىك شائىرلارنىڭ خوتەننى تەرىپلەپ يازغان قەسىدىلىرى بىكار ئەمەسكەن-دە...» دەپ ئۆز-ئۆزەمگە كۈلۈپمۇ قويىمەن. ھەربىر قەدەملىرىمدە نامايەن بولۇۋاتقان بۇ تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئىدىرىكىمدە قايتا-قايتا گەۋدىلەنمەكتەيدى. «توۋا، بۇنداق قايناق بازار بىر ئايدا ئۆت قېتىم كېلەمدىغۇ... ئەجەبا مېنى بۈگۈنكىدەك ھەيران قالدۇرمىغانىدى... بۈگۈن...» دېگەن خىياللار ئويۇنچى كەپتەرلەردەك ئىدىرىكىمدە ئەگىيتتى. مەن بۇ خاسىيەتلىك بازار كۈنىگە ئاپىرىن ئوقۇغاچ بازارچىلارنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، شىنخۇا كىتابخانىسىغا يېتىپ كەلدىم ۋە كېرەكلىك كىتابلارنى ئېلىپ كىتابخانا بىناسى بىلەن ئىقتىسادىي كومىتېت بىناسى ئارىلىقىغا جايلاشقان تار بازارغا كىردىم.

ھەرخىل كىيىم-كېچەك ۋە لەپىس زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن تولغان بۇ بازار ئۆزىنىڭ تار، قىستاڭچىلىقىغا قارىماي، بازارچىلارنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بولۇپمۇ مال ئىگىلىرىنىڭ پوزىتسىيە-مۇئامىلىسى ئادەمنى تولىمۇ خۇشال قىلاتتى. بۇ تار بازارنىڭ ئىككى كىرۋىكىگە جايلاشقان بوتكا دۇكانلىرىدىن يېڭى-يېڭى ناخشىلار بازارچىلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى مىزىنكا رېتىمىغا چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر

قىلاتتى. ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، دېـسكو
ھەۋەسكارلىرى بىر بازاردىن ئۆتۈپ قالسا
بەل-پۇتلىرى ئىختىيارسىز نەپىس دېسكو
ھەرىكەتلىرىگە چۈشەتتى. ھەيلى قايسى
خىل فورمىدىكى كىيىم-كېچەك ۋە زىننەت
بۇيۇملىرى ئېھتىياجىڭىز بولسا، ئېھتىياجى-
ڭىزدىن ئارتۇق قىراقىغا، ئېرىشەلىشىڭىزدە
گەپ يوقتى. بىر كىچىك بازارنى قانـ
چە ئايلانماڭ، ھەر قېتىم ئايلانغىنىڭىزدا
شۇنچە يېڭىلىق ھېس قىلاتتىڭىز. مۇبادا
ئاشقازىنىڭىز نەغمىگە چۈشۈپ قالغۇدەك
بولسا، ئۇيان-بۇيان قارىمايلا بىر نەچچە
ئون قەدەم ماڭسىڭىز، ھورلىرى ئەمدىلا كۆ-
تۈرۈلۈپ تۇرغان پېتىر مانتا ياكى مېزى-
لىك لەغمەن پىيالىرى سىزنى خۇشاللىق
بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بولا ئەمەس، كاۋاپخا-
نا، سامسىخانا، ھەتتا ئانارداك قىزىرىپ
پىشقان گۆشكىردىلەر سىز ئۈچۈن خىزمەتـ
تە. توخۇ سۈتىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى
تېپىلىدىغان بۇ بازاردا ھەرخىل ۋۇشۇسكا
ئېسىلغان سەيپۇڭخانىلار يېڭى مودىچىلارنى
كۆڭلىدىكىگە ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى جاي،
قاتار ئولتۇرغان ياماقچىلارچۇ تېخى!...

مەن سەكرەش تاختىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشـ
كەن بىر ئۈزۈش ماھىرىدەك بۇ بازارغا
شۇڭغۇدۇم ۋە ھەرخىل رەختتە، ھەرخىل فور-
مىدا تىكىلگەن شىملارغا كۆز تاشلىغاچ،
ئۇيغۇر ۋەخەنزۇ سودىگەرلىرىنى ئارىلاپ 20
ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ قىزچاقـ
نىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدىم.

—سىز نېمە ئالىدۇ......، دېدى ئۇ قىز
ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپراق سۆزلەپ. مەن ئۇ-
نىڭغا بىر شىمنى ئالغۇزدۇم ۋە ئۇيان-
بۇيان چۆرۈپ ئۆزەمگە ئۆلچەپ باققاچ:

—نەچچە كويغا ساتىدۇ؟- دەپ سورىد-
دىم. ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، ماڭا يار-
دەملەشكەچ:

—15كوي بەرسە بولىدۇ،- دېدى ۋە
بويىنىغا ئېسىۋالغان مېتىرنى ئېلىپ بەل-
پۇتلىرىمنى ئۆلچىگەچ. مەن بىر نەرسە
دەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ يېنىدا ئولـ
تۇرغان 45-46 ياشلار چامىسىدىكى يۈزىنى
ھەرەمنىڭ كىجىم ياغلىقى بىلەن ئورىۋال-
غان، ئەتلەستىن ئوشۇقمىغىچە ئىشتان كىيـ
گەن، ئاق شايىدىن ئۇزۇن كۆينەك كىيـ
گەن سېمىز بىر ئايال يېنىمغا كەلدى-دە:

—ئىمانى يوق بۇ بىر نېمىلەرنىڭ ئىنـ
سابى يوقتە! بۇياققا كەلسىلە ئۇكام، بۇنى
كۆرۈپ باقسىلا، دېگەچ بىلىكىمنى سۆرىگـ
ىنچە ماللىرىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ئۇ ھەر
بىر گەپ قىلغاندا بىر ھاسىرايتتى. ئۇنىڭ
تولغان كۆكسى ھەر قەدەمدە بورداق قوي-
نىڭ قۇيرىقىدەك لىغىلدايتتى. مەن ئۇ ئې-
لىپ بەرگەن شىمنى ئۆزەمگە ئۆلچەپ باق-
قاچ تۇرۇشۇمغا چاچلىرى پاخپايغان، كۆك
چىت كۆينىكىگە ياماق چۈشكەن، پايتىمـ
ىسى چىقىپ قالغان ئۆتۈكىنى سۆرىگىنىچە
بىر ئايال يېنىمغا كېلىپ بىر نېمە دەپ
ئايەت ئوقۇدى. مەن يانچۇقۇمدىن بىر مو-
چەن پۇلنى ئۇ ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇز-
دۇم. ئۇ ئايال يەنە ئۇزۇن ئايەتتىن كې-
يىن نۇرسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ گەز
باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ قو-
يۇپ ھېلىقى سودىگەر ئايالغا ئەيمىنىپرەك
قارىدى ۋە قولىنى ئاستا دۇئاغا كۆ-
تۈردى. سودىگەر ئايال:

—خېنىم دۇئالىرىنى قويسىلا، ھازىر
ئالدىلىغۇ، ئىنساپ بولسۇن!...دېدى زەردە
بىلەن. ئۇ ئايال لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى-دە،
ئاستا كەينىگە ياندى. سودىگەر ئايال:

—ئىنسابىي يوق نېمىكەنا بۇ!—دەپ غۇ-
دۇڭشىغاچ ماڭا يالت قىلىپ قارىدى. مەن
قولۇمدىكى شىمنى تۇتقىنىمچە بىر سودىگەر
ئايالغا، بىر ھېلىقى «دىۋانە» ئايالغا قا-
رىدىم. ئاڭغىچە يېنىمغا ئىككى قىز كەل-
دى. ئۇلار ماڭا بىر قاراپ قويۇپ سودى-
گەر ئايالدىن:

—ھېلىراقتا سېلىنىڭ ئالدىلىرىدىن بىر
كۆينەكنى ئالغانتۇق. سومكىمىزنى ئۇنتۇپ
قاپتۇق...، دېدى تەڭلا ئىككىسى. سودىگەر
ئايال ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي:

—سومكا دەملا خېنىم؟! ياق، مەن سومكا
كۆرمىدىم، ھەم سىلەرگە كۆينەكمۇ ساتمى-
دىم!—دېدى، لېكىن قىزلارنىڭ بىرسى:

—ھوي ھازىرلا ئالغانتۇققۇ، باشقا ياق-
قا بارمىدۇق... ئۇنىڭ كېيىنىڭ ئاخىرى چى-
قىپ بولغىچە سودىگەر ئايال:

—خېنىموي، نېمە دەيلا «ئىنساپ» بىلەن
گەپ قىلسىلا، سېلىنىڭ ئۇ سومكىلىرى ماڭا
لازىم ئەمەس!—دېدى ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كېلىپ. قىزلار بىر-
بىرىگە قارىشىپ، خىجىللىق بىلەن قىزار-
دى. سودىگەر ئايال توختىماستىن:

—خېنىملار ھېلىقى سېلىنىڭ سومكىلىرى-
كەن، ئۇنىڭدىن چوڭ بىر نېمىلەر بول-
سىمۇ كۆز قىرىمنى سېلىپ قويمايمەن.
«ئىمان» بىلەن ئوقەت قىلىۋاتىمەن. قارى-
ڭا ماۋۇ بىر نېمىلەرنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى،
«ئىنساپ» بىلەن گەپ قىلىشسىلا، نېمە دې-
گەن گەپ بۇ... قىزلار تالىشىپ تۇرمايلا
مېڭىشقا تەمشەلدى-يۇ، لېكىن توختاپ
قالدى، شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى خەنزۇ قىز
سودىگەر ئايالنىڭ قېشىغا كېلىپ:

—سىلەر ئۇ سومكىنى ئاۋۇ ساندۇققا
سېلىپ قويدىڭىز!—دېدى. سودىگەر ئايال
خەنزۇ قىزنى:

—نېمە!!!—دېدى ئاچچىق بىلەن. لېكىن
خەنزۇ قىز سودىگەر ئايالغا قاراپ:

—بەسىڭىز، بەسىڭىز،—دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
سودىگەر ئايال قوللىرى تىترىگەن ھالدا
ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە كېيىم-كې-
چەكنىڭ تېگىگە تىقىپ قويغان سومكىنى
ئېلىپ قىزلارغا بەردى.

بەلكىم بۇ كومېدىيە باشقا سودىگەر ۋە
بازارچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسا كې-
رەك، سودىگەر ئايالنىڭ ئەتراپى ئادەملەر توپى
بىلەن تولغانىدى. قايسىدۇر بىرى «پاراق»
قىلىپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەت-
راپتا تۇرغانلارمۇ پاراقشىپ كۈلۈۋەتتى.
كۈلكە ئەمدىلا بېسىقىپ تۇرۇشىغا ئوتتۇرا
ياش ئەتراپىدىكى بىر ئايال:

—تازا ئىمانى بار چوكانىكەنا بۇ!—دې-
ۋىدى، يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
بۇ ئايالنىڭ كېيىنگە 65—66 ياشلار چامى-
سىدىكى ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بىر مۇيى-
سىپىت لوقما سېلىپ، «قانداق ئىمان، ئىنس-
اپكەن ئۇ! ھوي خېنىم سىلىنىڭ ئىمانلى-
رى بولغان بىلەن ئىنساپلىرى يوقكەن،
سىلىمۇ ئىنساپنى ئۆگىنىپ قويسىلا بولغى-
دەك،» دېگەنچ توپ ئارىسىدىن كېتىپ
قالدى.

مەن قولۇمدىكى شىمنى سومكامغا سېلىپ
سودىگەر ئايالنىڭ دېگىنىنى بويىچە پۇلنى
تۆلىدىم ۋە ئارقامغا ياندىم.

بۇ كىچىك بازار ھېلىمۇ ئادەم دېڭىزى-
غا ئايلانغانىدى. ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈشى-
ۋاتقان بازارچىلار بىر-بىرىنىڭ دەسسىلىپ
كېتىشى بىلەن چاتىقى يوق بىخىراماننىڭ ئۆز
يولىغا ئالدىرىشاتتى. مەن قورسىقىمنى
تويغۇزۇپ ئاشخانىدىن چىققىنىم ۋە بازار

ئارىلىغاچ ئارقامغا يېنىپ ئەللىقى خەنزۇ قىزنىڭ كارۋىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئەمما خىيالىم ھېلىقى ئىشلاردىن زادى نېرى كەتمىدى. بولۇپمۇ ئىسمىدىكى «ئىمان» ۋە «ئىنساپ»تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم بىر-بىرىدىن ئېگىز ۋە بىر-بىرىدىن ئېزىلۇق بولۇپ كۆرۈندى. مەن بۇ ئىككى ئۇقۇمغا تا ھازىرغىچە قانائەتلەنگىدەك تەبىر تاپالماي يۈرىمەن، بەلكىم «ئىمان» «ئىنساپ»تىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋە ياكى «ئىنساپ» «ئىمان»دىن ئۈستۈن تۇرىدىغاندۇ. ئەللىقى سودىگەر ئايال «ئىمان»نى «ئىنساپ»تىن ئۈستۈن قويغان بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇ بۈگۈنكى قايناق بازارنىڭ ئاۋات كوچىسىدا تۇرمۇش كومېدىيىسىنىڭ ئەڭ جانلىق ئارتىسى بولۇپ قالدى، ھېلىقى خەنزۇ قىزچۇ! ...

قېنى ئۇنىڭغا باشقىلار بىر نېمە دەپ باقسۇن!

## يۇمۇرلار

### سۇ باسالمايدۇ

ئا: ھوي ئۇكام، ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى سۇ بېسىپ كېتىۋاتسا، نېمە قاراپ تۇرۇۋىسىز؟

ب: بىزنىڭ ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە، سۇ باسالمايدۇ.

### باشقىلارنى زەھەرلىمەسلىك

— بۇ سەن باشقىلار ھاراق ئىچىپ بەرسە ئىچمىدىكەنسەن، بىراق باشقىلارغا پەقەت ھاراق ئىچىپ بەرمەيدىكەنسەنغۇ؟

— چۈنكى مەن باشقىلارنى زەھەرلەشنى خالىمايمەن - دە!.

### ئالغا باسقانلىق

— سىز خەت يېزىش جەھەتتە بەك ئالغا باستىڭىزغۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئىلگىرى دوسكىغا خەت يازغاندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يازاتتىڭىز، بىراق ھازىر تۆۋەندىن يۇقىرىغا يازىدىڭىز ئەمەسمۇ.

پىكىر ئالغۇچى: سىزنىڭ مۇدىرلىرىڭلار سىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرامدۇ؟

دوقۇغۇچى: ھەئە.

پىكىر ئالغۇچى: مەسىلەن قانداق سۆھبەتلىشىدۇ؟

دوقۇغۇچى: قايسىڭلارنىڭ دادىسى سودىگەر، قايسىڭلارنىڭ دادىسى قاسساپ، - دەپ،

# باھارغا ئىنتىزار، ئوتلۇق يۈرەكلەر

## تۇنىساگۈل ھامۇت

### ئانا

ھۆسنىڭگە قارىسام سۆيۈملۈك ئانا،
شۇ سادda قامىتىڭ بولۇر نامايان.
نى ئۇزۇن كېچىلەر كېچىپ ئۇيقۇدىن،
مېنى سەن مېھرىڭدىن جان بېرىپ باققان.

تەمتىرەپ باسقاندا تۇنجى قەدەمنى،
ئۇمىقىم قوزام دەپ باغرىڭغا باستىڭ.
قاچانمۇ يۈگۈرۈپ چاپارسەنكىن دەپ،
توختىماي يۈزۈمگە يۈزۈڭنى ياقتىڭ.

قەلبىمدىن ئاقىدۇ ساڭا مۇھەببەت،
ئۆركەشلەپ دەريادەك توختىماي ھامان.
ئەجرىڭدىن قىزىڭغا كەلگەن شەپقىتىڭ،
سۆزلىسەم بولىدۇ تىللاردا داستان.

### ئۇستاز

دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ئۇستاز،
چۈنكى ئۇ ئەۋلادقا بىلىم بەرگۈچى.
ئىنساننى ھەممىگە قادىر ئەيلىگەن،
ئەمەسمۇ بىلىمنىڭ قۇدرىتى — كۈچى؟!

ئۇستازدۇر دۇنيادا نامسىز قەھرىمان،
ئالىملار، شائىرلار، ئەدىپ، دوختۇرلار؛
ئۇچقۇچى، ئىنژېنېر يېتىشتى مانا،
ئۇستازسىز يېتىشمەس ھەرقاچان ئۇلار.

مۇھتاجدۇر ھەرقاچان ئۇستازغا ئېلىم،
ئۇستازسىز يېتىشمەس ھەرقانداق ئالىم.
ئۇستازدۇر ھەر جەھەتتە بىزگە تىلەكداش،
ئېچىلار ئەجرىدىن ھەرقانداق تىلسىم.

مەن گويا كۆچەتمەن، ئۇستازىم باغۋەن،
ئۇ مېنى پەرۋىشلەپ چېچەكلىتىدۇ.
بەرگەندە مېۋىدىن شەربەتلەر ئەلگە،
ئەجرىدىن يۈرىكىم يايراپ كېتىدۇ،

### كاككۇك

باھارنىڭ ئەلچىسى خۇشناۋا كاككۇك،
سايرايسەن زوقلىنىپ يېقىملىق شۇنچە،
باھارغا ئىنتىزار ئوتلۇق يۈرەكلەر،
شادلىقتا تۆكمەكتە كۆزلەردىن ئۈنچە،

خۇشتارمەن دۇنيادا ئەي گۈزەل كاككۇك،
سېنىڭكى يېقىملىق ناخشىلىرىڭغا.
باشلايسەن سەن مېنى باھارپەيزىگە،
قايىلدۇر يۈرىكىم خىسلەتلىرىڭگە.

كاككۇكۇم سايرىغىن، ھارماي سايرىغىن،
خۇشتاردۇر گۈل چېچەك پەقەت ساڭىلا.
ناخشاڭغا جۆر بولۇپ سۈپسۈزۈك سۇلار،
تەلپۈنۈپ تولۇقلايدۇ چىمەنلىك باغلار،

# ئانام

### ئايگۈل ۋاھىت

ئانا دەپ ئاتىغىنى ئالسام تىلىمغا،
خۇشاللىق ئىلكىدە سۆيۈنەر دىلىم.
ئەسلىسەم ئۈمىدۋار نۇرلۇق كۆزۈڭنى،
تولىدۇ غەيرەتكە ۋۇجۇدۇم-تېنىم.

سىلايتتىڭ بېشىمنى مېھرىبان ئانا،
سۆزلىرىڭ قىلاتتى مېنى مەھلىيا.
نەزەر سال دەيتتىڭ سەن ھەربىر تارىخقا،
يېتىشكەن بىزدىن كۆپ ئالىم-ئەۋلىيا.

ھەر كۈنى تاڭ سەھەر مائىسام مەكتەپكە،
چىقساتتىڭ جان ئانا ئۇزىتىپ مېنى.
شۇ چاغدا ئەركىلەپ-شوخلۇق قىلىپ مەن،
يۈزىڭگە ئېسىلىپ سۆيەتتىم سېنى.

تومۇردا ئاققىنى سېنىڭ ئاق سۈتىڭ،
جىسمىمگە تولغىنى سەن بەرگەن قۇۋۋەت.
ئاقلايمەن سەن كۈتكەن ئۈمىدنى ئانا،
ئەجرىڭدىن ئېلىمگە كەلتۈرۈپ شۆھرەت.

# قارارىم

### ئاتىكەم ئەمەت

كۆردۈم بۈگۈن خاتىرەڭنى مەن،
ئىجادىڭدىن تېزىپسەن ئۈنچە.
ۋەتەن ئۈچۈن ئېلىپسەن قەلەم،
ئەقىل-زېھنىڭ ئېچىپتۇ غۇنچە.
ھېسسىياتىم تاشقاچقا، دېدىم:
«كەلسە دوستۇم، تۇتسام قولىنى»
شېئىرلىرىم بولدى ماڭا دەرس،
كۆردۈم ئۇنىڭدىن ياشاش يولىنى.

چىدام ھىممەت بولمىسا ئەگەر،
يېتىلىدۇ ئىقتىدار قانداق؟
ئۆز-ئۆزەمدىن ئەيلەپ پۇشايمان،
كەلدىم ئاخىر قارارغا شۇنداق!
«كۆپلەپ ئالسام ياشلىقتا بىلىم،
يېتەلەيمەن ئاڭا ھەممە تېز.
قىسقا ئۆمرۈم ئاتسام ئەلگە،
ھاياتىمدىن قالغۇسى بىر ئىز...»

# ھەقىقەت ئەينىكى

### مۇھەممەت ئىبراھىم توختى

ھەقىقەت ئەينىكى ھېسلىرىمىز قاتتىق،
يارالغاچ ئادالەت مېتالى بىرلە.
تەگسىمۇ پىتنىنىڭ قورام تاشلىرى،
بىراق ئۇ، ئەينەكنى قىلالماس زەدە.

بەزىدە ئازراق چاڭ باسسىمۇ ئۇنى،
ئەمما نۇر-شولىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.
شۇ ئەينەك ئالدىدىن ھەرقانداق ئىنسان،
ئۆزىنى كۆرسەتمەي ئەسلا ئۆتمەيدۇ.

# يۇرت ئىلھامى

## مەككىسا ياقۇپ

يورۇتتى تاڭ دىيارىمنى ساخاۋەتلىك نۇرى بىرلە ،
تۈمەن بۇلبۇل ئۇرار خەندان يېقىملىق شوخ كۈيى بىرلە ،
يېشىللىقتىن كىيىپ تون، كۈلدى يۇرتۇم خۇش خۇيى بىرلە ،
يۇدى تاڭ شەبنىمى گۈللەر يۈزىنى پاك سۈيى بىرلە ،
كۆڭۈل گۈلشەنلىرى گۈل ئاچتى يۇرتۇم تەسۋىرى بىرلە .

مېۋە ، ئاشلىق ماكانى بۇ ، ھوسۇلى ئاشقۇسى تاغدىن،
ئاقار ئۆركەش ياساپ شېرىن مېۋىلەر شەربىتى باغدىن ،
ئىجاد ـ مېھنەت ، ئەقىل ـ ئىدىرەك ئۇچاقى بۇ قەدىم چاغدىن،
كىلەم، قەغەز، يىپەك ياقتاي كۆڭۈلگە قەنت، ناۋات ، ياغدىن ،
كۆڭۈل بۇلبۇللىرى شاد كۈلدى يۇرتۇم تۆھپىسى بىرلە .

يېشىل مەخمەلگە پۈركەندى خەلق ئەجرى بىلەن يۇرتۇم ،
كىلەمگە ئەندىزە بولدى گۈزەل ھۆسنى بىلەن يۇرتۇم ،
ئاۋاتلاشتى بېيىپ پەرزەنتلىرى مېھرى بىلەن يۇرتۇم .
كامال تاپتى ئىجاد ، ئەمگەك ، ھۈنەر ئەھلى بىلەن يۇرتۇم ،
ۋەتەن ـ خەلقىمنى كۈيلەي ساز ياساپ دىل رىشتىسى بىرلە .

باياشاتلىق ياراتتى يۇرتىمىز خەلقى جاسارەتتە ،
ئۆتەر ھەر كىم خۇشال بۇندا بۈگۈن غەمسىز پاراغەتتە ،
گۈزەل قىزغىن ئۆتەر تۇرمۇش ياشايمىز بارچە راھەتتە ،
تېخى بۇندىنمۇ پارلاق يۇرتىمىز كەلگۈسى ئەلۋەتتە ،
گۈزەل مەنزىل كۈتەر بىزنى كۈلۈپ، گۈلدەستىسى بىرلە .

# گۈل ئىشقى

## ئامانگۈل ياقۇپ

ئىشتىياق ھەۋىسىم قايناپ تاشىدۇ ،
كۆرگەندە باغدىكى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈلنى .
گۈل دېگەن ئەزەلدىن خۇشپۇراق بولغاچ ،
مەھلىيا قىلمايدۇ ئۆزىگە كىمنى ؟!

گۈلخۇمار بىر ياشمەن گويا بۇلبۇلدەك ،
گۈلگە بار قەلبىمدە سۆيگۈ ئىلھامىم .
قەلبىمدە بار ئارزۇ ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن ،
گۈل كەبى خۇشپۇراق چېچىش قىلارمەن !

# كۆڭلۈمگە

### گۆھەرنىسا قادىر

ئاتتى مېنى قاينىمىغا بىر مەھەل ،
بەڭباش ياشلىق دەرياسىنىڭ دولقۇنى .
زەپ قىينالدى چايقىلىشتىن تەنلىرىم ،
يۈرىكىمگە دەھشەت سالدى شاۋقۇنى .

قەلبىم مېنىڭ ئىدى گويا ساپ ئالتۇن ،
ۋاپا ۋىجدان شۇ ئالتۇنىنىڭ چاقنىشى .
زەرگەر بىلىپ نائەھلىگە بېرىپ مەن ،
بەدىلىگە تاپتىم ھەسرەت، كۆز يېشى .

ھەسرىتىمگە سەۋەبچىدۇر تەنتەكلىك ،
مەن بېرىۋىمەن شۇ كۆڭلۈمنى ئەيىپكە .
چايقا چاقا ئۇ بەڭباشلىقتا ئالدىراپ ،
پېشايماندىن سالدى يارا قەلبىمگە .

# چوشۇپ كەتتى

### رەشىدە ئابدۇللا

گۈل ئۈزاتتىڭ « ئال » دېدىڭ كۈلۈپ ،
تاشلىمىغىن تۇتقان گۈلۈمنى ،
دېدىم رەھمەت قەلبىمدىن ساڭا ،
ئۈزاتتىم ھەم گۈلگە قولۇمنى .

پورەكلىگەن گۈل شۇنچە گۈزەل ،
ھەر تال بەرگى نازۇك ، جۇلالىق .
گۈلدىن كۆزۈم يۆتكەلدى ساڭا ،
باقتىڭ سەنمۇ ماڭا خۇمالىق .

كۆزلىرىڭدىن چىقىپ بىر ئۇچقۇن ،
يۈرىكىمگە كىردى - دە، ياندى .
تەمكىنلىكىم يوقاپ بىردىنلا ،
كەم سۆزلىكىم ئەجەپمۇ چاندى .

گۈل يۈزۈڭگە قاراۋىرەلمەي ،
گۈلگە باقتىم، چۆچىدىم بىراق .
ھېسسىياتىم ئۈستىدىن شۇ دەم ،
غالىپ كەلدى مەندىكى ئىدراك .

ھەيران قالدىم يېشىل بېغىشتا ،
قانچە قولنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ .
قانچە ئادەم ھىدى بەرگىدە ،
بۇ ھالەتتىن كەتتىم شۈركۈنۈپ .

غەزەپ بىلەن باقتىم كۆزۈڭگە ،
چوشۇپ كەتتى گۈلمۇ قولۇمدىن .
ئۆز - ئۆزەمگە ئاغرىندىم - ياندىم ،
تەنتەكلىكتە باسقان يولۇمدىن .

# خوتەن مەنزىرىسى

(نەسىر)

ئەسقەرجان ئابدۇللا

ئاسمان سۈزۈلۈشكە باشلىدى. قۇياش ئۇپۇقتىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تۈن پەردىسى يىرتىلىپ، يېزىنىڭ چىمەنزارلىقلىرى نۇرغا چۆمۈلدى. گۈل-چېچەكلەردىكى، ياپراقلاردىكى شەبنەملەر قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. مەھەللىلەردە رادىئودىن يېقىملىق ناخشا-مۇزىكىلار جاراڭلايتتى، يېزا جانلىنىپ كەتتى. قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ دولىسىدىكى ئويناپ تۇرغان كەتمەنلەر قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى. پادىچى بالا قويلارنى ئوتلاتقىلى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ سۈزۈك ۋە يېقىملىق ناخشىسى قويلارنى خۇش قىلدىمۇ-نېمە، بۇ يەر پادا قويلار گاھ يۈگرەپ، گاھ سەكرەپ كېتىپ باراتتى. مەرھابا تاڭ! مەرھابا سەھەر! ھەممە يەردە ناخشا ساداسى! كەچكى شەپەق يوقۇلۇشى بىلەن ئالەمگە تۈن پەردىسى يېيىلدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار گويا كىشىلەرنىڭ ياڭراق راۋاب قوشاقلىرىغا، ناخشا-ئۇسسۇللىرىغا زوقلانغاندەك بارغانسېرى قويۇقلىشىپ مىدىرلاپ تۇراتتى. قايناقتىندۇر ياڭرىغان لەرزان نەي ئاۋازى ئاخىرى بۇ كۈننىمۇ خۇشال-خۇرام ئۇزاتتى. كىشىلەر گۈزەل كېلىچەك، بەختلىك تۇرمۇشى ھەققىدە شېرىن خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

مەھەللە جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن. لېكىن ماڭا تونۇش بۇ ھويلىدىكى يان ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچكىنى يوق. ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرغان لامپىنىڭ نۇرى روجەك ئارقىلىق ھويلىنىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى. سەينانىڭ چېتىدىكى ئالما شاخلىرى لامپىنىڭ يورۇقىدا قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا بىر كىم روجەكتىن سايە تاشلىغىنىچە ئۆينىڭ تۆرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كىمدۇ؟!

بۇ قىز ئىكەن! توقۇلۇۋاتقان گىلەمگە، ئىلچى ۋادىسىنىڭ باھاردىكى گۈزەل، چىمەنزارلىق مەنزىرىسى، سۇپسۈزۈك قاشتېشى تەشتەكتە ئېچىلغان چوغدەك قىزىل گۈللەر چۈشۈرۈلگەنىدى. گىلەمگە چۈشۈرۈلگەن ئاق چېچەكلەر خوتەننىڭ قەدىمي ئاۋات يىپەك يولىنى ئەسلىتەتتى. دۇكان ئالدىدا ئولتۇرغان ساھىبجامال قىزنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايىغا گىلەمدىكى چوغدەك قىزىل گۈللەر قىزغۇچ نۇر سېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزىدە گۈللەرگە پۈركەنگەن گۈزەل بىر دۇنيا ئەكس ئېتەتتى. ئېھ، شۇ گۈزەل دۇنيا! گۈزەل قاشتېشى ۋادىسى! ئىلچىنىڭ ئالتۇن ۋادىسى! سەن گىلەمچى قىزنىڭ چېۋەر قوللىرىدا گىلەمگە سىزىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلماقتىسەن. بۇ نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە، نېمە دېگەن گۈزەل كۆرۈنۈش؟! نېمە دېگەن چېۋەر قوللار؟! قىز ئۇرۇۋاتقان پەنجە ئۇرۇش، ئارقا قالارغا ئەمەس، ئالتۇن ۋادىنىڭ شەيداسى بولغان يۈرەكنىڭ ئۈستىگە گۈپ-گۈپ قىلىپ تەگمەكتىدى.

# سۇ

(نەسىر)

## ئاسىيگۈل ئابدۇللا

مەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كۆمۈشرەڭ، زەنجىرسىمان دولقۇن ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇيىنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىغا قاراپ، خىيال تۇلپارىغا مىنىپ، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەڭ يىراق زېمىنلىرىغا يول ئالدىم.

ئېھ! خاسىيەتلىك سۇ، سەن نەلەردىن، قايسى تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، ساڭا تەشنا بولغان سانسىز يۈرەكلەرنى قاندۇرۇپ، يەنە قايا قىلارغا كېتىۋاتىدىغانسەن؟!

سەن نەقەدەر يېقىملىق ۋە ھەيۋەتلىك-ھە؟ سەن بەزىدە كۈمۈش يىلاندەك تولغىنىپ، بىر تەكشىلىكتە ئاقساڭ، يەنە بەزىدە ئۇماق قىزلارنىڭ زىننىقىدەك يېنىك دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزەڭگە جەلب قىلىسەن. يەنە بەزىدە كېيىنكى دولقۇنلىرىڭ ئالدىنقى دولقۇنلىرىڭنى ئىتتىرىپ، دەھشەتلىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ كىشىلەرنى شۈركۈندۈرىسەن.

ئېھ خاسىيەتلىك سۇ!، مەن سېنىڭ ئەنە شۇ جىددىي ئېقىمىڭدا بېلىق بولۇپ ئۈزگۈم ۋە سېنى بىلەن بىللە ياشىغىم كېلىدۇ. ئەي سىماپتەك جانغا ئارام بەخش ئېتىدىغان ئابى ھايات سۇ، سەن ئۆزەڭنىڭ جەمئىيەتتە قانچىلىك رولىڭنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ ئىنسانىيەت دۇنياغا كەلگەندىن بېرى بىر دەقىقە ۋاقىت سەندىن ئايرىلىپ ياشىيالىغانمۇ؟! تەبىئەت دۇنياسىدىكى قايسىبىر جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار، گۈل-گىيا، باغ-ۋارانلار سەنسىز گۈل چىراي ئاچقانمۇ؟! سەنسىز كۆللەپ ياشنىيالىغانمۇ؟! سەنسىز ئەلگە مېۋە بېرەلىگەنمۇ؟! سەنسىز ھايات كۆچۈرگەنمۇ؟!- ئەي، خاسىيەتلىك سۇ، سەن شوخ، ئەركە بالىلاردەك ئويناقشىپ ئېقىۋاتىسەن، سېنىڭ بۇ شوخلۇقۇڭ ئۇماق نازىنىن قىزلارنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم جىلۋىلىرىنى كۆز ئالدىمدا نامايەن قىلماقتا. ئەي، زۇمرەت ماكانىنىڭ ئەركە سۇيى، سەن ئۆز خاسىيىتىڭ بىلەن قەدىرلىكسەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كىشىلەر قەلبىنىڭ ھۇزۇرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن!.

# ئىككى نەسىر

## ئەركىن تاشتۆمۈر

### ئۆرۈك چېچىكى

باھار كەلدى، گۈللەر ئېچىلدى. ھەممىلا يەر ئاپئاق ۋە قىزغۇچ تونلۇق گەۋدىلەر. بۇلار يىراق-يىراقلارغىچە سوزۇلغان، ئالتۇندەك يۇغۇرۇلغان قۇياش نۇرىدا ھۇزۇرلانماقتىدى.

ئەمما ئۇلار جىمغۇر، بەزىسى سېھىرلىك باشلىرىنى ئىگىشىدۇ. بەزىسى مەغرۇرانە

يىراقلارغا قارىشىدۇ. بەزىسى يېڭىلا ھاياتقا كۆز ئېچىشىدۇ. بەزىسى گۈل مېھرى بىلەن قىزىياشقا بېقىشىدۇ، قۇياش ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ ... ئۇلارنىڭ يۇمشاق ھەم رەڭلىك كاماللىرىدا شەبنەملەر جىلۋىلىنىدۇ-دە، زىلاق ئۈستىگە قوشۇلىدۇ. مانا بۇ مەنزىرە، مانا بۇ چېچەكلەر دۇنياسى مېنى ئۆزىگە ئەنە شۇنداق مەھلىيا قىلماقتا.

مانا بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ياش ۋە يېپيېڭى مەنزىرە. بۈگۈنكى كۈندىكى ئاپئاق ۋە تولۇق ئېچىلغان ئۆرۈك چېچىكى ئۆزىنىڭ خۇشپۇراق ھىدىنى ھەممە يەرگە تارقاتماقتا، ئاجايىپ قەددى-قامەتى بىلەن بۈگۈنكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا.

ئەنە قاراڭ، مېنى پۈركەپ تۇرغان چېچەكلەر دۇنياسى، بۈككىدە چېچەكلەر، ئۇنىڭ يوچۇقلىرىدىن چۈشكەن نۇر، دىماقنى يارغۇدەك خۇشبۇي. چېچەك، ھىدى تۇپراق ئۈستىگە سېپىلگەن گۈللەر، چېچەكلەرگە ھەستانە قۇشلار ... مانا بۇلار يېڭى بىر مۇھىتنى ياراتماقتا. توغرا، بۇ چېچەكلەر، پەسىللەرنىڭ ئەلچىسى، زېمىننىڭ زىننىتى. بۇلار ھاياتقا كۆز ئاچىدۇ، كۆپىيىدۇ، بوران-يامغۇرلاردا قالىدۇ، يەنە ياشنايدۇ. يومران بەرگىلىرىدە غورا تۈگىدۇ، يېشىل تونلار كېيىدۇ-دە، ساپسېرىق ۋە سۇلغۇن، تىلىنى يارغۇدەك ئۆرۈكلەر بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا چېچەك پۈرىقى قالىدۇ. مېۋىلەرنىڭ سەرخىلى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر پۈتكۈل زېمىن ئۆرۈك چېچىكىگە پۈركەنسە ئىدى، بۇ دۇنيا شېرىن مېۋىلەرگە تولار ئىدى ...

## بۇلاق

مەن بۇلاقتىن سۆز ئېچىۋاتىمەن. بەلكى ئۇ مېنىڭ سەبىلىك ۋاقىتلىرىمدا ماڭا ئاجايىپ زوقلىنىش ۋە ئىلھاملارنى بەخش ئەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقاندىمەن.

مېنىڭ يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا خېلى ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بۈگۈن ئەڭ تۇنجى قېتىم يوقلىغان نەرسەم-شۇ بۇلاق بولدى. ئۇنىڭ بىر دۇقلاپ ئېقىپ چىقىۋاتقان زۇمرەتتەك كۆپكۆك سۈيى قەلبىمدە ھاياجان پەيدا قىلدى.

كىشىلەرنىڭ مېھنەت سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇلاق تېخىمۇ كېڭەيگەنىدى. سۈلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، تېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ كەتكەنىدى.

ئېخ بۇلاق، مەن سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ ساڭا تويماي قاراۋاتىمەن. سەن ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىسەن. دەشت-چۆللەرگە يېشىل كىمخاپ ياپقۇچىسەن. قەلب رىشتىلىرى بىر-بىرىگە باغلانغان تالاي قىز-يىگىتلەر يېنىڭكىنە شىۋىرلىغان تاۋۇشلىرىڭغا ھەمدەست بولۇپ، سېنى مۇھەببەت بۇلىقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىدۇ.

مەن بۇلارنى ئويلىغانسېرى ھەيران بولۇۋاتىمەن. بۇلاق تۆرت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل تۇرىدۇ. زېمىستان قىشنىڭ زېمىنغا ياپقان ئاق لىباسى ئاستىدىمۇ توختاپ قالمايدۇ. بورانلىق كۈنلەردە كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. بەلكى ئۈزلۈكسىز بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ، دەشت-چۆللەرگە ھايات بېرىپ ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ، كەلگۈسىنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ!.

# ئېناق قوشنىلار

(ھېكايە)

ئاقچى ئەمەن

يېرىم كېچە، بىر ئايال قاتتىق تولغاق ئازابىدىن ئىڭراپ توۋلىماقتا. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىدىن قاتتىق ئاغرىق تارتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. يولدىشى بازىغا كېچىلىك كۆزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، ئۆيدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى يوقتى. ئۇنىڭ قاپقارا چېچى ئاستىدىكى پىشانىسىدىن تەر تامچىلىرى چىقىۋاتاتتى. قىزارغان كۆزلىرىدە شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى، كارۋات ئۈستىدە ئىڭراپ تولغىنىۋاتقان بۇ ئايالنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يوتقاننىڭ بىر قىسمى يەردە سۆرۈلۈپ تۇراتتى.

قوشنىسى جەمىلەن بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغاندى-دە، ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتى. پۈتكۈل كائىنات قاراتون كەيگەندەكلا قاراڭغۇ ئىدى، يۇلتۇزلار بايرامدىكى ھەرخىل پانۇس چىراقتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، ئۆكتەبىرنىڭ سالقىن شامىلى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلاتماقتىدى. تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئوتتۇرا بويى گەۋدىسى كارۋات لېۋىگە كېلىپ قالغانىدى. جەمىلەن ئۇنى تۈزەشتۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئەھۋال سورىدى:

— تۇرسۇنئاي، قەيېرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ، يولدىشىڭىز ھامۇت خىزمەتكە كەتكەنىدى؟

تۇرسۇنئاي ھاسىرىغىنىچە:

— ھە... ئە... ئۇ... خىزمەتكە كەتكەن... قاتتىق تولغاق تۇتىۋالدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

جەمىلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا تۇغۇت بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. ئۇ نەچچە ئانىلارنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتقۇزغانىدى. تۇرسۇنئاي قاتتىق توۋلاپ ھوشىدىن كەتتى. بالا تەتۈر كېلىپ قالغان بولۇپ، تۇرسۇنئاينىڭ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغان، جەمىلەننىڭ بېشىدىن تەر ئاقماقتىدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋاقىتتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان بىر كىشىنى قاراپ تۇرۇپ تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ياق! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغا قاراپ تۇرۇش بىر دوختۇر ئۈچۈن ئۇيات ئەمەسمۇ؟ كېچىكتۈرمەستىن ئامال قوللىنىش كېرەك، بۇ دوختۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى.

جەمىلەن دەرھال ئۆيىگە كىردى، يولدىشى ئويغاق ئىدى.

— نېمە ئىش بولدى، — دېدى يولدىشى ئالدىراپ.

— تۇرسۇنئاي، تولغاق تۇتىۋاتىدۇ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك، — دېدى ۋە ئاغرىقبار ئۆيگە كىرىپ كەتتى، يولدىشى بۇنى چۈشەندى-دە، ۋېلىسىپىتكە مىنىپ تۈن قاراڭغۇسىدا تېزلا غايىپ بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر دوختۇر ئاپتوبۇسى تۇرسۇنئاينىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدى ھەم ئۇنى ئېلىپ تېزدىن يۈرۈپ كەتتى.

جىمجىت دوختۇرخانا جىددىي تۈس ئالدى، دوختۇرلار ئالدىراش ئوپېراتسىيەگە چۈشە-

تىلاھە، مانا: تۇرسۇنتاي ۋە بوۋاق قۇتقۇزۇۋېلىندى. بالا ئوماق قىنىنە قىز بولۇپ، ساغلام ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن مامۇت ئالدىراپ دوختۇرخانىغا كىردى. ئۇنىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزىدىن، كۈلكە ياماشقان چىرايىدىن خۇشاللىق، جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىراپ جەمىلەنىڭ قۇچىقىدىكى ئوماق پەرزەنتىنى ئېلىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. بالىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان جەمىلەگە قاراپ كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— سىز ئايالىمنى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتىمنى قۇتقۇزۇۋاپسىز، مەن بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇماي مەن، — دېدى.

جەمىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، بۇ، ئەلۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. مامۇتھا ياجان بىلەن؛

— سىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئوبدان قوشنىمىز ئىكەنسىز، — دېدى. !

جەمىلەن سالماق قەدەملەر ئېلىپ دوختۇرخانا كارىدوردىن چىقتى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى. قۇياش ئۇنىڭغا ئەللىق جامالى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، قۇشلار ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇغاندەك يېقىملىق سايرايتتى.

## باھار پەيزى

### ئەنۋەر ئەيسا

سۇبھىنىڭ شەپقى چاچتى نۇرىنى،
كەڭ دالا ـ قىشلاقتا، چىمەنزار باغدا.
رەڭمۇ-رەڭ چېچەكلەر ئېچىلغان، ھىدى-
ئۇرۇلدى خۇشپۇراق بېرىپ دىماغقا.

تىنماستىن سايرىشار خۇشناۋا بۇلبۇل،
باھارنىڭ كۈيىگە چېلىپ مۇقامىنى.
مەنمۇ ھەمكۈي قاتتىم باھار پەيزىگە،
باھارنىڭ گۈللىرى ياراتقاچ دىلنى.

رەڭمۇ-رەڭ شايىدىن تون كىيگەن زېمىن،
بەئەينى ئەسلىتەر زىلچى گىلەمنى.
ياشلىقىم باھارنىڭ پەيزىدىن نىشان،
گۈللەيمەن تەر تۆكۈپ جىگەرخۇا ئېلىمنى.

## يولغۇن

### ئابدۇررازاق ئابدۇخالىق

سۆيىمەن چۆلدىكى قىزىل يولغۇننى،
چۈنكى ئۇ، چۆللەرنىڭ ئېسىل زىننىتى.
تالاشماي كەلدى ئۇ، گۈزەل باغلارنى،
ئەزەلدىن شۇنداقكى ئۇنىڭ خىسلىتى.

پولاتتىن مۇستەھكەم شاخلىرى ئۇنىڭ،
بولغاچقا ئۇنىڭدا سەمىمىي نىيەت.
توسىدۇ كۆكسىدە بوران-جۇدۇننى،
شۇندىمۇ تەكەببۇر ئەيلىمەس پەقەت.

بولسىمۇ گەرچە ئۇ، جاڭگالدا-چۆلدە،
ھېس قىلار ئۆزىنى باغۇ-بوستاندا.
چىداملىق روھىدىن ئىلھاملار ئېلىپ،
كۈيلىدى شائىرلار ئۇنى داستاندا.

ۋەتەنگە بارىمنى ئاتاش يولىدا،
قىلىمەن يولغۇننى ئۆزەمگە ئۈلگە.
ئەلدىن ئاز نەپ ئېلىپ، ئەلگە كۆپ بېرىپ،
ياشلىقتا ۋەتەننى پۈركەيمەن گۈلگە.

ئالدىمىدىن شوخلاشقا قولۇمغا قەلەم،
قىلىشچۇن ۋەتىنىم، خەلقىمگە خىزمەت.
ئاققۇزۇپ چېكەمدىن ھالال تەرلىرى،
قىلىمەن بۇ يولدا ئۆمۈرلۈك مېھنەت.

## ئۇستازىمغا

ئىسمايىل مۇھەممەت

ھەر ۋاقىت نامىڭنى ياد ئالسام ئۇستاز،
تاشىدۇ قەلبىمدىن ئۇرغۇپ مۇھەببەت.
چۈنكى سەن دىلىمغا ئىلىم سالغۇچى،
كۆڭلۈمدە ساڭا خاس ئەڭ ئالىي ھۆرمەت.

باغۋەن سەن كۆچەتنى پەرۋىش ئەتكۈچى،
سۇ ئەمەس، مېھرىڭدە سۇغاردىڭ ئۇنى.
ئەجرىڭدىن يېتىلدى سانسىز ئەزىمەت،
تەر تۆكۈپ تاۋلىدىڭ يۇغاردىڭ ئۇنى.

ئۆستۈردۈڭ ئەجرىڭدە سانسىز ئەۋلادنى،
دىللارغا مەرىپەت نۇرىنى چېچىپ.
كەمتەرسەن، بولسىمۇ تۆھپەڭ ئالەمچە،
بېرىسەن ئەۋلادقا پارلاق يول ئېچىپ.

## مەكتىپىم

زاكىر مەتنىياز

ئۆستۈممەن قوينۇڭدا ئانا مەكتىپىم،
خۇشاللىق ئىچىدە شېرىنچە تېز ئۇماق.
ئۆگىنىپ سېنىڭدىن ئىلىم مەرىپەت،
چاچىمەن ۋەتەنگە لەززەتلىك پۇراق.

ئانىجان مەكتىپىم سەن ئەزىز تۇپراق،
يېتىلدىم قوينۇڭدا بىلىمگە ئامراق.
يورۇتتى دىلىمنى بىلىم نۇرلىرى،
كۈيلىسەم مەن سېنى ئاۋازىم ياڭراق.

ئالىمەن مەكتىپىم نامىڭنى تىلغا،
كېلىدۇ ئالدىمغا مەغرۇر چوققىلار.
تىلىكىم مېنىڭمۇ چىقماق چوققىغا،
يارىتىپ مۆجىزە بولسام ئالىملار.

## مەن ئوخشايمەن چېچەككە

ئەخمەت ئابدۇللا

كەلدى باھار ئەجەپ ئېسىل ناز بىلەن،
سىلاپ ئۇماق قوللىرىدا يۈزۈمنى.
بەردى ماڭا ئىلھام بەخش بۆلەكچە،
ئەچكەن ئوخشاش خۇددى زەمزەم سۈيىنى.

ئېچىلىدۇ شۇ چىرايلىق باھاردا،
ھەر خىل دەرەخ، گىيالارنىڭ چېچىكى.
گەر بولمىسا شۇ چېچەكلەر باھاردا،
كۆزدە بولماس مول ھوسۇلنىڭ دېرىكى.

چېچەكلەرنىڭ قىممىتى چوڭ شۇنچىلىك،
لېكىن بەكلا قىسقا ئۇنىڭ ھاياتى.
قالۇر ئەلگە مەنىلىك شۇ ئۆمرىدىن،
شېرىن-شەربەت قەنت ھەم شېكەر-ناۋاتى.

مەنمۇ گويا ئوخشايمەن شۇ چېچەككە،
ئېچىلسام بۇ ئىلىم-پەننىڭ بەرگىدە.
تۇتۇش ئۈچۈن ئەلگە كۆپلەپ شەربەتلەر،
چۆكسەم دەيمەن، پەن بىلىمنىڭ تەكتىگە.

# خوتەن دەرياسى

ئەنۋەر مەمتىمىن

دولقۇنلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ،
ئاقىسەن توختىماي خوتەن دەرياسى.
ئاچىسەن خىسلىتىڭ ھەممىگە ئايان،
ھۆر ھايات گۈلشىنى — قاشتېشى كانى.

ئەتراپىڭ يېپيېشىل مىڭلار گۈلباغ،
سەن ئۆزەڭ گۈلباغنىڭ شەربەت-شارابى.

شاۋقۇنلۇق سۈيۈڭنىڭ ھەر بىر تامچىسى،
ئەمگەكچان خەلقىمنىڭ راھەت-ئارامى.

چاڭقىغان گىياھسىز چۆللەر سېنىڭدىن،
كۆچ ئېلىپ بوستانغا ئايلاندى بۈگۈن.
ناخشىلار ياڭرىتىپ ئوت يۈرەك خەلقىم،
ئوينايدۇ قەلبىدە قالمىغاچ تۈگۈن.

# تويىڭىزغا مۇبارەك

مامۇتجان ئەخمەت

بۈگۈن قىزىم ئادالەت،
خۇشال كەلدى مەكتەپتىن.
قەۋەتلا شوخ مىجەزى،
سۆيۈنەر ئۇ بىر ئىشتىن.
سوراپ باقسام ئۇنىڭدىن،
شادلىقىغا زوقلىنىپ.
— دادا ئەتە بايرامكەن،
دېدى قىزىم شوخلىنىپ.
— قانداق بايرام ئەتىگە،
جېنىم دادا ئېيتقىنا.
دېدىم: ئەتە ماي ئېيى،
قىزىم ئېيتسام گەپ تولا.

ماي ئېيىدا يۇقىرىلار—
ئويغانغان بىز ھەممىمىز.
ۋەتەن ئۈچۈن كەڭ ياشلار،
يەڭگىنى تۈرگەن جەڭگە بىز.
شىۋىددىن كېيىن ئېچىلغان،
سائادەتنىڭ ئىشىكى.
شىۋىددىن كېيىن ئېچىلغان،
پەن-مائارىپ چېچەكى.
ئۇلۇغ «ماي» نىڭ تەرىپى،
پۈتمەس قانچە سۆزلىسە.
بەختىڭ ئۈچۈن جان قىزىم،
خوشال ئوينا مەكتەپتە.

# باھار سۈيى

ئابدىغېنى تۇقۇ (قىرغىز)

باھار سۈيى يېتىپ كەلدى،
بۇلاق ھەممە تاغلاردىن.
ئېقىپ ئۆتتى زۇمرەت سۇلار،
ئېتەك-ئېدىق باغلاردىن.

ئەركە ئويناپ سۈزۈك سىرلار،
كىرۋە كلەرگە ئۈنچە چاچتى.
ياشناپ كەتتى گۈل-غۇنچىلار،
جۇلالىنىپ يۇراق چاچتى.

# شېئىرلار

ئابدۇكېرىم ئەمەت

## قىز ئەمەسسەن گويا بىر مەھبۇس

كۆپ يىگىنچە يىللارنىڭ سانى،
چىراي تاپتىڭ، بىز ساڭا ئامەت.
ئاناڭ باشلىق، ئاتاڭ ئەمەلدار،
«ئابروي» ساڭا قىلار ئىتائەت.

كوچا-كويغا چاپسەن كۈندە،
قالمايدۇ سەن كىرمىگەن دۇكان.
تاللىيالماي رەخت تۈرلىرىنى،
پىرىسكازچىكلار بولۇشار ۋەيران.

مەكتىپىڭگە بارسەن، ئەمما-
ئۆگىنىشنى قويىسەن تاشلاپ.
قولتۇقلىشىپ ئوغۇللار بىلەن،
ئولتۇرۇشقا بارسەن باشلاپ.

تۇتسا ساڭا قايسى بىر ئوغۇل،
«ئىچكىن جېنىم بۇ ھاراقنى...» دەپ.
رەت قىلماستىن ئالسەن قولغا،
بۇنداق پەيتلەر ساڭا بەكمۇ ئەپ.

ھەركۈنى بىر ئالمىشار سۆيگۈڭ،
كۈن ھەم تۈننىڭ ئالماشقىنىدەك.
تالاي لەۋلەر تەگدى لېۋىڭگە،
بىر كېپىنەك مىڭ گۈل سۆيگىنىدەك.

سۆزلىرىمنى ئاڭلىغىن ئەي قىز،
ئۆزلۇقىڭغا قايىلمەن، ئەپسۇس-
قەلبىڭ سېنىڭ شەت بولغىنىچۈن،
قىز ئەمەسسەن گويا بىر مەھبۇس.

## تىنىقىمىز قوشۇلسۇن پاتراق

نەچچە ئايدىن بىرى كويىڭدا،
كۆل بېشىغا رەت-رەت چىقىمەن.
چېلىكىڭگە ئۇسسۇۋېتىپ سۇ،
سەن ماڭا قىيا باقىسەن.

بېقىشلىرىڭ بەكمۇ زىبالىق،
تېنىم تىترەر مىسالى ياپراق.
بېقىشمايلى يىراقتىن سۆزسىز،
تىنىقىمىز قوشۇلسۇن پاتراق.

## مەيلى

قوي يىمەس گۆش، ئىت ئوتنى، بىراق-
ياماندۇر ئادەمنىڭ ئىشتىھا پەيلى.

ئەنسىرەيمەن پەقەت شىرىنىڭدىن،
قورسىقى ئېچىلىپ ئۆلمىسە مەيلى.

## چىۋىن ۋە لاپ

چىۋىن دەيدۇ:
«مەن كېسەل بولمايمەن» دەپ،
پۈتۈن ئۆمرىم بويى،
يۈرىمەن،
نىجاسەت يەپ.
قارىسام،
بىر چىۋىن، يېتىپ قاپتۇ،

مۇردىدەك،
ھەپتە-ھەپتىلەپ،
مەن-مەن دەپ،
لاپ ئۇرغانلار،
ئاخىرى بىر كۈن،
ئۆلىدۇ،
تومشۇقىغا يەپ.

## قەلبىم دوسكىسىغا

قەلبىم گويا پارقىراق دوسكا،
كۆز بورلىرىڭ يازدى «سۆيگۈ» دەپ.
مەغرۇرلىقىمنىڭ بولدى ئۆچۈرگۈچ،
قەلبىمدە داغ قالدىغۇ خەپ-خەپ.

## ...ياخشىكەن

«بېخىل»دەپ ئاتىدى مېنى بىر دوستۇم،
چۈنكى مەن ئۇنىڭغا بېرەلمىگەچ نەپ.
«ھەق»لىقىڭ ئەزەلدىن يېقىمسا يېغىنىڭ،
كەينىڭدىن قارغىشىپ تىللايدىغان گەپ.
ئەسلىدىم بىر مۇ-بىر بوۋام سۆزىنى،
«مولىغا كېيىشكە مەسە ياخشىكەن».
دوستلىرىڭ بولسىمۇ، ئۆزگە بولسىمۇ،
«ھەممىگە ‹مانا›دەپ بەرسە ياخشىكەن».

# ئىككى يۇرت ئىشقى

### تۆمۈر ئېزىز

ئاتا مېھرى، ئانا مېھرى بىلىمنىڭ مېھرىگە يەتمەس،
بىلىم سۆيگەن ئوغۇل ھەرگىز ئۇنى دىلدىن تەرك ئەتمەس.
بىلىم تەشناسىدا كەلدىم بېسىپ مىڭلى يىراق يولنى،
گۈزەل يۇرتۇم قۇمۇل تۇتتى ماڭا يوللۇق قىلىپ گۈلنى.
ئۇزاتقاندا مېنى شانلىق سەپەرگە بارچە يۇرت ئەھلى،
ئىدى ھەر ياق چېچەكلەرگە كۆمۈلگەن نەۋ باھار پەسلى.
دېدى: دوستى— يارانلار شاد، خوتەن ئەسلى بىلىم كانى،
يېزىلغاندۇر قەدىم تارىخ بېتىگە ھۆرمىتى - شانى.
يېپەك، ئەتلەس بىلەن قوشقان جاھانغا شانۇ- شەۋكەتنى،
كۆرەرسەن ئۇندا ھەر ئىنسان دىلىدىن ياخشى خىسلەتنى.
يۇرۇڭقاش بويىدىن ھەر تاڭ ناۋا- ناخشا جاراڭلايدۇ،
بولۇپ مەپتۇن ئاڭا بۇلبۇل تېرۇپ ھۆرمەتتە ئاڭلايدۇ.
چۆمۈلگەن قاشتېشى چىققان سۈيى زۇمرەت يۇرۇڭقاشقا،
سالام ئېيتقىن قۇمۇللۇقتىن قولى گۈلدار قەلەمقاشقا.
بۇ سۆزلەرنى تىڭشاپ دىلغا قولۇم كۆكسۈمدە مەن كەلدىم،
كۆلۈپ ئارزۇ يېغىمغا ھەر سەھەردە گۈل چېچەك تەردىم.
قۇچاق ئاچتى ماڭا ئىللىق بۇ يۇرتنىڭ خەلقى مەردانى،
كۆرۈندى ئۆز ئۆيۈم ئوخشاش ئەجەپ ئىسسىق بىلىم كانى.
ئېلىپ كۆپلەپ بىلىم، دوستى- يارانى قىلدىمەن رازى،
ئەگەر كەلسەم جاپاغا دۇچ بوشاشماي بىر ئۆمۈر زادى.
ئۈزۈلمەيدۇ خوتەنگە چىڭ چىگىلگەن چىن كۆڭۈل رىشتەم،
نە ئارمان قالسا ئىز بۇندا، قۇمۇلغا مەن يېنىپ كەتسەم؟!...

# غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن

ئىمىن ئەمرۇللا (تاجىك)

## غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن

«ئىگىگە» دەپ ئاجرىدىم ئانا تېنىمدىن،
جاي بەردىڭ ئانا يەر ئىللىق قوينىڭدىن.
ئارزۇلۇق ئوغلۇم دەپ ئەركە ئۆستۈردۈڭ،
تۇمارقىپ ئاجراتماي ھامان بوينىڭدىن.
سەن شۇنچە مېھرىبان ئانىجان ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

كۆچ بەردى تېنىمگە ھالال تۇزۇ، نېنىڭ،
ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك سايرىدى ئېلىم.
ھۆسنىڭدىن گۈزەللىك ئورناتتىڭ ماڭا،
نۇر بەردىڭ جىسمىمغا نۇرلاندى دىلىم.
ھاياتىم مەنبەئى ئانىجان ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

قوينۇڭدا يېتىلدىم نەۋقىران بولۇپ،
كۆپەيدى ھاياتقا ئۈمىد-ئىستىكىم.
پارلىدى ئالدىمدا ئىقبالىم تېڭى،
كۈنسايىن ئاشتى ھەم ئەقىل-ئىدرىكىم.
سەن ئەقلىم بۇلىقى ئانىجان ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

جاي ئالدى بەستىمدىن ئالەمچە قۇۋۋەت،
قەددىمدىن نامايەن تاغ كەبى قامەت.
قوينۇڭدا ۋەتىنىم غەمدىن يىراقمەن،
يار ھەمدەم ئۆمرۈمگە بەخت-سائادەت.
قۇدرىتىم، سائادەت بۆشۈكۈم ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

ياشىدىم ھاياتتا ئۈمىدۋار بولۇپ،
ئەڭ ئۇلۇغ غايىنى قەلبىمگە پۈكۈپ.
مېھنەتتىن ئېرىشتىم شەرەپ-شانلارغا،
ئىزدەندىم مۈشكۈللەر تەكتىگە چۆكۈپ.
سەن بولدۇڭ ھەر دائىم مەدەتكار ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

ياشىدىم ئىزدىنىش يولىدا ھارماي،
شۇ يولدا ئاشتىم ھەم قانچىلاپ داۋان.
قانائەت تورىنى تاشلىدىم بۆسۈپ،
ئەڭ يۈكسەك چوققىغا ئىنتىلدىم ھامان.
ئىزاتتىڭ شان تىلەپ يولۇمغا ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

ياشايمەن ۋەتىنىم قوينۇڭدا يەنە،
مۈشكۈللەر تەكتىدىن بەختىمنى تېپىپ.
(قەرزدارمەن) قەرزىمنى قىلىمەن ئادا،
ئەجرىمدىن ئۈستۈڭگە گۈل-كەشتە يېپىپ.
بارلىقىم سەن ئۈچۈن تەسەددۇق ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

«ئىگىگە» دەپ ئاجرىدىم ئانا تېنىدىن،
جاي بەردىڭ ئانا يەر ئىللىق قوينۇڭدىن.
كۆز يۇمۇپ تۇپرىقىڭ قوينىغا كىرسەم،
ئۈندىمۇ ياتىمەن چۈشمەي بوينۇڭدىن.
قۇچىقىڭ ئاسايىش بۆشۈكۈم ۋەتەن،
غۇرۇرۇم، شەۋكىتىم، ئىپتىخارىم سەن.

# ئىتتىپاقلىق

ئىتتىپاقلىق، بۇ سۆز بەك ئۇلۇغ،
ئۇندا چوڭقۇر مەنا مۇجەسسەم.
ئىتتىپاقلىق جەڭگىۋار شېئىر،
ھەم ئەل قىلغان خىتاب ۋە قەسەم.
ئىتتىپاقلىق — قەلب كۈيىمىز،
كۈلەر ئۇندىن قەلب - دىلىمىز.

ئىتتىپاقلىق ماگنىت گويا،
قەلبلەرنى تارتىپ تۇرغۇچى.
ئىتتىپاقلىق مۇستەھكەم بېتون،
بىنالارنىڭ ھۇلىن قۇرغۇچى.
ئىتتىپاقلىق بىر نۇرلۇق چىراق،
يورار ئۇندا يېقىن ۋە يىراق.

بۇ زېمىندا بىز بارچە مىللەت،
ئەزەلدىنلا ئۆتۈشكەن ئىناق.
چىڭ چىگىلگەن دىل رىشتىمىزنى،
سىنىغان كۆپ تارىخىي سىناق.
سىناقلاردىن ئۆتكەن بىز يەنە،
دوستلۇق قىلىپ دىلدا تەنتەنە.

ئايرىلماس تاغلار، دەريالار،
مۇساپىمىز يىراق، بەك يىراق.
شۇ تاغ، دەريا ئۇزۇن مۇساپە،
تۇتاشلىغان دوستلۇقنى بىراق.
ئۆتۈشكەن بىز ئىزدىشىپ دائىم،
ئالاقىلىشىپ سىردىشىپ دائىم.

كەلگىنىدە جاڭچيەن شەرقتىن،
باغرىمىزغا بېسىپ ئالغان بىز.
يولۇپ پامىر ئوغلىغا مەھبۇب،
ئۆمۈر سۈرگەن ئۇندا خەنزۇ قىز.①
شۇنداق ئوچۇق ئىدى يولىمىز،
ھەم چاچاتتى دوستلۇق گۈلىمىز.

ئېلىپ بۇندىن دوستلۇق سالىمى،
بارغان چاڭئەنگە سۇجۇپ ② نەغمىسى.
دۇكاڭ③ ئەيلىگەچ دىللارنى مەستخۇش،
ئىزدىغان خوپ گاۋچاڭ④ بەزمىسى.
ئالماشتۇردۇق تېخنىكا- ھۈنەر،
ھەمكارلىقتىن ئاپتۇق شان- زەپەر.

بولۇۋاتقاندا جۇڭيۈەندە⑤ ئۇرۇش،
بېيجياڭدىمۇ⑥ قىلدۇق ئىنقىلاب،⑦
ياقتى زۇلۇم تەختىگە گۈلخان،
پامىردىمۇ ۋولقان پارتلاپ⑧.
تىك ئوت ئاچتۇق زۇلۇم تەختىگە،
تەڭ ئىنتىلدۇق ئىنسان بەختىگە.

بىر ياقىدىن چىقارغاچ بىز باش،
تاپتى زاۋال تاشقى دۈشمەنلەر.
تاپتى زاۋال ئىچكى زۇلۇممۇ،
يۇراق چاچتى ياشناپ گۈلشەنلەر.
شۇڭا دەيمىز ئىتتىپاقلىق — كۈچ،
يېڭەر ئۇ ھەر توسقۇن كەلسە دۇچ.

---

① ئاتاقلىق ساياھەتچى ۋە راھىب شۋەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە، بىر خەنزۇ مەلىكىنىڭ تاجىكلارغا ياتلىق قىلىنىپ پامىرغا بارغانلىقى يېزىلغان.
② سۇجۇپ — مىلادى 6- ئەسىردە ئۆتكەن كۇچارلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتى ۋە مۇزىكا نەزەرىيەچىسى:
③ دۇكاڭ — غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق شاراب.
④ گاۋچاڭ — ئىدىقۇت.
⑤ جۇڭيۈەن — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك. ⑥ بېيجياڭ — شىمالىي شىنجاڭ.
⑦ ۋە ⑧ لەردە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋە «تاشقورغان ئىنقىلابى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ زېمىندا بارچە مىللەت-بىز،
ئۆتتۈشكەنتۇق شۇنداق ئوم-ئىناق.
تەقدىرىمىز، ئىقبال غايىمىز،
ئەقىدىمىز ھەم ئىدى ئورتاق.
ئورتاق قىلىقتا تاپتۇق كۈچ-قۇۋۋەت،
زەپەر قۇچۇپ كۆردۇق سائادەت.

چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا دىلدىن،
بۇ دوستلۇققا بولغان ئەقىدە.
ئۆتەر كۈنلەر تەڭلىكتە خۇشال،
ياڭرار ئاڭا داستان قەسىدە.
كۈلسۇن زېمىن دوستلۇق گۈلىدىن،
ئۆرلەيلى بىز دوستلۇق يولىدىن.

## بىر يۈكسەك چوققىنى كۆزلەپ ماڭىمەن

بىر يۈكسەك چوققىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئۇلۇغۋار ئىستەكنى قەلبىمگە تېڭىپ.
ئىرادەم مۇستەھكەم، شىجائىتىم زور،
دۆچ كەلسە دولقۇنلار بارىمەن يېڭىپ.
بىر يۈكسەك چوققىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
دۆچ كەلسە دولقۇنلار تۈزلەپ ماڭىمەن.

ماڭىمەن تۈندىمۇ توختىماي ھەتتا
يورىتار يولۇمنى ئۈمىد چىرىغى.
يولسىمۇ داۋانلار يولۇمدا سانسىز.
ئۈندەيدۇ يۈكسەككە مەنزىلىم ئىشقى.
بىر يۈكسەك چوققىنى كۆزلەپ ماڭىمەن.
ئىرادە، ۋەدەمنى سۆزلەپ ماڭىمەن.

بولغاچقا مېھرىبان خەلقىم يار-يۆلەك،
جىسمىمدا غەيرىتىم ئاشار ھەردەقىق،
يەلكەمدە ئارمانىنىڭ بۈيۈك تاغلىرى،
ماڭغانچە ئىقبالىم كۆرۈنەر ئېنىق.
بىر يۈكسەك چوققىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ھەردەقىق پەللىگە ئۆرلەپ ماڭىمەن.

## سوغۇققۇمدىكى باھار

### دولقۇنجان تۇرسۇننىياز

تەكلىماكان — تەكتى ماكان، بىزنىڭ ماكان،
قۇملۇق چۆلنىڭ بېغرىدە مەلھەمىز بار.
ئەتراپىدا قەدكېرىگەن يېشىل سېپىل،
ئالدىدا سۇپسۈزۈك ئاققان سۇلىرى بار.

تەكلىماكان سەن توغرۇلۇق نەزمە تۈزۈپ،
تەرىپىڭنى كۆي قېتىمىشقا ھەققىم بارغۇ.
ئاقلىمىسام سېنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭنى،
بەرگەن تۈزۈڭ ھارام بولسۇن، كۆزۈم قارغۇ.

«سىرلىق ماكان»، دەيتتۇق بۇرۇن، مانا بۈگۈن،
سىرلىرىڭنى ئاچتى خەلقىم غەيرەت قىلىپ.
گاڭ بىلەكلەر قۇچىقىڭغا سۇ باشلىدى،
چاڭقاقلىقىڭ پۈتتى ئەمدى سۇغا قېنىپ.

«ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار» دېگەن،
كونىلاردىن قېپقالغان بىر ھەق سۆز غۇ بۇ.
خامانلاردا تاغقا تەڭداش كۆرۈنگىنى،
قۇم بولماستىن بەلكى دېھقان ساپ تەرى ئۇ.

تەكلىپىم شۇ: ئەي رەسساملار، مۇزىكانتلار،
بۈكەمدىكى سوغۇققۇمغا تىكىڭلار كۆز.
«شامال ئاغزى»، «بوران يۇرتى» ئاشۇ جايغا،
كۆچكەن يېڭى باھار بۈگۈن چاقنىتار كۆز.

## ئەمگەك شېئىر

### ئېزىز بارات

مەن «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» ناملىق بۇ ئەدەبىي توپلامنىڭ كوررېكتۇرلۇقىنى قىلىۋېتىپ، ياش بۇغۇنلارنىڭ مول ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن سۆيۈندۈم. قەلبىم ئىلھامغا تولدى. مەن سابىق خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئانا مەكتىپىم ئاساسىغا قۇرۇلغان بۈگۈنكى ئالىي بىلىم يۇرتىدىكــى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم...

### ئۈمىد ياشنىتار يۇرتنى — ئادەمنى

«ئۈمىد يۇلتۇزى» چاقنىدى كۆكتە،
ئانا دىيارغا قىسىپ كۆزىنى.
پەرزەنتلىرىنىڭ ئەجرىدىن كۈلۈپ،
ئىپتىخار ئىلكىدە كۆردى ئۆزىنى.
ئانا نىچۈن كۈلمىسۇن بۈگۈن،
تۆھپىكار ئوغۇللار تۇرسا ئالدىدا.

ماكىلاي تەرىدىن ئىزىپ ئۈنچىلەر،
«ئۈمىد يۇلتۇزى» كەلسە ئالدىغا.
ئۈمىد ياشنىتار يۇرتنى — ئادەمنى،
ئۈمىدتە كېچە بولۇر كۈندۈزى...
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېرەر خەلققە —
ئانا مەكتەپنىڭ «ئۈمىد يۇلتۇزى»...

### ئانا مەكتىپىمنى سېغىنىپ...

ئانام مېھرىدەك قەلبىم تۆرىدە،
ئانا مەكتەپنىڭ ئاتەش مېھرى بار.
سېغىنىپ ئۇنى قىلسام زىيارەت،
مەرھۇم ئانامنىڭ ئوماق چېھرى يار...
تۇرۇپ ئۆزەمگە قويىمەن سوئال:
نىچۈن بۇ قەلبىم ئاڭا مەھلىيا؟
ئۆتتى ئايرىلىپ نەچچە ئون باھار،
دەيدۇ ھېلىمۇ «كېلىنىڭ مەرھابا»
ئانا مېھرىگە قانمىغان ۋۇجۇد،
ئانا مەكتەپكە ئۆزىنى ئاتار.

يۈرەك سۆزىنى ئىزىپ قۇرلارغا،
ئۇنىڭ شەنىگە قوشاقلار قاتار.
ئېسىمدە بارمۇ ئەزىز ئىسمىڭ،
يولۇڭدا ئۆزىنى تىككەن پىداكار؟
قولۇمدا شۇتاپ «ئۈمىد يۇلتۇزى»
يۇرتۇم ئەھلىگە بولدۇڭ نىجاتكار.
چۈنكى سېنىڭدە دەۋرىم ئۈمىدى،
سەندە يېتىلەر نۇرغۇن ئىجاتكار.
نادانلىق دېگەن يۇيۇلغاندىلا،
بۇ ئانا دىيار بولۇر تۆھپىكار...

### ئاھ، بىچارە دادا

### جېلىل مىرئەمەت

(مىكرو ھېكايە)

ئايىمىز كېچە،

دادام بۈگۈن يەنە ئىككى تا... ...ئىلگىرى بېسىلغان ئىشەك ھارۋىسى بىلەن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ... ...ىلاڭغىلىقى دادامنى ئۆز قويـ ـنىغا ئالماقتا، يۇتىل...
ئاھ، بىچارە دادا، ... ...ئاڭغىسىدا قالماس ئىكەن-دە!